# يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
# قىسقىچە تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
# قىسقىچە تارىخى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: نىياز كېرىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت

يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 8.625 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1993 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 2,000
ISBN7—228—02649—7/K·275
باھاسى: 4.45 يۈەن

## كىرىش سۆز

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى ئورتاق بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار دۆلىتىمىزدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋەتىنىمىز تارىخىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئۇيغۇرلار — ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى، قەدىمدىن تارتىپ ئەمگەكچان، باتۇر ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئالغا بېسىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرىسىنى قوغداشتا ۋە گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شىنجاڭدا ئۈچ يەرلىك ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتى، تۇرپان ھاكىمىيىتى، شىمالدا جۇڭغارىيە خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەنىدى.

مىڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە جىددىي ئويلىنىۋاتقان مەزگىلدە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە

شىمالىدىكى كەڭ رايونلاردا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ھىجرىيە 919 - يىلى (مىلادى 1513 — 1514 - يىللىرى)، سەئىدخان قەشقەردە ئازغىنە كەم يېرىم ئەسىر داۋام قىلغان مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەكەن - سەئىدىيە خانلىقىنى قۇردى. تارىخچىلار بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتىدى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئېلىنىدى)، سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا جەمئىي 166 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

سەئىدىيە خانلىقى — تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى (يەكەننى مەركەز قىلغان)نى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىسسىق كۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان ۋە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ۋاھان رايونى، كەشمىر ۋە تىبەتنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئالدى.

سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيەت ئورناتقان دەسلەپكى چاغلاردا تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى.

تارىختا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى ئۇزۇن يىللار بويى داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانىدى. خەلق ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىيالمايدىغان بالايىئاپەتلىك ئاقىۋەتكە يۈزلىنىپ، خارابلىشىش، كۆچۈپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشتەك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندى. سەئىدىيە خانلىقى خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن مۇشۇنداق رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا «خەلقتىن ئېلىنىدىغان باج-

سېلىقنى ئون يىل كەچۈرۈم قىلىش»، ۋەيران قىلىنغان قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا «ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇش، سەرگەردان ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەڭ يۈكسەلدۈرۈش» تەدبىرىنى يولغا قويدى.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاساسىدا يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - تىجارەت تەرەققىي قىلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلىنىپ، ئەسلىدە بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان چوڭراق شەھەرلەردىن باشقا، يەنە نۇرغۇن يېڭى شەھەرلەر ۋە بازارلار بارلىققا كەلدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مىڭ سۇلالىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى كۈچەيدى.

سەئىدىيە خاندانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە «تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ‹ئىنانچىلىق› ياكى ‹يۇرتلار› ئات، قاشتېشى قاتارلىق نەرسىلەرنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، تەتىللا، گۈللۈك تاۋار، چىنە - قاچا قاتارلىق نەرسىلەرگە تېگىشىپ تۇراتتى.» ھەتتا، «جايلار نۇرغۇن كىچىك ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن چاغلاردىمۇ، بەزى كىچىك ھاكىمىيەتلەر مىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى.» خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 1403- يىلى (يۇڭلې تۇنجى يىلى) دىن ئېتىبارەن، «بېشبالىق مىڭ سۇلالىسى بىلەن ھەر يىلى ئات، قاشتېشى سودىسى قىلىپ، تەتىللا، گۈللۈك تاۋار، ئەگمەچ پىچاق، قۇياق - ساۋۇتقا تېگىشىپ كەلگەنىدى.» «خوتەننىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىسى 1573—1620 -يىللىرىغىچە (مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرىغىچە)

ئۈزۈلمىگەنىدى.» ①

سەئىدىيە خانلىقى ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى فېئوداللىق ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتتى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا، قەدىمدىن بېرى تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر بىلەن بۇ رايونغا يېقىندىن كىرگەن مىللەتلەر ئۇزاق ۋاقىت بىرگە ياشاش نەتىجىسىدە ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشتى. بۇنىڭ بىلەن تارىختا « چاغاتاي» ئەۋلادى دېيىلىپ كەلگەن موغۇللارمۇ ئاستا - ئاستا ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كەتتى. بىر مۇنچە موغۇل ئۇلۇسلىرى بۇرۇنقى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەن تۇرمۇشتىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىگە ئۆزگەردى.

ئۇلار غەربىي يۇرتنى گۈللەندۈرۈشتە ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ئىجابىي روللارنى ئوينىدى. تىنچ بىرلىككە كەلگەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ، بۇ جاينى گۈللەندۈرۈشكە زور تۆھپە قوشتى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان يەكەندە «سەئىدىيە مەدرىسى»، «رەشىدىيە مەدرىسى»، «يېشىل مەدرىسە»، «مەدرىس ئىسقىلمات»، « جاھان مەدرىسى»، «خانلىق مەدرىس»، «ساقىيە مەدرىسى»، «ۋەلىيە مەدرىسى»

①«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى 294 -، 295-، 296 - بەتلەر.

قاتارلىق نۇرغۇن مەدرىسلەر قۇرۇلدى، بۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئىلىم دۇنياسىغا قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان قاراخانىيلار مەدەنىيىتىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى يېرىم ئەسىر كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئەھمەت يۈكنەكىگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆتكەن بولسا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى ئىجادىي تۈردە قوبۇل قىلىندى ۋە ئۇلىغا ۋارىسلىق قىلىندى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە نۇرغۇن ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقى مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلار تارىخىدا يەنە بىر قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان بىر قاتار بىباھا قىممەتلىك مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى جۇڭخۇا ئىلمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئالدى. شۇنداقلا جاھان مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ تېگىشلىك ئورۇن ئالدى.

بۇ بىرقەدەر مۇقىم، تىنىچ شارائىتتا جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى ۋە مەدەنىيىتىدە يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەر سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرگەن، زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردىن ئىدى. مەسىلەن، مىرزا ھەيدەر كوراگانى ۋە مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى پۈتكۈل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي دەۋرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، يېگانە بىرىنچى قول ئەسەرلەردۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ

ئەسەرلەر ئۇ زامانىنىڭ سىياسىي ئىلمىي سەھنىسىدە زور رول ئوينىغان سىياسىي ئەرباب ۋە تارىخشۇناس ھەم شائىرلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلەر ئىلمىي ساھەدىكى بولۇپمۇ خەلقئارادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئىلمىي خادىملارنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى. ياۋروپا شەرقشۇناسلىرى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا بۇ ئەسەرلەردىن پايدىلىنىشتى. ئۇلار ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ھەققىدە بىلمىگەن ۋە ئاتلاپ كەتكەن ئورۇنلارنى مۇشۇ ئەسەرلەر ئارقىلىق روشەنلەشتۈرۈپ بوشلۇقلارنى تولدۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سەئىدىيە خانلىقى مەدەنىيىتىدە بارلىققا كەلگەن بۇ ئەسەرلەر ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ قىبلىنامىسى، بىرپۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىدىكى مەشھۇر نامايەندە دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرلار تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا، يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلىتىمىزدىكى نۇرغۇن تارىخشۇناسلار سەئىدىيە خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى قولغا ئالدى.

مەن خېلى يىللاردىن بېرى سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ھەر خىل ئەسەرلەر، قەدىمكى قوليازمىلار ۋە ۋەسىقە ـ ھۆججەتلەرنى توپلاپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئاساسىدا بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەنىدىم، ھازىر يېزىلىپ پۈتتى. بۇ ئەسەر پۈتكۈل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە كەملىك قىلىشى مۇمكىن، ھەتتا ئەسەردە كەمچىل، خاتالىقلارمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەمگىكىمنىڭ تارىخ تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشىغا ئاز ـ تولا پايدىسى تېگەر دەپ قارايمەن. كىتابخانلارنىڭ بۇ ئەسەرنى تولۇقلاشقا قارىتا پايدىلىق تەنقىد ـ تەكلىپلىرىنى بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...... 1

بىرىنچى باب يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىدىن ئىلگىرىكى قەشقەر، يەكەن ...... 1

1 ـ بۆلۈم خۇراسان سوقۇشلىرى ...... 6

2 ـ بۆلۈم يۇنۇسخان ...... 14

3 ـ بۆلۈم مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەشقەر ـ يەكەندىكى ھۆكۈمرانلىقى ...... 40

4 ـ بۆلۈم شەيبانىخان ۋە موغۇل خانلىرى ...... 50

5 ـ بۆلۈم شەيبانىخانىنىڭ شاھ ئىسمايىل بىلەن مەرۋىنىڭ يېنىدا بولغان جەڭدە پۈتۈنلەي يوقىتىلىشى ...... 59

6 ـ بۆلۈم غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ...... 65

ئىككىنچى باب سۇلتان سەئىدخان ۋە يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقى ...... 86

1 ـ بۆلۈم سەئىدخانىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ...... 87

2 ـ بۆلۈم سەئىدخانىنىڭ قەشقەر، يەكەننى تارتىۋېلىشى ...... 102

3 ـ بۆلۈم سەئىدخانىنىڭ بىرلىككە كەلگەن يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇشى ...... 114

4 ـ بۆلۈم سۇلتان سەئىدخانىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىرى ...... 142

ئۈچىنچى باب سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقى ...... 163

1 ـ بۆلۈم ئابدۇرېشىتخان ...... 163

2 ـ بۆلۈم ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى ...... 169
3 ـ بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتىنى
مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۈرەشلەر ......... 177
ئالتىنچى باب يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتى ............... 203
1 ـ بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي
ئەھۋالى ........................................ 203
2 ـ بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي
ئەھۋالى ........................................ 211
3 ـ بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى... 222
4 ـ بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى
تەسەۋۋۇپچىلىق ................................ 242
5 ـ بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى... 256
پايدىلىنىلغان كىتابلار .......................... 263

# بىرىنچى باب

## يەكەن - سەئىدىيە خانلىقىدىن ئىلگىرىكى قەشقەر، يەكەن

قەشقەر ئۇزۇن تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە قەدىمىي شەھەر. ئىرانلىق تارىخچى راشىددىن تەرىپىدىن يېزىلغان «جامىئۇت تەۋارىخ» دېگەن ئەسەردە: «قەشقەر ئەڭ قەدىمىي مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى. قەدىمىي زامانلاردا قەشقەرنىڭ سۇلتان ـ خاقانلىرى ئافراسىياپ — تۈرك نەسلىدىن ئىدى. موغۇللار ئافراسىياپنى خاقان نامى بىلەن ئاتىغان» دېيىلگەن ①. «قەشقەر ئوردا كەنت» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»②. قەشقەر ناھايىتى قەدىمىي شەھەر. ئۇ غەربىي خەن زامانىدىلا «سۇلى دۆلىتى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادى 581 — 618 - يىللىرى) شەھەر-

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قوليازما.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 173 - بەت.

نىڭ سېپىلى «بەش چاقىرىم بولۇپ، ناھايىتى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدى»①. «جامگېتى نەما» (ئالەمنى كۆرسەتكۈچى جام) دېگەن كىتابتا قەشقەر ئۇيغۇرلارنىڭ «چوڭ شەھەرلىرىنىڭ بىرى ئىدى» دېيىلگەن. ئەپسۇسكى، مول مەدەنىيەت ۋە قىممەتلىك قەدىمكى مىراسلاردىن كېيىنكى زامانلارغىچە بۇ جايدا ئىز قالغانلىرى ئاز، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قەشقەردىن قەدىمدىن بېرى «يىپەك يولى» ئارقىلىق ھەممە جايلارغا ئېلىپ بارىدىغان ماللارنىڭ بىرى «قاما - كەمچەت» ئىدى. بۇ ھازىر قەشقەردە تېپىلمايدۇ. قەشقەرنىڭ «بۇرۇنقى زامانلاردىكى ئاۋاتلىقى ئەنە شۇنداق ئىدى.»②

قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. قەشقەر پۈتكۈل قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي مەركىزىلا ئەمەس، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئالاقە تۈگۈنى، غەربىي يۇرت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان ئىدى ③.

قەشقەرنىڭ غەربىي - جەنۇبى ۋە شىمالىي تەرىپى تاغلار بىلەن ئورالغان، غەربتىن شەرققە ئاقىدىغان دەريالىرى كۆپ، قەشقەر بۇ تاغلارنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. قەدىمدىن بۇيان، بۇ جاي ئۆزىنىڭ ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى بىلەن تارىختا ئۆتكەن خانلىقلارنىڭ پايتەختى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر قەشقەرنى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەركىزى قىلغان. شۇڭا، بۇ جايدا مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ۋە ھەرخىل مەشھۇر زاتلارنىڭ

---

① «سۇينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».
② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قوليازما.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 - توم، 4 - بەت.

قەبرىگاھلىرى ئارىختىن بىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان، يۇسۇپ قىدىرخان، مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ۋە ھۆسەيىن پەيزۇللا خوجا، شەيخ ھەمەدانى، شەيخ ھەبىب قاتارلىقلارنىڭ قەبرىگاھلىرى قەشقەردە.

قەدىمي قەشقەر قەلئەسى تۈمەن دەرياسى ئارىسىغا سېلىنغان. كېيىنكى چاغلاردىكى مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە كونا قەلئە ۋەيران قىلىنغانىدى.

قەشقەردىيارىدا قەدىمكى ئۆستەڭلەردىن قاراتازغۇن (قەشقەر خەلق تىلىدا ئازغۇن) ئۆستىڭى بولۇپ، بۇ قەلئەنىڭ بىرپەرسەخ (بىر پەرسەخ تەخمىنەن يەتتە كىلومېترغا تەڭ) جەنۇبىدىن ئۆتىدىغان دەريا نامى، قەشقەرنىڭ كۆپ جايلىرى بۇ دەريا سۈيى بىلەن سۇغىرىلاتتى. بۇ دەرياغا ئۈچ پەرسەخ كېلىدىغان يەردە كۆسەن (تازغۇن) دېيىلىدىغان بىر دەريا جايلاشقان بولۇپ، يېڭىسار ناھىيىسى بۇ سۇنىڭ بويىغا جايلاشقان، يېڭىساردىن تەخمىنەن ئۈچ پەرسەخ شەرق تەرىپىدە «قارا خىتاي» دەپ ئاتالغان بىر قىشلاق بولۇپ، شاناز سۈيى مۇشۇ قىشلاقنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ.

شاناز غەربىي تاغدىكى بىر يۇرت بولۇپ، قەشقەردىن بەدەخشانغا بارىدىغان يول مۇشۇ يۇرت ئارقىلىق ئۆتەتتى. «قارا چاناق»، ماكشىن دېگەن جايلاردا كارۋانلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان لەڭگەرلەر سېلىنغان، يەنە شۇ جايدا «خۇش كەنت» دېگەن بىر لەڭگەر بولۇپ، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل ئىدى.

يەنە بىرى قىزىل دەرياسى ئىدى. بۇ دەريا شەھەر ئەتراپىدىكى قىشلاقلارنى سۇغىراتتى. قەشقەر ئەتراپىدا باغۋەنچىلىك يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر ئۆستۈرۈلەتتى. ئۆرۈك، شاپتۇل، نەش-

پۈت، ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، ئالما، ياڭاق، بېھى، جىنەستە،
پىستى – بادام، تاۋۇز، قوغۇنلىرى داڭلىق بولۇپ، بۇرۇنقى
زامانلاردا قەشقەرلىكلەردە مېۋە سېتىش ئادىتى يوق ئىدى.
«كىشىلەر باغلارغا كىرىپ ئۆزلىرى خالىغانچە يەپ چىقاتتى،
سېتىش ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، باغۋەنلەر مېۋىلەرنى ئۈزۈپ
باشقىلارغا بېرەتتى»①.

يەكەن قەدىمكى شەھەر بولۇپ، ئۇزۇن يىللىق تارىخ-
قا ئىگە. راشىددىننىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ۋە مۇھەممەد
خاۋەندى شاھنىڭ «زوبىنوتىل ئەخبار» («خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ
ياخشىسى») قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە،
«يەكەن ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ،
بىرى زەرەپشان، يەنە بىرى تىزناپ دەرياسى دەپ ئاتىلاتتى.
بۇ رايوندا شۇ دەۋرلەردە ئىككى شەھەر بولۇپ، بىرى مو-
دىنچ، يەنە بىرى تىزناپ دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەرلەردە «قوچىن»
لار ياشايتتى». «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەردە كۆرس-
تىلىشىچە خوتەن، قەشقەر، يەكەن رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر
تۆت سىنىپقا بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭ بىرى «تومەن» دەپ ئات-
لاتتى. بۇ «دېھقان» دېگەنلىك بولاتتى. دېھقانلار سىنىپى
خانغا بېقىندى بولۇپ، ھەر يىلى خانغا باج – خىراج
تۆلەيتتى. يەنە بىرى «قوچىن» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «چېرىك»
دېگەنلىك بولاتتى. چېرىكلەر دوغلات جەمەتىگە بېقىندى
ئىدى. «ئۈچىنچى ئايماق» دەپ ئاتالغان يەنە بىر سىنىپ بار
ئىدى. بۇلار تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ سىنىپقا مەنسۇپ
بولغان ئادەملەر خانلىققا مەلۇم مىقداردا دان، توقۇلما مال
قاتارلىقلارنى ئىجارە ئورنىدا تۆلەيتتى. لېكىن بۇلار دوغلات
ئائىلىسىگە بېقىندى ئىدى. تۆتىنچى سىنىپتىكىلەر قازى ۋە دىنىي

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قوليازما.

كەسىپتىكىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دوغلات ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى.

يەكەن قەدىمىي شەھەر بولغانلىقتىن، ئۇ يەردە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەن ۋە سودا - سېتىق راۋاجلانغانىدى.

قەدىمكى زاماندا خەن سۇلالىسى بىلەن رىم ئوتتۇرىسىدىكى «يىپەك يولى» قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن ئۆتكەنلىكتىن، بۇ جايلاردا سودا خېلى راۋاجلانغانىدى. يەكەن، قەشقەردە بازارلار بەكمۇ ئاۋات بولۇپ، مال ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولغان بازارلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن، تاۋار ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانىدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگانى «تارىخى رەشىدى» دە يەكەن توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن داۋاخان ناملىق بىر پادىشاھنىڭ مازىرىنى ئۇچراتتىم. بىر قېتىم خوجا خاۋەندى مەخدۇم بىلەن مازاردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ مازارغا نەزەر سالدۇق. مازارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالىي گۈزەل ئىمارەتلەر بولۇپ، گۈللۈك خەت بىلەن زىننەتلەنگەن، ئىمارەت چۆرىسىدىكى تامغا خەتلەر يېزىلغان، خەتلەرنى ئوقۇشقا تىرىشتىم، تونۇلغان خەتتىن قارىغاندا، خەتتى كۇفىمۇ ئەمەس، سولۇس خەت شەكلىمۇ ئەمەستەك قىلىدى، ئوقۇغىلى بولمىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر گۈمبەز بولۇپ، گۈمبەزنىڭ پەشتاقلىرى گۈزەل ئىشلەنگەن. پەشتاقتا تۈركىي خەت يېزىلغان. كۆپ يەرلىرى ۋەيران بولغان. پەقەت 656 - ھىجرىيە (مىلادى 1257 — 1258 - يىللىرى) دەپ يېزىلغان خەت قېلىپ قالغان، باشقا جايلىرى ۋەيران بولغان، ئوقۇغىلى بولمايدۇ».
بۇ يەردىكىلەر «تارىختا ئۆتكەن بۇ كىشىنى ياخشى خىسلەت بىلەن ئىززەتلىگەنلىكتىن، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن (بۇ يەر)

مازارغا ئايلانغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.» ① تارىخىي مەنبەلەر-دىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يەكەن قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا خان ـ پادىشاھلارنىڭ پايتەختى بولغان. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بىلەن بۇ شەھەرلەر كۈندىن ـ كۈنگە خارابىلاشقانىدى.

## 1 ـ بۆلۈم خۇراسان سوقۇشلىرى

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شەيبانىخان (سۇلتان مۇھەممەد شەيبانىخان) ② ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرىيلەر سۇلا-لىسىنىڭ پايتەختى سەمەر قەندنى ئىشغال قىلدى. شەيبانىخان موغۇل خانلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا يۈتۈن ھەربىي كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى دۈشمەنلىرىگە قارشى كەڭ ـ كۆلەمدىكى ھەربىي يۈرۈشنى پىلانلىدى.

بۇ ۋاقىتتا ھىسار، قۇندۇز، خىتلان، بەدەخشانلار خۇسراۋ شاھنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى جايلار بولۇپ، خۇسراۋ شاھ بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزا ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى-لەر مۇستەقىللىق تالىشىپ ئۆز ئارا ئىچكى نىزالارنى چىقىرىشىۋاتقانىدى.

ھىراتتىكى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزا ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىگەن شەيبانىخان ئۇنىڭغا توغرىدىن ـ توغرا دۈشمەنلىك قولىنى سوزۇشتىن بۇرۇن، سۇلتان ھۈسەيىن مىرزىنى ئىچكى قىسمىدىن پارچىلاش،

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

② ئۆزبېك خانى (1453 — 1511)، بەزى مەنبەلەردە «شاھى بەگخان» مۇ دېيىلىدۇ.

ئۆلارنىڭ ئىزالىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىش ئۈچۈن، بەلخنى ئىشغال قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە بەلختە شاھزادە بەددىئۈز زامان (سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزىنىڭ ئوغلى) سولتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى.

خۇسىراۋ شاھقا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىغا ھىسار، خىتلان، قۇندۇز، بەدەخشان قاتارلىق جايلار قارايتتى.

شەيبانىخان ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ھىراتتىكى قۇدرەتلىك سۇلتان ھۇسىيىن بايقارا مىرزا بىلەن تۇتۇشۇشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تەھدىت سېلىۋاتقان بابۇر شاھنىڭ كۈچىگە قارشى تۇردى ۋە ئاساسلىق كۈچىنى بابۇردىن ئىنتىقام ئېلىشقا قاراتتى، ئۇ ئۆز ئىنىسى سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئوغلى تۆمۈر سۇلتانىلارنى ئەڭ قەھرىمان ئۆزبېك قوشۇنىغا قوماندان قىلىپ، 6000 ئەسكەر بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇردى. بابۇر قوشۇنلىرى بىلەن ئۆزبېكلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن شىددەتلىك ئۇرۇشتا شەيبانىخانىڭ ئەسكەرلىرى غەلىبە قىلالماي، ئاخىرى سەمەر قەندگە قايتتى. بابۇر موغۇل قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئۇلارنى ئارا تۆپىگە سۈرۈپ باردى. دەل بۇ چاغدا خۇسراۋ شاھ بابۇر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ شەيبانىخانغا قارشى ھەرىكەت قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى شايبەنىخانىڭ قوقەندىكى ناتىبى ئەخمەت تەنبىلگە تەۋە جايلارغىچە بېسىپ كەلدى. ئەخمەت تەنبىل ئۇلارغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

شايبەنىخان بۇ ھالدا پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ سىر دەرياسى بىلەن غۇجى چۆل ئارىسىدىكى جايلارغا ئورۇنلاشقان موغۇل قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى.

ھىجرىيە 911 - يىلى (1504 — 1505)، شايبەنىخان پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم

باشلاپ «موغۇللارنىڭ كۆچىنى مەغلۇپ قىلىپ خانىكە سۇلتان باشلىق ئەسكەرلەرنى ئەسىر ئالدى. شەيبانىخان ئارقا تەرەپتىكى رەقىبلىرى دەپ تونۇغان بۇ كۆچنى مەغلۇپ قىلغان» ① دىن كېيىن، يەنە كۆچىنى تەشكىللەپ، ئامۇ دەريانىڭ سول تەرىپىگە يۈرۈش قىلدى.

بۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت شەيبانىخانغا پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىش ياسىدى. ھىسار، قۇندۇز، خىتلان ھەم بەدەخشان قاتارلىق جايلارنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان خارەزىم شاھى خۇسراۋ بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزا ئوتتۇرىسىدا نىزالار قاتتىق ئەۋج ئالغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئالدىدىكى چوڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن خۇسراۋ شاھ سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتى.

شەيبانىخان ئەڭ ئاۋۋال خۇسراۋ شاھقا قارشى ئۇرۇش باشلىدى ۋە ئەخمەت تەنبەل خانغا قارشى ئۇرۇشنى توختاتتى. شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان مەھمۇد خان قۇندۇزنى ئىشغال قىلىش جېڭىدە ئۆلتۈرۈلدى.

شايبانىخان پۈتۈن ھەربىي كۈچى بىلەن خارەزىم ھاكىمى ئىمىر ھۈسەيىن سوپى (باشقا تارىخىي مەنبەلەردە چىنا سوفى دەپمۇ ئاتالغان) غا قارشى يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئالدىنقى سەپتىكى قوشۇنلارغا شەيبانىخان ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. ئارقا سەپتىكى قوشۇنلارغا شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئوغلى ئابدۇللا سۇلتان قوماندان ئىدى.

ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولغان ۋاقىت قىش پەسلىنىڭ

---

① گېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخود ماۋارا ئۇننەھر تارىخى». بۇخارا خەلق مائارىپ نازارىتى، 1924 - يىلى، موسكۋا ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئەڭ سوغۇق ۋاقتى ئىدى. ئۆزبېك قوشۇنلىرى جەڭدە ئىلگىرى-
لەپ تىمۇر ھۇسەيىن سوپىنىڭ مۇھىم ئەسكىرىي كۈچى بولغان
تۈركمەنلەر سىنىپىنىڭ قارشى تەرىپىگە ئورۇنلاشتى.

ئىمىر ھۇسەيىن سوپى ھەربىي جەھەتتە ئىقتىدارلىق،
قابىلىيەتلىك قوماندان ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى شەيبانىخان
قوشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ باردى.
بۇ ئۇرۇش 11 ئاي داۋام قىلدى. ئاخىر ئىمىر ھۇسەيىن
سوپى خارەزىم قەلئەسىگە چېكىندى. خارەزىم قەلئەسى قورشاۋغا
چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئوزۇق – تۈلۈكتىن قىينالدى. بۇ چاغدا
نۇرغۇن كىشىلەر ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، قالغانلىرى
جەڭ ئىقتىدارىنى يوقاتتى. ئىمىر ھۇسەيىن سوپىنىڭ باشقا
تەرەپلەردىن ياردەم ئېلىش ئۈمىدى يوققا چىقتى. قۇندۇز
شەھىرىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان خۇسراۋ شاھمۇ قاتمۇ قات
قورشاۋدا قالغانلىقتىن، ئاخىر قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ شايبانى-
خانغا ئەسىر چۈشتى. شەيبانىخان، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ
ئىمىر ھۇسەيىن سوپىغا ئەۋەتىپ بەردى. خۇسراۋ شەھنىڭ
25 يىلدىن بېرى توپلىغان خەزىنىلىرى شەيبانىخانغا
ئۆتۈپ قالدى. ①

شەيبانىخان خارەزىم قەلئەسىگە «كىرىش ئۈچۈن،
قورغاننى تەرەپ – تەرەپتىن تېشىپ ۋەيران قىلىۋەتتى.
مۇستەھكەم قەلئە دەپ ھېسابلانغان ‹ئەبىج قەلئەسى› قولدىن
كەتتى. شەيبانىخان شەھەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن ئىمىر
ھۇسەيىن سوپىنى ئەڭ ۋەھشىي ھالدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى». ②

---

① مىرخاۋاندىنىڭ «رەۋزەتۇسسافا» دېگەن ئەسىرىدە: «شەيبانى-
خان خۇسراۋ شاھنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئېشەك قويرۇقىغا باغلاپ،
قۇندۇز كوچىلىرىدا سۆرەپ قەتل قىلدى» دېيىلگەن.

② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

شەيبانىخان بەلخكە ئالتە ئاي ھۇجۇم قىلىپ ئاخىر بەلخنى ئىشغال قىلدى. ئۇ بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق خارەزمنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى.

شەيبانىخان شەرقتە ئەنجان، شىمالدا ساھىرخىيە بىلەن تاشكەنت، جەنۇبتا ھىسار، قۇندۇز، بەدەخشان، بەلخ، غەربتە خارەزمغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. ماۋارا ئۇننەھرنىڭ ھەممە بايلىقلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇنىڭ شەۋكەت قۇدرىتى ئاشتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىپ، قورال كۈچى بىلەن ئامۇ دەرياسى ۋە دەريا ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۆز زېمىنىنى ئىرانغىچە كېڭەيتىش پىلانىنى تۈزدى.

شەيبانىخان ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دۈشمىنى ھېسابلانغان خۇراساندىكى سۇلتان ھۈسەين بايقارا مىرزىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى.

سۇلتان ھۈسەين بايقارا مىرزا ئۇزۇن يىل كېسەل بولغان بولسىمۇ، ئۆز خانلىقىنىڭ زور تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋە ھەربىي قوماندانلىرىغا پۈتۈن خۇراسان ئەسكەرلىرىنىڭ پايتەخت ئەتراپىغا توپلىنىپ، مەملىكەتكە باستۇرۇپ كېلىۋاتقان شەيبانىخاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەمىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىراتنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئافغانىستان، سىستىيان، خۇراسان، پارس، جۇرجان خەلقىدىن خېلى كۈچلۈك بىر قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇلدى.

شەيبانىخان خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان مەزگىلدە «سۇلتان ھۈسەين بايقارا مىرزا تەرىپىدىن پەرمان بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان كۈچ 200 مىڭ كىشىگە

يەتكەنىدى. ① بىراق، خۇراسان سۇلتانى ھۇسەيىن بايقارا مىرزا
بەختكە قارشى، مىلادى 1505 - يىلى ۋاپات بولدى.
ئۇيۇشتۇرغان بۇ 200 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن ئىچىدە بىر-
لىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق يوق ئىدى. چۈنكى، بۇ مەزگىل
سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزىنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدە ھاكى-
مىيەت تالىشىش، غوۋغا ۋە ئىچكى نىزالار تازا كۈچەيگەن مەزگىل
ئىدى. شاھزادىلەر، ئەمىرلەر، قوماندانلار ئىقتىدارسىز ئىدى.
شەيبانىخان ھىراتقا يېقىنلاشقان ئەھۋال ئاستىدا نائىلاج
سوقۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغانىدى.

ھىجرىيە 911 - يىلى (1504 — 1505) شەيبانىخاننىڭ
قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. يىمەن دېگەن جايدا
زۇلنۇن ئارغۇن قوماندانلىقىدىكى خۇراسان قوشۇنلىرىنىڭ ئال-
دىنقى قىسىملىرى شەيبانىخان قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىش-
تى. خۇراسان قوشۇنلىرى ھىراتنى مۇداپىئە قىلىپ جان تى-
كىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرى شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلى-
رى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. خۇراسانلىقلارنىڭ قوماندانى
زۇلنۇن ئارغۇن بۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى.

ھىجرىيە 913 - يىلى (مىلادى 1506 — 1507 - يىللىرى)
شەيبانىخاننىڭ ئۆزبېك قوشۇنلىرى خۇراساننىڭ 200 مىڭ
كىشىلىك قوشۇنىنى تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىدى. خۇراسان
ئەمىرلىرى، مىرزىلىرى تەرەپ - تەرەپلەرگە قاچتى.

سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزىنىڭ ئورنىغا تەختكە ئول-
تۇرغان بەددىئۇز زامان نۇرغۇن مال - مۈلۈك توپلىغانىدى. دەل
مۇشۇ چاغلاردا بابۇرمىرزا كابۇلدا تەختتە ئىدى. خۇراسان
بىلەن كابۇل ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار-
دىكى بىرلىككە كەلگەن ئىتتىپاق ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى.
شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى مۇرغاپنىڭ ئوڭ تەرەپلىرىگىچە

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

بېسىپ كەلدى ۋە ھىراتنىڭ بەدىئۇل زامانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن بەدىئۇز زامان شەيبانىخاننىڭ ۋەكىلىگە ھاقارەتلەر بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ئۆزبېك قوشۇنى دەرھال قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، مەرجاق دېگەن يەرنى بېسىۋالدى. ① شەيبانىخاننىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتان ۋە ئىنىسى مەھمۇدنىڭ ئوغلى ئابدۇللا سۇلتان قاتارلىقلارنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا ھىرات قوشۇنلىرى ئاخىر مەغلۇپ بولدى. بۇ دەل «سەلنى كۈل بىلەن، ئوت يالقۇنىنى چاۋا-چاتقال بىلەن توسقاندەك ئىش بولدى». ② خالاس. مىرزا بەدىئۇز زامان ھىراتتىن قەندىھارغا قېچىپ باردى.

مىرزا بەدىئۇز زاماننىڭ ئىنىسى مۇزەپپەرئاتىسى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارامىرزىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى، مال-مۈلۈك، خەزىنىلىرىنى تاشلاپ بۇ يەردىن يەنە ئاستىرابادقا قاچتى. ھىرات شەھرىدىكى سەيدۇللا ئابدۇللامىرزا مەشھەدكە قاچتى. ئابدۇلباقى ئىمىر، مۇھەممەت بۇرۇندۇقلار سەبزىۋارغا قېچىپ كەتتى.

«ھىجرىيە 913-يىلى (مىلادى 1506—1507-يىللىرى)، ھىرات شەھرىنىڭ چوڭ ئۆلىما، ئالىم-ئۆلۇغلىرى ئامالسىز ھالدا شەيبانىخاننىڭ ئالدىغا ئىستىقبال قىلىپ چىقىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، شەي-

①«مۇرغابنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا بولغان بۇ يەر ھازىرغىچە ‹مىرچاق› دەپ ئاتالغان. بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ‹مىرچاق› دا جەمشىد قەبىلىلىرى ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ھىراتقا ئولپان (سېلىق) تۆلەيتتى.» گىرمان. ۋامبېرى: «بۇخارا ياخود ماۋارا ئۇننەھر تارىخى» 1924-يىل، موسكۋا، ئۇيغۇرچە نەشرى.

②مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

باشچىخانىنى ئەسكەرلىرى بىلەن ھىرات شەھىرىگە باشلاپ كىردى.» ①

خۇراسان سۇلتانى ھۈسەيىن بايقارا مىرزىنىڭ 38 يىلدىن بېرى يىغقان خەزىنىلىرى شەيبانىخانىنىڭ قولىغا ئوڭچە قالدى، ئۇ خۇتبىنىنى ئۆزىنىڭ نامىغا ئوقۇشنى بۇيرۇدى.

شۇ مەزگىللەردە، ھىرات ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ يەرگە ئىلىم ئەھلى جۇغلانغان، مەدەنىيەت ئاجايىپ گۈللەنگەنىدى.

شەيبانىخانىنىڭ ئەسكەرلىرى ھىراتنى ۋەھشىيلەرچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، ئوت قويدى. مەدەنىيەت دۇردانىلىرىنى ۋە مىسلىلىنى مىراسلارنى ۋەيران قىلدى. ھىرات شەھىرىنىڭ بىھىساپ نازىنىن، گۈزەل قىزلىرى ئۆزبېك ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىر قىلىندى. ئەزەلدىن ئۆيدىن چىقمىغان ۋە كۆزگە كۆرۈنمىگەن چوكانلار تالاغا چىقىپ نان تىلەشكە مەجبۇر بولدى.

شەيبانىي خان ھىراتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، «بەددى‌ئۆز زامان بىلەن مۇزەپپەر ھۈسەيىن مىرزىنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا ئالدۇرۇپ كەلدى. مۇزەپپەر مىرزىنىڭ خوتۇنىنى خوتۇنلۇققا ئالدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، قىممەتلىك تاشلار، ئۈنچە - مارجان، ئالماسلارنى مۇسادىرە قىلدى. بەددىئۇل زامان قەندىھاردىن ئەنجان ئارقىلىق كابۇلدىكى بابۇر شاھنىڭ قېشىغا قېچىپ باردى. شايبانىخان ھىراتتىن قايتىشىدا ئوغۇللىرىنى خۇراساندا قالدۇرۇپ، ئۆزى بۇخارادا تۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە خۇراسانغا قايتىپ كېلىپ، مۇھەممەد ھۈسەيىن كوراگانى، خوجەندە مەھمۇد خاننى بەش نارەسىدە پەرزەنتلىرى بىلەن ئۆلتۈردى.

① گىرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخود ماۋارا ئۈننەھر تارىخى». 1924-يىل موسكۋا، ئۆزبېكچە نەشرى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

ھىجرىيە 914 - يىلى (1507 — 1508) شەيبانىخان جۇرجان ۋىلايىتىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. شەيبانىخان بۇ مەملىكەتلەرنى تامامەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ جايلارنى مۇكاپات يۈزىسىدىن خۇددى چىڭگىزخانغا ئوخشاش، ئۆزىگە ئەڭ ياخشى كۈچ چىقارغان ئەمىر ۋە ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلدى.

ھىراتنى جان ۋاپابايغا، مەرۋىنى قوبىزە نايمانغا، بەلخ، خارەزىمنى سۇلتان شاھقا، ھىسار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى مەھدى ۋە ھەمزە سۇلتانغا، قۇندۇزنى ئەخمەت سۇلتانغا، ئاقسۇنى جانبەككە، ئەنجاننى مەھمۇد شاھ سۇلتانغا، بۇخارا ۋە قاراكۆلنى مۇھەممەد تۆمۈر سۇلتانغا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جەۋھىرى سانالغان سەمەرقەند بىلەن كەش (تاشكەنت) نى مەھمۇد تۆمۈر سۇلتانغا ئىنئام قىلىپ بەردى.

شەيبانىخان بۇ غەلىبىلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۆزىنى چىڭگىزخان، تېمۇر لەڭگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى «باش قوماندان» دەپ جاكارلىدى.

شەيبانى خان قورال كۈچى بىلەن بىر نەچچە ئۆلكە مەملىكەتلەرنى ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا قانائەت قىلماي، زور ھەربىي كۈچكە يۆلىنىپ ئىرانغا كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا قەدەم قويدى.

## 2 - بۆلۈم يۇنۇسخاننىڭ دەۋرى

يۇنۇسخان بىن ئۇۋەيسخان ھىجرىيە 873 - يىلى (1468 — 1469 - يىللىرى)، دوغلات قەبىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى

ئوغلى ئوتتۇرىسىدا «تەخت تالىشىپ ماجىرا يۈز بەردى، ئۇرۇش نەتىجىسىدە چوڭ ئوغلى يۇنۇس مەغلۇپ بولۇپ، تەختنى ھەيدەلدى ۋە سەمەرقەندكە قېچىپ كەتتى، كىچىك ئوغلى ئىسەن بۇغا ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى.» يۇنۇس سەمەرقەندتىن يەنە خۇراسانغا باردى. ①
«شاھرۇخ مىرزا يۇنۇسخاننى پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدىگە شاگىرتلىققا بەردى.» ② يۇنۇسخان ئىراننىڭ شىرازى شەھىرىدە مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ قولىدا 12 يىل ئوقۇدى. مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدى ئۆز دەۋرىدە مۇئەممە ئىلمىدە يېتىلگەن كىشى ئىدى.

«مۇئەممەتەرەزى» مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى بولۇپ، ئۇ يەنە «ھىلال» ۋە «زەپەرنامە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ «قەسىدە بۇردە»-گە تەسەۋۋۇپ تىلى بىلەن شەرھ يازغان بولۇپ، «قەسىدە بۇردە» نى ھېچ كىشى مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدىدەك شەرھلەپ چىقالمىغانىدى.

مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدى ۋاپات بولغانىدىن كېيىن، يۇنۇسخان ئىراق، ئىران، ئەرەبىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ 21 يىل تۇرۇپ، بۇ جايلاردىكى ئالىم ۋە ئۆلىمالارنى ئۇستاز تۇتۇپ ھەر خىل بىلىملەرنى ئۆگەنىدى ۋە «يۇنۇس ئۇستا» دېگەن نام بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ئۇ ئىراقتىكى مەزگىلدە نۇرغۇن ئالىملارنىڭ مۇنازىرىسىگە قاتناشقانىدى. چەت يۇرتلاردا يۈرۈپ نۇرغۇن ۋەقەلەرنى

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 283-بەت.

② مەۋلانە شەرەپىددىن ئەلى يەزدى — ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوردىسىدا سالنامىچى، مىرزا، ئوركانىبەگ بولغان.

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئاچچىق ئەلەملەرنى، موھتاجلىق دەردىنى تارتقان. 20 نەچچە يىل چەتتە تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كۆزەتكەن ۋە ئۆگەنگەنىدى. بۇ جەريانىدا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب بولۇپ يېتىلگەنىدى. «مىرزا ئۇلۇغبەگدىن قالسا يۇنۇسخان ئالىم كىشى ئىدى.» ①

يۇنۇسخان ھىجرىيە 887 - يىلى (1482 — 1483)، ئالمالىقتا موغۇلىستان دۆلىتىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن پالاكەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، كېڭەيمىچىلىككە خاتىمە بەرمەكچى بولدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇلتانلار بىلەن بولغان دۈشمەنلىشىشتىن دوستانە، تىنچ ئىتتىپاق، ئۆتۈشتەك قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى ئورناتتى، «ئاتىلار دوستلۇقى بالىلارنى تۇغقان قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرىدىن بولغان سۇلتان، ئەمىرلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، موغۇللارنىڭ يايلاق ئەنئەنىسىگە ئېتىبار بېرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بەردى ۋە موغۇللار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن يايلاقتا بىرگە بولۇش ۋە شەھەردە بىللە بولۇشتەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ خانلىق ئورنىنى چىڭىتتى. يۇنۇسخان موغۇللار بىلەن يايلاق ھاياتىدا بىرگە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان كۈچ ھەسسىلەپ ئاشتى. يۇنۇسخاننىڭ ئابرويى يۈكسەك ئۆرلىدى. بۇ ۋاقىتتا قەشقەر ھۆكۈمدارى ئەمىر سەئىد ئەلى ھىجرىيە 862 - يىلى (1457 — 1458)

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى

ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سانىز مىرزا يەكەننى پايتەخت قىلغاندا، ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر قەشقەر يېڭىسارىدا ھۆكۈمدار ئىدى. مۇشۇ مەزگىلدە مۇھەممەد ھەيدەر يۇنۇسخان ھاكىمىيىتىگە بويسۇندى. كېيىن تۇرپان، كۇچا، ئۇچ (ئۇچتۇرپان) لارنىڭ ۋالىيسى دوست مۇھەممەدلەرمۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يۇنۇسخاننىڭ ھاكىمىيەت ئاستىغا كىردى. ئۇ يەنە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى جايلارغا، تاشكەنتنىڭ شىمالىدىكى جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن موغۇلىستان (شىنجاڭ) دا تىنچ ھالەت مۇقىملاشتى، خەلق ئىگىلىكىمۇ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلدى.

يۇنۇسخان شىنجاڭدا خاتىرجەملىكنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىر تېمۇر ئەۋلادى بىلەن تارىختا بولۇپ ئۆتكەن دۈشمەنلىك ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، ئۆز-ئارا تىنچ، دوستلۇق مۇناسىۋەتتە ئۆتۈشتەك ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى قوللاندى. ئۇ چوڭ قىزى مېھرىنىگار خېنىمىنى ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بەردى. مېھرىنىگار خېنىمنىڭ سىڭلىسى قۇتلۇق نىگار خېنىمنى ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا بەردى. بۇ قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەت سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن چاغاتاي خانلىقى (ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن موغۇل خانلىقلىرى) ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى دوستلۇققا ئېلىپ باردى. دوستلۇقتىكى بۇ مۇناسىۋەتنى تۇغقانلىق مۇناسىۋەت بىلەن مۇستەھكەملىدى. بۇنىڭ بىلەن دائىم پارتلاپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىلدى. بۇ ئۆزگىرىش شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەزگىل مۇقىملىقنى پەيدا قىلدى. يۇنۇسخان بۇ چاغدا تاشكەنت قاتارلىق جايلارنىڭمۇ قانۇنىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق تۇغقانلىق سەۋەبىدىن،

سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ پەرزەنتلىرى سۇلتان ئەخمەد مىرزا ۋە ئۆمەر شەيخ مىرزىلار بىلەن سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئاتا - ئوغۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتەك يېقىنچىلىق بارلىققا كەلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بىر يىلدا بىر قانچە قېتىم موغۇلستانغا (شىنجاڭغا) كېلىپ بىر-ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتەتتى. يۇنۇسخان گاھى چاغدا سۇلتان ئەخمەد مىرزىنى ئەنجانغا ئېلىپ كېتەتتى. سۇلتان يۇنۇسخان ئەنجانغا كەلسە، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ، بىر - ئىككى كۈن تۇراتتى. ئۆمەر شەيخ ئۇزاقتىن بۇيان سەمەرقەندكە كۆز تىكىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نىيىتىنى يۇنۇسخانغا دېگەندە، يۇنۇسخان ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىگەندى ①.

سۇلتان ئەخمەدخان ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ بۇ خىيالىنى ئاڭلاپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنى توسۇش ئۈچۈن سەمەرقەندتىن ھەربىي قوشۇن توپلاپ ئەنجانغا يۈرۈش قىلىش تەرەددۇتىدە بولدى. بۇ خەۋەر ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا يالۋۇرۇپ، ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىجا قىلدى. سۇلتان يۇنۇسخان سۇلتان ئەخمەدخاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، ئۆز مەقسىتىنى ئاشكارىلىمىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا بەزى ۋىلايەتلەرنى تارتۇق قىلىپ بەردى. بۇ قېتىم سۇلتان يۇنۇسخان شىنجاڭدىن قايتىپ يەنە بىر قېتىم قىشلاش ئۈچۈن ئەنجانغا كەلدى. سۇلتان يۇنۇسخان بۇ قېتىمقى سەپىرىدە ھەربىي سەركەردىلىرىنى شىنجاڭدا قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە كىشىلىرى بىلەنلا كەلگەندى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز ۋىلايەتلىرىدىن خان قايسىنى ئىختىيار قىلسا شۇنى خانغا

---

① «شامى داموللا» قوليازما.

تۇتۇش خىيالىنى بار ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. باھار پەسلى بولغاندا، سۇلتان يۈنۈسخان شىنجاڭغا قايتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆزىنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەخمەدخاندىن قورقۇپ، يەنىلا سۇلتان يۈنۈسخاننى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ ئۈخسىنى خانغا تەقدىم قىلدى. خان شۇ يىلى كېلىپ ئۈخسىدا قىشلىدى. بۇ خەۋەر سۇلتان ئەخمەدخانغا يېتىشى بىلەن تەڭ، سۇلتان ئەخمەدخان مىرزا ئۈكىسىغا قارشىلىق قىلىش نىيىتىدىن قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئاكىسى سۇلتان ئەخمەدخان مىرزىدىن خاتىرجەم بولدى. لېكىن، ئۆمەر شەيخ مىرزا يۈنۈس خاننىڭ ئۈخسىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىغا ئۈنىمىدى. چۈنكى، ئۈخسى پەرغانە شەھەرلىرىنىڭ چوڭراقى ھېسابلىناتتى. شۇ جەھەتتىن ئۇ چىداپ تۇرالماي سۇلتان يۈنۈسخانغا قارشى ھەرىكەت قىلدى. سۇلتان يۈنۈس خان بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوتتۇرىسىدا «تاكا سەكرى» («بەزى تارىخىي مەنبەلەردە «سەكرىكان» دەپمۇ ئېلىنغان) دېگەن كۆۋرۈك بېشىدا جەڭ قىلىش بەلگىلەندى. جەڭ باشلىنىشتىن ئىلگىرى، سۇلتان يۈنۈسخان كۆيئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئۆمەر شەيخ مىرزا زادىلا ئاڭلىمىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ ئاخىر پارتلىدى. بۇ جەڭدە ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قوشۇنى يېڭىلدى. سۇلتان يۈنۈسخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئۆمەر شەيخ مىرزىنى تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كېلىشتى. يۈنۈسخان ئالدىغا چىقىپ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ قولىنى ئۆزى يەشتى. ئۆمەر شەيخ مىرزىغا ئەنجاننى سۇيۇرغال قىلىپ بەردى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئەنجانغا قايتتى. سۇلتان يۈنۈسخان ئۆز قوشۇنلىرىغا شىنجاڭغا قايتىش ئىجازىتىنى بېرىپ، ئۆزى بىر قىسىم ئەمىرلىرى بىلەن ئەنجانغا بېرىپ، ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئوردىسىغا چۈشتى. ئۇ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ

يېنىدا ئىككى ئاي مېھمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى كىر كۆتۈرۈلدى.

ھىجرىيە 888 ـ يىلى (1483 — 1484) ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ خانىشى قۇتلۇق نىگار خېنىم بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا بۇ ئوغۇلنىڭ ئات تويى مۇراسىمى ئۈچۈن، سۇلتان يۇنۇسخاننى پەرغانىگە چاقىردى. خان پەرغانىگە بېرىپ چوڭ توي قىلىپ بۇ نەۋرىسىگە «خوجا ئەبەيدۇللا زۇھىرىدىن مۇھەممەت بابۇر» دەپ ئات قويدى.

يەنە بىر قېتىم ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخاننى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ خانغا مەرغىلاننى بۆلۈپ بەردى. سۇلتان يۇنۇسخان مەرغىلانغا بېرىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى نەتىجىسىدە ئۆمەر شەيخ مىرزا بىلەن ئاكىسى سۇلتان ئەخمەت مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ ياخشىلاندى.

شۇ كۈنلەردە خوجا نەسىرىددىن ئابدۇللا كاسانى① مەرغىلانغا كەلگەنىدى. خوجا نەسىرىددىن ئابدۇللا مەرغىلانغا يېقىنلاشقاندا مەرغىلاندىكى پۈتۈن خەلق، پۈتۈن ئۆلىما ـ ئەمىرلەر ئۇنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىققانىدى. سۇلتان يۇنۇسخانمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

شۇ دەۋرلەردە سەمەرقەند ۋە خۇراساندا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان سۇلتانلار ئارىسىدا خوجا نەسىرىددىن ئابدۇللانىڭ يارلىقى سۇلتان، شاھلارنىڭ گېپىدىن ئۈستۈن، ئۆتكۈررەك ئىدى. شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە سۇلتانلار ئۆز ئىشىنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەسلىھەت پىكىرىنى ئالاتتى. ھەتتا ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا قول بېرىپ ئۇنى ئۇستاز

① خوجا نەسىرىددىن ئابدۇللا كاسانى — شۇ زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا «ۋئاللانىڭ مەقبۇلى» نامى بىلەن تونۇلغان «مەشھۇر شەخس بولۇپ، سۇلتانلار ئۇنىڭغا شاگىرت بولغانىدى.

ئۇتۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ھەرقانداق كىشى قايتۇرمايدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغلايتتى. سۇلتان يۇنۇسخان خوجا نەسىردىن ئابدۇللانى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىپ بۇ ئىككى شاھنى ئىتتىپاقلاشتۇرغاندىن كېيىن، سۇلتان يۇنۇسخان شىنجاڭغا قايتتى. ماۋارا ئۇننەھردىكى سۇلتان ئەخمەد مىرزا ھاكىمىيىتى داۋام قىلغان 28 يىل ئىچىدە ئەل خەلقى ئاسايىش، تىنچ - سائادەت ئىچىدە ياشىدى.

ھىجرىيە 899 - يىلى (1492 — 1493) سۇلتان ئەخمەد مىرزا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سۇلتان مەھمۇد ھۆكۈمران بولدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە بىر مەزگىل ئاتىسىنىڭ ۋاقتىدىكىدەك قوشنا ئەللەر بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ سەمەرقەندتىن ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ بەدەخشاننى ئىشغال قىلدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا تاجاۋۇزچىلىق ۋە زالىم ئەپت - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، سۇلتان ئەخمەد مىرزىنىڭ ئوغۇللىرىنى قەتل قىلدى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرى بىلەن ماسلاشقانلىقتىن سەمەرقەند خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى.

ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە ئەيش- ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ خانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولدى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ئۇنىڭ نوپۇزلۇق ۋە ھىيلىگەر ۋەزىرى خۇسراۋ شاھ ① بىر قانچە كۈنگىچە

① خۇسراۋ قىپچاق قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇ كۆپ ھاياتىنى تارخانلار خىزمىتىدە ئۆتكۈزدى. بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇدنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ 6000 ئەسكەرلىك بىر قوشۇنغا ئىگە بولىۋالدى. ئامۇ دەرياسىدىن ھىندىقۇشقا قەدەر بولغان پۈتۈن بەدەخشان ۋىلايىتىنى ئىشغال قىلىۋالدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى بۇ ۋىلايەتنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان قىلدى.

مەخپىي تۇتتى. ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ «دۇنيا-دەپنىلىرىنى كۆپرەك يىغىۋالماقچى بولغانىدى.» ①

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ماۋارائۇننەھردە ئىختىلاپ باشلاندى. سۇلتان مەھمۇدتىن قالغان بەش ئوغۇلنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئوغۇل يەنى مەسئۇد، بايسۇنقۇر ۋە سۇلتان ئەلى قاتارلىقلار تەخت تالىشىپ ئۆزئارا دۈشمەنلەشتى. ئۇلارنىڭ چوڭى مەسئۇد خۇسراۋ شاھ بىلەن بىرلىشىۋالدى.

ئۇلار ئۆز مەملىكىتىنىڭ شىمالى چېگرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۆچ توپلاپ ئامۇ دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى ھىسار، قۇندۇز، بەدەخشان قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى. بۇخارا ھاكىمى بايسۇنقۇر مىرزىنىڭ تەرەپدارلىرىمۇ خېلى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار سەمەرقەندكە كۆز سالدى. سۇلتان ئەلىمۇ باشقىلارنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا سەمەرقەندكە چاڭ سالماقچى بولدى. نەتىجىدە، سۇلتان ئەلى بىلەن بايسۇنقۇر بۇخارادا قاتتىق تۇتۇشۇپ قالدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاخىر بايسۇنقۇر مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەندكە قاچتى. ئۇ ھىجرىيە 905 - يىلى (1498 — 1499 - ۋاپات بولدى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئالمالىققا قايتىپ كەلدى. ھىجرىيە 873 - يىلى (1466 — 1467) دوست مۇھەممەد ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەدنى تۇرپانغا ۋالىيلىققا تەيىنلەپ، ئاقسۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بەردى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مۇھەممەد ھەيدەرگە ياردەم قىلىپ قەشقەردىكى مىرزا

---

① گىرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋارائۇننەھر تارىخى»، 2 - جىلد، بۇخارا خەلق مائارىپ نازارىتى، موسكۋا 1924 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىق قىلدى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئەمىر سەئىد ئەلى مىرزىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭغا قەشقەر، ئاقسۇ سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىدى. ئۇ «قەشقەردە ھىجرىيە 869 - يىلىدىن 885 - يىلىغىچە (مىلادى 1463/64—1480/81 - يىلىغىچە) ۋالىي بولۇپ تۇرغانىدى» ①. مۇشۇ چاغدا، سانسىز مىرزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابابەكرى مىرزا تاغىسى مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ قېشىدا تۇرۇۋاتاتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەشقەردە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، يەپ - ئىچىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، خەلق بىلەن كارى بولمىدى، ئۆز ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇمىدى. ھاكىمىيەتتە سىنالغان، بولۇپمۇ ئاتىسى ئەمىر سەئىد ئەلىنىڭ 80 يىللىق ئۆمرىدە ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنىڭ ۋە يۇرتدارچىلىقتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان پېشقەدەم باشلىقلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى نەزەرگە ئالمىدى. ھەرخىل جەڭلەردە يېتىلگەن قەھرىمان، جەسۇر يىگىت - ئەسكەرلەرنىڭ ھاكىمىيەتتىكى رولىغا سەل قاراپ ئۇلارنى ھىمايە قىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەمىرلەر، باتۇر، قەھرىمانلار مۇھەممەد ھەيدەردىن يىراقلىشىپ مىرزا ئابابەكرىگە مايىل بولۇشتى. مىرزا ئابابەكرى مىرزا ھەيدەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ئەمىر ۋە بارلاسلارنى يېنىغا تارتىپ، مۇھەممەد ھەيدەرگە قارشى ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ يېنىدىن يەكەنگە قېچىپ بېرىپ يەكەن ھاكىمىغا يالغاندىن مۇھەممەد ھەيدەر تىلىدىن يېزىلغان بىر پارچە يارلىقنى كۆرسىتىپ، ئالدامچىلىق بىلەن يەكەننى ئىگىلى

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قوليازما.

ۋالدى ۋە مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۆپرەك قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «مەن سىزنىڭ ئىنائىتىڭىزدىن چەتنىماي، سىزگە خىزمەتكار بولىمەن» دەپ ئېيتتى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۇنىڭ ئىنائىتىنى قوبۇل قىلدى. بۇ چاغدا مىرزا ئابابەكرى ئۆز ئەتراپىغا ئىشەنچلىك، باتۇر يىگىتلەردىن 3000 كىشىلىك خىل قوشۇن توپلىغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى جىددىي ئىسيان كۆتۈرۈش تەييارلىقىدا بولۇۋاتقاندا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قېرىندىشى ئۆمەر مىرزىمۇ قەشقەردىن قېچىپ كېلىپ، مىرزا ئابابەكرىگە قوشۇلدى. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ يەكەنگە قاراشلىق يۇرت - ئايماقلارنى تامامەن بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە خوتەننى ئىشغال قىلماقچى بولدى.

ئەمىر خۇدايداد ھايات ۋاقتىدا دوغلات قەبىلىسىگە قاراشلىق ھەر بىر ۋىلايەتنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەندە، قەشقەر بىلەن يەكەننى ئوغلى سەئىد ئەخمەد مىرزىغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. ئەمىر خۇدايداد ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بولغان ئىلياس شاھقا ئاقسۇنى، خىزىر شاھقا خوتەننى سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەنىدى. بىراق، بۇ ھەر ئىككىسىنى سەئىد ئەخمەد مىرزىغا قارىتىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۇيۇرغاللىقىنى ئېلىۋېتىش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى يەنىلا سەئىد ئەخمەد مىرزىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، بۇلار ھەر يىلى بىر قېتىم سەئىد ئەخمەد مىرزىنىڭ قېشىغا تەزىمگە بېرىپ ئاندىن يەنە سەئىد ئەخمەد مىرزىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆز يۇرتلىرىغا قايتاتتى. بۇ قائىدە - يوسۇن تاكى ئەمىر سەئىد ئەلغىچە داۋام قىلدى.

ئەمىر سەئىد ئەلدىن كېيىن خوتەندە خىزىر شاھ نەس-

لىدىن ئىككى ئەمىرزادە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى خانىمە-
زەر، يەنە بىرى قۇلنەزەر دېيىلەتتى. خانىمەزەر مىرزا ئابابەك-
رى بىلەن ئۆزەڭگىدە سوقۇشتۇرۇپ، ئۆزىنى سەئىد ئەلى بىلەن
باراۋەر ئورۇندا قويانتى. ئۇ خوتەن بەگلىكىنى ئىلىكىگە
ئالغاندىن تارتىپ مۇستەقىل بولۇۋالغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى خوتەننى ئىشغال قىلىش قارا نىيىتى-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا «خوتەن
مىرزىلىرىدىن خانىمەزەر مىرزا ۋە قۇلنەزەر مىرزىلار قەدىمى-
دىن بېرى قەشقەرگە بويسۇنۇپ كەلگەن. ھازىر بۇ يولدىن چىقىپ
مۇستەقىل بولۇۋالدى. مەن خوتەنگە بېرىپ ئۇلارنى سىلىگە توغرا
قىلىپ خوتەننى قەشقەرگە قارايدىغان قىلغايمەن، سىلە رۇخ-
سەت قىلغايلا» دەپ خەت ئەۋەتىدۇ. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا
ئۇلاردىن رەنجىپ تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن مىرزا ئابابەكرى خوتەننى بېسىۋېلىش تەييار-
لىقىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. «مىرزا ئابابەكرى خوتەنگە يېتىپ
كەلگەندىن كېيىن خانىمەزەر ۋە قۇلنەزەر-
لەر بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆلھ بىلەن قايتتى.
ئىككىنچى قېتىم ئۇلار يەنە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشىپ
سۆلھ قىلىشتى. مىرزا ئابابەكرى ئۆزىگە يېقىن كىشىلەردىن
بىرىگە قۇرئاننى تۇتقۇزۇپ خانىمەزەر مىرزىنىڭ ئالدىغا
ئەۋەتتى. خانىمەزەر مىرزا قۇرئاننى ئالماق ئۈچۈن قولىنى
ئۇزاتتى. ئۇ ئادەم ھەر ئىككى قولى بىلەن خانىمەزەر مىر-
زىنىڭ قولىغا ئېسىلدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرى ئىل-
گىرى تەييارلاپ قويۇلغان ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەييار
تۇرۇشقانىدى. خانىمەزەر مىرزىنىڭ ئادەملىرى قول سېلىشقا
ئىمكان تاپالمىدى ـ دە، قېچىپ كېتىشتى. مىرزا ئابابەكرى-
نىڭ ئادەملىرى خانىمەزەر ۋە قۇلنەزەرلەرنى شەمشەر بىلەن
چېپىپ ئۆلتۈردى.» ①

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

مىرزا ئابابەكرى ھىجرىيە 872 - يىلى يەكەن بىلەن خوتەننى پۈتۈنلەي ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئېلىپ، مۇستەقىللىك ئېلان قىلدى. ئارقىدىنلا، پۈتۈن كۈچنى تەشكىللەپ تاغنىي مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشتى.

دوست مۇھەممەت خان ئۆلگەندىن كېيىن، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئابابەكرى ۋە ئۆمەر مىرزىلارنىڭ ئانىسى جەمەك ئاغىچىنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جەمەك ئاغىچىدىن ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەندى. بىرى مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگان ① بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 875 - يىلى (1741 — 1470) دۇنياغا كەلگەن. يەنە بىرى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى يەكەن بىلەن خوتەننى ئۆزىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئېلىش جەريانىدا بىر تەرەپتىن، ئەسكىري كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەھۋالىنى بىرقەدەر چۈشىنىدىغان كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى. نەتىجىدە مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدىغان بىر گۇرۇھ كۈچ بارلىققا كەلدى.

مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر كۈچىيىپ كۆرەش كەسكىنلەشكەنىدى. بىر تەرەپتىن، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچىدە پىتنە - ئىغۋالار كۆپىيىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ كۆڭلى بىسەرەمجان ھالەتتە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بىلەن خەلقنىڭ ھاياتى ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. دەل مۇ-

---

① مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگانى «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ئاتىسى.

شۇنداق ۋەزىيەتتە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەكەن بىلەن خوتەننى ئىشغال قىلىۋېلىشى، ئۇنىڭ كۈچ توپلاپ قەشقەرنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىرقاتار ھەرىكەتلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەت بولغان قەشقەر ئوردىسىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. ئەمىرلەر ئۇنىڭ بىر قاتار ئاسىيلىق ھەرىكەتلىرى ھەققىدە مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا: «مىرزا ئابابەكرى باشتىن - ئاياغ ئاسىيلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئۇ يەكەننى تارتىۋالغاندىن كېيىن خوتەندىكى خاننەزەر مىرزا ۋە قۇلىنەزەر مىرزىلارنى ئالداپ ئۆلتۈردى. ئۆمەر مىرزىنىڭ كۆزىنى كور قىلدى. مۇنداق ئادەمدىن قانداق ۋاپا ئەھدە كۈتكىلى بولىدۇ؟ ئۇ ئەمدى قەشقەرنى ئېلىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەن توختىماي پۈتۈن مەملىكەتنى بىر ئەلەم ئاستىغا كىرگۈزمەكچى» ① دەپ مەلۇم قىلىشتى.

مۇھەممەت ھەيدەرمىرزا بۇ شىكايەتلەرگە بىر نېمە دېمەي، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئانىسى جەمەك ئاغىچىنىڭ ئاغزىغا قارىدى. جەمەك ئاغىچا ئەمىرلەرنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى.

مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا تاغىلىق، شەپقەتلىك مېھرى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدە پىكىر قىلمىدى. جەمەك ئاغىچا مىرزا ئابابەكرى ھەققىدە مۇھەممەت مىرزا ھەيدەر بىلەن ئەمىر، بەگلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنى مىرزا ئابابەكرىگە يوشۇرۇنچە يەتكۈزدى. مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا بولغان سادىقلىقىنى ئىزھار قىلدى.

مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئۆزىنىڭ سادىقلىقىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھىيلە - مىكرى بىلەن تولغان يالغان سۆزلىرىگە يەنىلا ئىشىنىپ، ئۆزىنىڭ يېقىن، ئىشەنچلىك بەگلىرىنى خىزمەتتىن ھەيدەپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆز ھاكىمى-

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

يېتىنى ساقلاۋاتقان ئەمىر، بەگلەردىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ ھاكىمىيەت ئىچىدىكى يامان ئادەملەرنىڭ قىلمىشىمۇ مىرزا ئابابەكرىنى قەشقەر ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەشتە ئەپلىك شارائىتقا ئىگە قىلدى.

مىرزا ئابابەكرى ھەر خىل سۇيىقەست ھىيلە - مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، قەشقەر ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، زور قوشۇن بىلەن يەكەندىن قەشقەرگە يولغا چىقتى. ئۇنىڭ قوشۇنى يېڭىساردا زور قىرغىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، يېڭىسارنىمۇ بېسىۋالدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئۆز ھاكىمىيىتى دۇچكەلگەن تەھدىتنى كۆرۈپ پۇشايمان قىلدى ۋە 30 مىڭدەك ئەسكىرىنى باشلاپ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى يۈرۈش قىلدى ۋە مىرزا ئابابەكرىنىڭ 3000 ئاتلىق ئەسكىرى بىلەن قەشقەر ئەتراپىدا شىددەتلىك جەڭ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا تەرەپ يېڭىلدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ تاغىسى سۇلتان يۇنۇسخاندىن مەدەت سورىدى.

يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئىلتىجاسىغا بىنائەن، جۇڭغارىيىدىن 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن ياردەم ئۈچۈن يولغا چىقتى. يۇنۇسخان قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ 30 مىڭ ئەسكىرى كۈچى بىلەن قوشۇلۇپ 45 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىل قىلىپ، يەكەنگە مىرزا ئابابەكرى ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى.

ھىجرىيە 884 - يىلى (1479 — 1480) 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى يەكەن ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. يۇنۇسخاننىڭ قوشۇنلىرى يەكەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە چۈشكۈن قىلدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ قوشۇنلىرى يەكەننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە چۈشكۈن قىلدى. ئىككى قوشۇن يەكەن

قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىككىنچى كۈنى، مىرزا ئابابەكرى قەلئەنىڭ سىرتىدىكى ئورۇننى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاتلىق ۋە پىيادىلەر قوشۇنىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 3000 چە بولۇپ، بۇلارنىڭ تەركىبىدە ھەممىنى دېگۈدەك مىرزا سەئىد ئەلىنىڭ ۋاقتىدىكى تاللانغان باتۇرلار بار ئىدى. ھىجرىيە 884 - يىلى (1479 — 1480) 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، يۇنۇسخان بىلەن مىرزا ئابابەكرى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى.

مىرزا ئابابەكرى بۇ جەڭدە ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ سېپىگە قاراتماي، بەلكى يۇنۇسخاننىڭ سېپىگە قاراتتى. شىددەتلىك ئېلىشىشتىن كېيىن، يۇنۇسخان يېڭىلدى. يۇنۇسخاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. يۇنۇسخان ئىككىنچى يىلى چوڭ جەڭ تەييارلىقى قىلىپ مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئېلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ جۇڭغارىيىگە قايتتى.

ھىجرىيە 885 - يىلى (1480 — 1481) ئەتىيازدا، يۇنۇسخان 60 مىڭ ئەسكىرىنى ئېلىپ، 2 - قېتىم قەشقەرگە كەلدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئۆتكەن يىلدىكىدىن ياخشىراق تەرتىپكە سېلىپ، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، 90 مىڭ دەپ پوپاڭ كۆتۈرۈپ، يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئابابەكرى ئاتلىق، پىيادە بولۇپ، 5000 غا يېقىن ئەسكەر توپلىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەربىي كۈچى ساندا ئازدەك قىلسىمۇ، ئەمما جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن 1000 دەك مەرگەن بار ئىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى يەكەن شەھىرىنىڭ 18 چاقىرىم غەربىدىكى كۆك رابات (كارۋات) دېگەن يەردە

ئېتېھكام قۇرۇپ پوزىتسىيە ئىگىلەپ ياتتى. ئۇ ھەر ئىككى ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن پىيادە مەرگەن ئورۇنلاشتۇردى. ھەربىر پىيادە ئەسكەر ئالدىدا ئېغىر قالقانلىق بىر پىيادە ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى.

يۇنۇسخاننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەسكەرلىرى بۇرۇندىن جەڭگىۋارلىقىنى يوقاتقان، تەجرىبىلىك، ئىقتىدارلىق باتۇرلىرى كەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن ۋاقتى قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى.

يۇنۇسخاننىڭ ئەسكەرلىرى يەكەن قەلئەسىنى قورشىۋالدى. خاننىڭ ئۆزى «قارلىغاچ يار» دېگەن يەر (يەكەننىڭ شەرق تەرىپى) گە كېلىپ چۈشتى①. قەلئە ئالدىدا قاتتىق جەڭ بولدى. يۇنۇسخان بىرقانچە كىشىلىرى بىلەن كېلىپ، يار بويىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ جەڭ مەيدانىنى كۆزەتتى. خان يار بويىدىن پەسكە چۈشتى. خان كېلىش بىلەن تەڭ پىيادە ئەسكەرلەر جاسارەتلىنىپ تېخىمۇ قاتتىق جەڭ قىلىشقا باشلىدى. خاننىڭ كۆزىتىشكە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىلىم شاھباتۇر خان ئالدىدا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، دېگەن خىيال بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلار ئارىسىغا كىرىپ جەڭ قىلىۋاتقاندا، ئابابەكرى مىرزىنىڭ قالقان تۇتقان بىر پىيادە ئەسكىرى قالقاننى ئىلىم شاھنىڭ ئېتى ئايىغىغا تاشلاپ قاچتى. شۇ ئەسنادا ئىلىم شاھنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ ئىلىم شاھ ئاتتىن يىقىلدى، مۇلازىملار بۇنى خانغا مەلۇم قىلغاندا، خان كۆرۈش ئۈچۈن يېنىشىۋىدى، ئۇنى كۆرگەن ئەسكەرلەر خان قاچتى، دەپ ئويلاپ، پىتىراپ كەتكىلى تۇردى. خان جىرا ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، ئادەملىرى قاچقان، سەپلىرى بۇزۇلغان. خان بۇيرۇق بېرىپ باققان بولسىمۇ، ئابابەكرىنىڭ

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «قەشقەر تارىخى» قوليازما.

پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرى خاننىڭ ئەسكەرلىرىنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ قاتتىق زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن خاننىڭ ئەسكەرلىرى بىر يولىلا قېچىشقا باشلىدى. خانمۇ قېچىپ قەشقەرگە كەلدى.

قەشقەردە مۇھەممەت مىرزا ھەيدەر يۇنۇسخان بىلەن كېڭىشىپ، خاننىڭ ھەمراھلىقىدا 5000 تۈتۈن ئادەم بىلەن بىرلىكتە ئاقسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. قەشقەر خەلقىنىڭ بىرمۇنچىسى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدىن ئەنجانغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتتى. ھىجرىيە 885-يىلى (1480 — 1481)، مىرزا ئابابەكرى قەشقەرنى بېسىۋالدى.

يۇنۇسخان مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىككى قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ئاقسۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىشنى ئاقسۇدا ئۆتكۈزدى. ئاقسۇ شەھىرى شۇ دەۋرلەردە بىر كاتتا يارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىككى مۇستەھكەم قەلئەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەھەر ئىدى.

يۇنۇسخان ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە بىر قەلئەنى ئۆزىنىڭ دەرگاھى قىلىپ، يەنە بىر قەلئەنى مۇھەممەت ھەيدەرگە قالدۇردى.

يۇنۇسخان قىشنى ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈپ، ئەتىياز پەسلىدە ئالمالىققا بارماقچى بولۇپ، ئەتە-ئۆگۈن ماڭىمەن دەپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىر قىسىم پىتنە-پاسات تۇغدۇرغۇچىلار «خان موغۇلستانغا كېتىش ئالدىدا ئاقسۇنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلماقچى، دېگەن سۆزلەرنى يالغاندىن توقۇپ ۋەسۋەسە تارقاتتى.» ① مۇھەممەت ھەيدەر گال ۋاڭ ۋە ئوڭايلا پىتنە-پاساتقا ئىشىنىدىغان ساددا ئادەم

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

بولغاچقا، شۇئان ئىسيان بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خاننىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە ماڭغان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەد سۇلتاننى بارىمتايلىققا تۇتۇۋېلىپ، ئاقسۇ شەھەرىگە بېكىتىۋالدى. يۇنۇسخان بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، هاڭ-تاڭ قېلىپ دەرھال مۇھەممەت ھەيدەرگە كىشى ئەۋەتتى. ئۇ ئاڭلىمىدى. يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كۆچمەي تۇرۇپ، ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننى سەككىز كۈندە ئاقسۇغا يېتىپ كەلسۇن دەپ يارلىق قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان دەل ۋاقتىدا 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇردا جەڭ باشلاندى. بۇ جەڭ 40 كۈن داۋام قىلدى. شەھەردە قامىلىپ قالغان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى قەھەتچىلىك ئىچىدە قالدى. خەلق سۇسىزلىق ۋە ئاچارچىلىق ئازابىدىن كۆپ قىينالدى.

سۇلتان ئەھمەد مۇھەممەت ھەيدەرگە ۋەكالەتەن ئاتىسى يۇنۇسخان ئالدىغا بېرىپ سۈلھ تەلەپ قىلىپ يالۋۇردى. بىراق، يۇنۇسخان سۈلھنى رەت قىلىپ ئومۇمىي ھۇجۇم بىلەن ئاقسۇ قەلئەسىنى ئالدى.

يۇنۇسخان دەرھال ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىگە كىشى ئەۋەتىپ، شەھەرنى بۇلىمسۇن دەپ يارلىق چىقاردى. ئەمىرلەرمۇ دەرھال تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مۇمكىن بولمىدى. يۇنۇسخاننىڭ ئەسكەرلىرى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنى تۇتۇپ كېلىشتى. يۇنۇسخان ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا كۆپ ئاپا-تەنە قىلدى ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلىدى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا شەرمەندە بولغىنىدىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى. خان «خوش، ھېلىھەم بولسىمۇ ئاقسۇنى ساڭا بەردىم، سەن ئاقسۇدا بول» دېۋىدى، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا: «ھازىر ئاقسۇدا قانداق تۇرغىلى بولىدۇ، ھەممە ئادەم بۇلۇنۇپ كەتكەن تۇرسا» دېدى. خان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزى-

غا: «مەن بىلەن موغۇلىستانغا بارغىن» دەپ 3000 ئات بەردى ـ دە، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقتى.

يۇنۇسخان گۇناھ قىلغانلارغا شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچانلىق پەزىلىتى بىلەن ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ تۇغقانلىق ئىززىتىنى، خانداننىڭ ئابرويىنى شۇنداق يۇقىرى بىلەتتىكى، ئۇلاردىن بىرەر خاتالىق ۋە گۇناھ سادىر بولسا، دەرھال مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت سۈيى بىلەن شۇنداق يۇياتتىكى، ئۇنىڭ يۈزىدە ھېچقانداق خىجالەت رەڭگى قالمايتتى. بەلكى ئۇنى يۈز مەرھەمەت بىلەن بىزنىڭ ھەمشىرىمىزنىڭ بالىسى، بىزگە ئىشىنىپ شۇنداق قىلىدۇ، دەپ بېشىنى سىيلايتتى. ئەگەر ئۇنى شۇنچىلىك ئازابلىساق، تۇغقانچىلىقىمىزنىڭ قانچىلىك قەددىر ـ قىممىتى بولسۇن، تۇغقان ۋە ياتلار ئارىسىدا نېمە پەرقلەر بولسۇن، دەپ ھېسابلايتتى.

مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا ھەمراھ بولۇپ، ئالمالىققا يېتىپ كەلدى. باھار يېتىپ كەلگەندە، يۇنۇسخان يەنە ئويلىنىپ، مول ھوسۇل ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرىنى يىغىشتۇرۇپ قەشقەرنى پەتىھ قىلماقچى بولدى.

شۇ كۈنلەردە يۇنۇسخانغا سۇلتان ئەھمەت مىرزا ئەسكەر توپلاپ، سەمەرقەندتىن ئۆمەر مىرزا ئۈستىگە يۈرۈش قىلماقچى دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى. ئۆمەر مىرزا يۇنۇسخاننىڭ ئەنجانغا كېلىشىنى تەكلىپ قىلدى. يۇنۇسخان قەشقەرگە بېرىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ ئەنجانغا ئاتلاندى.

يۇنۇسخان ئىلگىرىمۇ بۇ ئىككى كۆيئوغۇل ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنى يارىشتۇرۇپ كەلگەنىدى. يۇنۇسخان شۇ مەقسەت ئۈچۈن، ئەنجانغا كەلگەندىن كېيىن ئۆمەر شەيخ قېيىن ئاتىسى يۇنۇسخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. يۇنۇسخانغا يۈش

شەھىرىگە قاراشلىق يەرلەرنى تارتۇق قىلدى. يۇنۇسخان شۇ يىلى قىشنى ئوشتا ئۆتكۈزدى.

يۇنۇسخان ئوشنى مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا سۇيۇرغاللىق قىلىپ بەردى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا يۇنۇسخاننىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ يامان نىيەتتىن قايتتى. ئەنجانغا يۈرۈش قىلىشنى توختىتىپ، ئەسكەرلىرىنى قايتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىنىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ كۆڭلى تىنىپ خاتىرجەم بولدى.

يۇنۇسخان جۇڭغارىيىگە قايتىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئوشنى مۇھەممەت ھەيدەرگە ئۆز ئورنىدا سوراپ تۇرۇشقا بەرگەنىدى. يۇنۇسخان قايتقاندىن كېيىن، مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئۆز ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەيىننى خاندىن سوراپ ئېلىپ ئوشتا قالدى.

يۇنۇسخان ئوشتىن قايتقاندىن كېيىن، ئۆمەر شەيخ مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىغا ئوشنى بوشات، دەپ دورغىسىنى ئەۋەتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئادەملىرى مۇغۇلىستانغا قايتىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆزىدە كۈچ ـ قۇدرەتمۇ يوق ئىدى. بۇنداق شارائىتتا مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا ئوشنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا قايتۇرۇپ بەردى. پەرزەنتلىرى مۇھەممەت ھۈسەيىن مىرزا ۋە سەيىد مۇھەممەت مىرزىلارنى ئوشتا قالدۇرۇپ ئۆزى قەشقەرگە يۈزلەندى. مۇھەممەت ھەيدەر مىرزا كۆڭلىدە: قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرى بولسا مېنىڭ قېرىنداشىمنىڭ بالىسى، مېنىڭ ئۆگەي ئوغلۇم (جەمەك ئاغىچىنىڭ ئوغلى)، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بارسام، مۇنداق شارائىتتا ماڭا يۆلەك بولۇپ، ئوتتۇرىمىزدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان مۇناسىۋىتى بىلەن ماڭا ئورۇن بەرسە ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئوي بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېنىغا باردى. مىرزا ئابابەكرى ئۇنى شۇ ھامان قاماققا ئالدى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىدا بىر يىل قاماقتا ياتتى. بىر يىلدىن كېيىن مىرزا ئابابەكرى ئۇنى قاماقتىن چىقىرىپ

بەدەخشانغا پالىدى. شۇ چاغدا بەدەخشان مىرزا سۇلتان ئەبۇ سەئىد-
نىڭ ئوغلى مىرزا سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى.
ئۇ جايدا بىر قانچە ۋاقىت تۇرۇپ، بەدەخشاندىن سەمەرقەند-
دىكى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەردە
«ئىرشاد» (ئىشانلىققا بېرىلىدىغان گۇۋاھنامە)، «قۇتبى خۇدا-
نىڭ يېقىنى» دەپ نام ئالغان باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ
مۇرىتى دەپ تونۇلغان ئاتاقلىق خوجا نەسىرىددىن ئابدۇللا
ئەھرار بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشتى. ئاندىن
مىرزا سۇلتان ئەھمەد بىلەن كۆرۈشتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا
خوجا نەسىرىددىن ئابدۇللا ئەھرار بىلەن داۋاملىق ھەمسۆھبەت
بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بۈيۈك ئالىم،
ئاتاقلىق تەسەۋۋۇپچى مۇھەممەت ھەيدەرنى ئۇلۇغلاپ كۈتتى.
كېيىن يۇنۇسخان مۇھەممەت ھەيدەر مىرزىنىڭ قايتىپ كېلى-
شىنى تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتكەندە، مۇھەممەت ھەيدەر
سۇلتان ئەھمەد مىرزا يېنىدىن دەرھال ئايرىلىپ يۇنۇسخاننىڭ
ئالدىغا كەتتى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەبۇ سەئىد مىر-
زىنىڭ ئوغۇللىرى ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىناقلىقنى مۇستەھ-
كەملەش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ كەلدى.
ئۇ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئىككى ئاكا - ئۇكا ئوتتۇرىسى-
دىكى كېلىشمەسلىكلەرنى بىرىنچى قېتىم كېلىشتۈرگەن، ئۆزئارا
بېرىش - كېلىشنى ئورناتقانىدى. بۇ خىل تۇغقانچىلىق ۋاس-
تىسى بىلەن ئورناتقان دوستلۇق بىر مەزگىل داۋام قىلدى.
سۇلتان ئەھمەد مىرزا پەرغانە ۋە تاشكەنتتىكى مۇستەھكەم
«شاھ رۇخىيە» قەلئەسىنىڭ ئۆكىسى سۇلتان ئۆمەر شەيخ
مىرزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدە بولغانلىقىغا كۆڭلىدە
رازى بولماي كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا مۇشۇ
قەلئە توغرىسىدا جەڭگى - جېدەل يەنە پارتلىدى. سۇلتان

ئەھمەد مىرزا تاشكەنتنى ئىنىسى سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا سۇلتان يۇنۇسخانغا ئەلچى ئەۋەتىپ «تاشكەنتنى تارتىپ ئۇشقىچە بولغان جايلارنى ھەم سايرامنى سىزگە تۇتتۇم. ماڭا ھەم قالمىسۇن، ئاكامغا ھەم قالمىسۇن» دېگەن سۆز بىلەن قېيىن ئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخاننى رىغبەتلەندۇردى①. سۇلتان يۇنۇسخان، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلاپ، موغۇللاردىن بىرنى خان قىلىش مۇددىئاسى بىلەن شىمالىي شىنجاڭنى ئۆز ئوغلى سۇلتان ئەھمەدكە بېرىپ، ئۆزى سايرامدا قىشلىدى، سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، خان چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد خاننى 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن تاشكەنتكە ئەۋەتتى. پەرغانە تەرەپتىن سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا 15 مىڭ ئەسكەر بىلەن ياردەمگە كەلدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزىمۇ ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، سەمەرقەندتىن زور ئەسكىرىي كۈچ بىلەن تاشكەنت ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى②.

بۇ ئەھۋالدىن سەمەرقەندتىكى خوجا نەسىردىن ئابدۇللا ئەھرار خەۋەر تاپتى. خوجا نەسىردىن ئابدۇللا ئەھرار مۇسۇلمانلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قان تۆكۈشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۆزى ئاتلىنىپ چىقتى ۋە ھەر قايسى سۇلتانلارغا ئۆز ئورۇنلىرىدا ھەرىكەت قىلماي جىم تۇرۇشنى ئۇقتۇردى. خوجا نەسىردىن ئابدۇللا ئەھرار سۇلتان ئەھمەد خاننىڭ بارگاھىغا چۈشتى. سۇلتان يۇنۇسخان ۋە ئۆمەر شەيخ مىرزىلارغا سۈلھ توغرىسىدا مەكتۇپ يوللىدى. خوجا نەسىر-

① بۇ مەقتە مىرخاۋەندنىڭ «رەۋزەتۇسساپا» دېگەن ئەسىرىگە، ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «تارىخى كامىل» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.
② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

دىن ئابدۇللا ئەھرارنىڭ سۆزىنى ھېچ كىشى رەت قىلالمايتتى، چۈنكى، ئۇلار خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرارغا مۇرىت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا بويۇن تولغاشقا ھەددى ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەممىسى تىنچىدى. خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرارمۇ بۇ ئۈچ پادىشاھنى چاقىرىپ بىر زىلچا ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ بىر - بىرىگە قارشى چىقماسلىق ئۈچۈن ئەھدە (تىلخەت) ئالدى. ئەھدە بويىچە تاشكەنت ئۈستىدە تالىشىۋاتقان ھەر ئىككى ئاكا - ئۇكا تالىشىشنى قويدى. تاشكەنتنى سۇلتان يۇنۇسخانغا بەردى. ئۇ ئىككى قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىكى تاشكەنت ئۈچۈن بولغان تالاشنى كېسىپ مۇنداق بىر تەرەپ قىلدى: سۇلتان ئەھمەد سەمەرقەندكە، ئۆمەر شەيخ مىرزا پەرغانىگە، سۇلتان مەھمۇد (يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى) تاشكەنتكە قايتىدىغان بولدى. سۇلتان يۇنۇسخانمۇ سايرامدىن تاشكەنتكە كەلدى. ھەزرىتى ئىشان (خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرار) مۇ تاشكەنتكە كېلىپ سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۇچراشتى.

تارىختا بۇ ئۈچ خان ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھ خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن تاشكەنتتە ھىجرىيە 872 - يىلى (1467 — 1468) ئىمزالانغانىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى خانلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سۇلتانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك خوجا نەسرىددىن ئابدۇللا ئەھرارغا مۇرىت بولۇشنى ئۆز ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىپ كەلگەنىدى. شۇنداقلا تەسەۋۋۇپلۇق ئېقىمدىكىلەرمۇ شۇ دەۋرلەردىكى خان - سۇلتانلار ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا ناھايىتى زور رول ئويناپ كەلگەنىدى. سۇلتان يۇنۇسخان تاشكەنتتە تۇرۇپ، پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ 12 يىل ياتتى. ئاخىرى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ھىجرىيە

892 - يىلى (1486 — 1487)، 74 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى①. ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەختىدە 33 يىل ئولتۇردى.

سۇلتان يۈنۈسخان تاشكەنتتىكى شەيخ خاۋەندى تۆرە قەبرىستانلىقىدا دەپنە قىلىندى. يۈنۈسخاننىڭ قەبرىستانلىقىدا چوڭ گۈمبەز ياسالغان بولۇپ، كېيىنكى زامانلارغىچە بۇ قەبرىستانلىق ئۆزىنىڭ مەشھۇر نامى بىلەن ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سۇلتان يۈنۈسخان دىيانەتلىك، ياخشى ئەخلاقى بىلەن ھەممىگە مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئوقۇمۇشلۇق دىنىي ئالىم بولۇپ، پارسچە، ئەرەبچىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. ساز، چالغۇ ئەلنەغمىلەردە داڭقى چىققان، ھۆسن خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوقيا ئېتىشتا ۋە ھەرخىل ھۈنەر - سەنئەتكە ئۇستا بولغانلىقتىن، «يۈنۈس ئۇستا» دەپ داڭق چىقارغانىدى.

سۇلتان يۈنۈسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە تارىختا ئۆتكەن چاغاتاي خانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق ئۆزئارا ئۇرۇش بولۇپ كەلگەنلىكتىن، ھەممە جايدا تىنچسىزلىق ھۆكۈم سۈرگەنىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىرى فېئوداللىق ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى. سۇلتان يۈنۈسخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. خەلق ئىگىلىكىنى ياخشىلاش تەدبىرى بىلەن خانلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە ئالدى بىلەن قۇدا - باجىلىق دىپلوماتىيىسىنى ئىشقا سېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلار بىلەن شىنجاڭدىكى خانلىقلارنىڭ دۈشمەنلىك ھالىتىنى تىنچ ۋە ئىناق دوستانە ئۆتۈشكە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرى بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، چا-

---

①مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

غاتاي خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا تىنچ، ئىناق مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. ئۇ ئورناتقان قۇدا - باجىلىق ئادەتتىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىپتىقاندا ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. بۇ ئۆزگىرىش شىنجاڭدا تىنچ ئۆتۈش ۋەزىيىتىنى ياراتتى. بۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى بىر قەدەر ئەسلىگە كەلتۈردى.

سۇلتان يۇنۇسخان دەۋرىدە ئىلگىرىكى زامانلاردا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇرۇشلاردا تۇتقۇن قىلىنغان ئەسىرلەرنى ئاۋۋالدىن تارتىپ قۇل قىلىپ باشقا دۆلەتلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىشتەك قەبىھ ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىلدى. تۇتقۇنغا ئېلىنغانلارنى «سېتىلمىسۇن، ئېلىنمىسۇن» دەپ جاكارلاپ، قۇللارنى سېتىش ۋە ئېلىشنى مەنئى قىلدى. نۇرغۇن قۇللارنى ئازاد قىلدى.

سۇلتان يۇنۇسخان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى تۇغقانلىققا ئۆزگەرتىپ تىنچ، ئىناق ئۆتۈشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن قاتناش ئالاقە يوللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا قاتناشنى راۋانلاشتۇردى. چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي دەۋرلىرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىرىدە، غەربىي يۇرت ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغانىدى. سۇلتان يۇنۇسخان بۇ ئۆلكە، ۋىلايەت، شەھەرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم خەلقلەرنى شەھەر تۇرمۇشىغا ئادەتلەندۈرۈشتەك مۇشكۈل ئىشلارنى ئىشلەش بىلەن كەنت - بازار، رابات - لەڭگەرلەرنى بىنا قىلدى. شۇنداقلا ئالمائاتا، توقماق، قاراقول قاتارلىق شەھەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. سۇلتان يۇنۇسخان ئۆزىنىڭ كويئوغلى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىنئام قىلىشى بىلەن تاشكەنتتە «تۇپراق قورغان» دېگەن

قورغاننى سالدۇرغانىدى. ئۇ يەنە «شەيخ خاۋەندى تۆرە» نىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ئوردىسىنى بىنا قىلغۇزغانىدى. تاشكەنت ۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىتىلغاندا بۇ جايغا جايلاشقان مەھەللەر ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ھېلىھەم يەنىلا «ئوردا» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## 3 - بۆلۈم مىرزا ئابابەكرىنىڭ قەشقەر - يەكەندىكى ھۆكۈمرانلىقى

چاغاتاي ئەۋلادىدىن ئەمىرخۇدايداد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھىجرىيە 765 - يىلى (1363 — 1364) دىن تاكى ھىجرىيە 850 - يىلى (1446 — 1447) غىچە 85 يىل قەشقەر خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. بۇ خانلىققا يەكەن، ئاقسۇ، باي، كۇچا قاتارلىق جايلار قارايتتى.

ئەمىر خۇدايداد ھىجرىيە 850- يىلى (1446 — 1477) مەككىگە ھەجگە بېرىپ، شۇ يەردە ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئوغلى ئەمىر سەئىد ئەلى ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ قەشقەرگە 24 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

ئەمىر سەئىد ئەلى ھىجرىيە 862 - يىلى (1457—1458) قەشقەردە ۋاپات بولدى. ئەمىر سەئىد ئەلىدىن كېيىن ئوغلى سانىز مىرزا شۇ يىلى، يەنى ھىجرىيە 862 - يىلى (1457 — 1458) تەختكە چىقىپ ئۆز ئىنىسى مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانغا قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى بېرىپ ئۆزى يەكەننى پايتەخت قىلدى. مۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 24 يىلدا ھاكىمىيەت بىر قەدەر مۇقىم بولغانلىقتىن، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى. شەھەرلەر ئاۋاتلاشتى. خۇددى «تارىخى رەشىدى» دە كۆرسىتىلگىنىدەك،

«ھۆكۈمەت ئادىل، پاك، ئومۇمىيەتچىل بولدى». سانىسىز مىرزا هىجرىيە 869 - يىلى(1464 — 1465) ئۆلدى. ئۇ ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئابابەكرى مىرزا، يەنە بىرى ئۆمەر مىرزا ئىدى.

ئابابەكرى ئۆز تاغىسى مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولدى. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قارا نىيىتى كۆپەيدى. ئۇ بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ جايلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۆزى خان بولماقچى بولدى. بولۇپمۇ ئۇ تاغىسى مۇھەممەت ھەيدەر كوراگان قېشىدا بولغان مەزگىلدە، مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىكى ئىقتىدارسىزلىقى، ئۇنىڭ يۇقشاق قۇلاق بولۇپ، ساختا، يالغان سۆزلەرگە ئوڭايلا ئىشىنىدىغانلىقىنى، مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ قابىلىيەتلىك ۋە سىنالغان كىشىلەردىن خېلى بۇرۇنلا ئايرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدى، شۇڭا، ئۇنىڭدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ ئوڭايلىقىنى بىلەتتى. مىرزا ئابابەكرى تاغىسى مۇھەممەد مىرزا كوراگاندىن ئايرىلىپ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلدى. ئۇ مۇھەممەد مىرزا كوراگان تەرىپىدىن بوشىتىلغان، ئۇرۇش ماھارىتىگە ئىگە بىر قىسىم قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ يېنىغا تارتىپ، ھەدەپ كۈچ توپلىدى، خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن خاننەزەر بىلەن قۇلنەزەر مىرزىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى ئاۋۋال ھىيلە بىلەن قولغا ئېلىپ، ئارقىدىن قەتل قىلىپ خوتەننى ئىشغال قىلدى.

ئابابەكرى مىرزا خوتەننى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، خوتەنگە ھاكىم بەلگىلەپ ئىدارە قىلدى. ھىجرىيە 885 - يىلى (1480 — 1481)، مۇھەممەت ھەيدەر كوراگاندىن قەشقەرنى تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنى قەشقەر خانلىقىنىڭ

سۇلتانى دەپ جاكارلىدى.

مىرزا ئابابەكرى تىيانشاننىڭ جەنۇب قىسمىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇ تارىختىكى بارلىق ھۆكۈمرانلارغا ئوخشاش، ئىمكانىيەت تاپسىلا جايلارنى قوشۇۋېلىشقا، بويسۇندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ پۈتۈن ماۋارائۇننەھرنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتى بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئوش ۋە ئۆزكەندنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇ بەدەخشان رايونىغا قوشۇن ئەۋەتىپ ۋاخاننى ئىشغال قىلىپ ئۇ جايدىن يەنە بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ، بەدەخشاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ھازارجاتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئېلىۋالدى ۋە ئاھالىلەرنى ھەر يىلى مەلۇم ساندا باج تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ كېيىنكى يىللاردا مارالبېشى، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، كۇچا قاتارلىق جايلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، باينىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي، تىيانشاننىڭ شىمالىغا بارىدىغان يوللار ئۈستىگە قەلئە ـ ئىستىھكاملارنى بىنا قىلدۇردى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە يەنە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتى داۋام قىلغان دەۋرلەردە، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تولىمۇ ۋەھشىي بولدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ۋە خەلقنى ئېزىشتە مۇتەئەسسىپ فېئودال، روھانىي، ئۆلىمالاردىن پايدىلىنىپ «ئىسلام شەرىئىتى» دېگەن بىر نىمەلەرنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنى ۋەھشىي جازا بىلەن جازالىدى. ئۆزىنىڭ يارلىق ـ پەرمانلىرىنى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرى ئارقىلىق يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ زۇلمى ھەققىدە «جاھاننامە» دە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«ئابابەكرى ئىدى كاشغەر ھاكىمى،

كى يوق ئىردى رۇستەمدىن ئانىڭ كەمى،
ئانىڭ مۇلكىدە كى ئىل ـ ئۇلۇس تەمام،
تاپىپ ئىردى بەندۇ بەلادا مۇقام.
ئۆلۈپ بەندۇ زىندانىدا ئۆلگەنلەرى،
قازىق بول دەرمانىدە قالغانلارى.
تۇتۇپ بەزىلەرنىڭ قۇلاغىن كېسىپ،
قۇلاغۇ ئىلكۇ ئاياغىن كېسىپ.
يەنە بەزىلەرنى تۇتۇپ ئاختەلەپ،
ئالىپ تۇتتۇرۇپ مال ـ مۇلكىن تالاپ.» ①

مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى مىسلىسىز دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى ئۇچۇن، بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى.

مىرزا ئابابەكرى كۈندىن ـ كۈنگە چىرىكلىشىپ ئەكسىيەتچىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردىن تارتىپلا دېھقان ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقلەر بىلەن قارىمۇ قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. زالىملىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە شۇ دەرىجىدە سىڭگەن ئىدىكى، ئۇ، ئۆزىنىڭ نەزەرىدە گۇناھكار دەپ تونۇغانلار (گەرچە شەرىئەتتە گۇناھسىز قارالغان تەقدىردىمۇ) نى ئۆلتۈرمىگۈچە ئۇنىڭ كۆڭلى زادى ئارام تاپمايتتى. مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئاختا قىلىش، پۇتىنى كېسىپ تاشلاش قاتارلىق جازالار شۇ دەۋردە ئادەتتىكى

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى (ئاياز شېكەستى): «جاھاننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىل نەشرى.

جازا تۈرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ، «پىتنە ـ پاساتچىنى ئۆلتۈرۈش بەرھەق» دەپ پەتىۋا چىقارغۇزۇپ، بىگۇناھ خەلقنى ھەر خىل تۆھمەت، بەدناملار بىلەن ئۆلتۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە قەتل قىلىنغۇچىلارنىڭ ئائىلە ـ تەۋەلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، جەددى ـ جەمەتىنى قۇرۇتۇپ تاشلاشتەك ۋەھشىي جازالاش چارىلىرىنى يولغا قويغانىدى. ھەتتا، جازالانغانلارنىڭ سۈت ئېمىۋاتقان بوۋاقلىرىدىن تارتىپ ھامىلدار ئاياللىرىغىچە تىرىك قالمىغانىدى.

ئۇنىڭ قولچوماقچىلىرى «تۇتقۇنلارنى مىڭ مەرتىۋە ئۆلۈمگە رازى بولغۇدەك ئازابلار بىلەن ئازابلايتتى. ئاخىرى ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرەتتى.»① شۇ دەۋرلەردە ھەر قانداق كىشى مىرزا ئابابەكرىدىن جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇ تېخىمۇ ئالجىپ «ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئارا يېزا ـ كەنت، شەھەرلەرگە كۆچۈپ يۈرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. بۇ بەلگىلىمە بىلەن خەلقنىڭ يېزا ـ كەنت ۋە شەھەرلەر بىلەن قىلىدىغان سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىنى چەكلىدى. ئۇ كۆچۈپ يۈرگۈچىلەر بولىدىكەن، پىتنە ـ پاساتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئاخۇن ـ داموللىلارنى «پىتنە ـ پاساتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلارنىڭ بېرىدىپ ـ كېلىشىنى مەنئى قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن پەتىۋانى چىقىرىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەپ، بىر قىسىم دىنىي تەبىقىدىكىلەرنى ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋالدى. «قانۇنسىز كۆچكەن» دېگەن تۆھمەت بىلەن مادۇ ۋە چىگرەك ئايماقلىرىنى قەتلىئام قىلىشنى بەلگىلەپ، 3000 دەك كىشىنىڭ پۇتىنى

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

كېيىن قاچىلدى ۋە قەتلىئام قىلدى.» ①

مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمى شۇ دەرىجىدە قاتتىق بولغانلىقتىن، قەشقەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار ياكى موغۇللار ئۆزئارا بېرىپ كېلىشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ زۇلمى دەستىدىن ھەر مىللەت دېھقانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىقىپ سەرگەردان بولۇپ خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ھەر خىل ناملار بىلەن قولغا ئېلىنغان «گۇناھكار»لار كۆپەيدى. ئۇ گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىغا قاراپ ئىشقا سالاتتى. ئەرلەر ئۈچۈن ۋە ئاياللار ئۈچۈن ھەر خىل ئىشلىتىش بەلگىلىمىلىرىنى چىقارغانىدى.

مىرزا ئابابەكرى نايابلىق توپلاش ئۈچۈن، كان ئېچىپ ئالتۇن قېزىش دېگەن نام بىلەن تۇرغۇزۇلغان ئەمگەكچى دېھقانلارنى كانلاردا ئىشلىتىپ ھاياتىدىن ئايرىدى. ئۇنىڭ كىشىلەرنى كان ئېچىشقا ئىشلىتىش ئۇسۇلى تولىمۇ ۋەھشىي ۋە قاتتىق ئىدى. ھەر 20 — 30 ياكى 40 ئادەمنى بىر زەنجىرگە باغلاپ، ھەر ئىككى كىشىگە بىردىن چېرىك قوشۇپ، قىش، ياز ئىشلىتەتتى. بىر ئادەمگە بىر ئايدا بىر غەلۋىردىن تېرىق بېرەتتى. «گۇناھى قاتتىق» دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن باشقا يات كىشىلەرنىڭ سۆز قىلىشىغا يول قويمايتتى، بىر نەرسە بەرمەيتتى. ھەتتا بىر - بىرلىرى بىلەن سۆزلىشىشتىن چەكلەيتتى. ئۇلارنى كۈندۈزى شۇنداق قاتتىق نازارەت بىلەن ئىشلىتىپ، كېچىسى زىندانغا قامايتتى. ھەربىر ئىشقا بىردىن مۇئەككەل قويۇلغانىدى. بۇلارنىڭ

---

① مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ»، قوليازما.

چوڭ ـ كىچىكى بولۇپ، ئىشقا سالىدىغانلار، ئىشقا بۇيرۇيـ
دىغانلار بىلەن زىندانغا سالىدىغانلار ئايرىم ئىدى.

مىرزا ئابابەكرى كان قېزىش بىلەن ئالتۇن توپلاشتىن باشقا، قەدىمكى شەھەرلەرنى ئالتۇن تاپىمەن دەپ قازدۇردى. بۇنىڭ نامى «قازىق» دەپ ئاتالدى. قەشقەر كونىشەھەرنى قازدۇرۇپ، ئالتۇن قېزىش باھانىسى بىلەن قەدىمكى گۈزەل شەھەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى.

خوتەن، قەشقەرنى قازدۇرۇش بىلەن نۇرغۇن ئالتۇن، جاۋاھىر، تىللا، كۈمۈشلەرگە ئىگە بولدى.

قەدىمكى شەھەرنى قېزىش يالغۇز خوتەن بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇ نۇرغۇن ئاھالىنى ئىشقا سېلىپ قەشقەردىكى «قازىق» نامىدىكى بىر قەدىمى شەھەر خارابىسىنى قازدۇرۇپ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىر، تىللا قاتارلىق بايلىق تاپتى.

ئۇ «خوتەننىڭ قەدىمكى شەھىرىنى قازدۇرۇپ 27 خۇم (كۈپ) دۇنيا دەپىنە تاپتى. بۇ كۈپلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىچىدە بىردىن مىس ئاپتۇۋا بار ئىدى. كۈپلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ ئىچى تىللا ۋە ئالتۇن بىلەن توشقۇزۇلغان، مۇشۇنداق ئاپتۇۋىلارنىڭ چۆرىسى كۈمۈش بىلەن ئىشلەنگەن بولۇپ، ‹بالىش› دەپ ئاتىلاتتى.» تارىخىي مەنبەلەردە: «بىر بالىش 500 مىسقال، ئۆزى ئۇزۇنچاق، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە» دەپ يېزىلغان①، مىرزا ھەيدەر كوراگانى مۇنداق يازغانىدى: مۇشۇنداق «مىس ئاپتۇۋىدىن بىرى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالدى. بۇ شىشىنـ
نىڭ تەقلىدىدە بولۇپ، بويىنى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، قېلىن تۆمۈردىن دەستە بېكىتىلگەنىكەن. ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى ئاپتۇۋىنىڭ ئاغزى بىلەن تەڭ كېلىدىغان مىس تور

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

بېكىتىلگەن. ئاپتوۋنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن بىر يېرىم گەزدىن زىيادىرەك بولۇپ، ئەگەر سۇ تۇشقۇزۇلسا ئىككى كىشى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا ئاران يۆتكىيەلەيتتى. بۇ بالىشلار كۇپىنىڭ ئىچىدە ئاپتوۋا بىلەن خەزىنىلەردە قويۇلغان نويىسچە لەشكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشتى. مېنىڭ قولۇمغىمۇ بىرنەچچىسى چۈشۈپ، ئۇلىنىڭ سۈرىتىنى كۆردۈم. (قازىق) ئىش باشچىلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ئاڭلىدىمكى، بىر ئاپتوۋنىڭ ئىچىدىن ‹خۇمار خاتۇننىڭ ئوغلىنىڭ تويى ئۈچۈن› دەپ يېزىلغان بىر خەت چىققان. خۇمار خاتۇن كىم؟ قاچان ئۆتكەن؟ قانداق بولغان؟ بۇ توغرىدا مەلۇمات يوق.» ①

مىرزا ئابابەكرى شۇنچە زالىم، ۋەھشىي تۇرۇپ باشقىلارنى ئالداش ئۈچۈن ئىبادەت قىلىشقا ۋە زاكات بېرىشكە ئامراق ئىدى. ئالىملارنىڭ سۆھبەت، مەجلىسلىرىگە ئىرىنمەستىن داخىل بولاتتى. ئۇ ھەممە ئىشلارنى ھەل قىلىشقا قۇۋلۇق - شۇملۇق ئىشلىتىپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىردەك دېگەننى بازارغا سېلىپ قازى، رەئىسلەرگىچە پەتىۋا يازدۇرۇپ، پەتىۋا بىلەن ئىش قىلاتتى. ئۇ ئەڭ قەبىھ ئىشلىرىغىمۇ پەتىۋا سورايتتى. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ھەر قانداق بىر ئىشقا بىر شەرىئەت يولىنى تاپاتتى. قازى، رەئىس پەتىۋا بەرسە، ياخشى بولمىسا، پەتىۋا بەرگۈچىنى تاياق زەربى بىلەن ئىقرار قىلدۇرۇپ ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى. ئۇ «شەرىئەت بويىچە ئۆلۈم لازىم ئىدى، ئەمما، ئۇنى مەن مەرھەمەت قىلىپ ئۆلتۈرمەيمەن، ئۇنى پالانى ئىشقا بۇيرۇيمەن» دەيتتى. بىراق، ئۇ بۇيرۇغان ئىش

(1) مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما. شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ». موللا مىرسالىخ كاشغەرى: «قەشقەر تارىخى» قولىيازمىلار.

ئۆلۈمدىن كۆپ دەرىجىدە يامان بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ، مۇنداق بىر ئىشقا پەتىۋا سوراپ: «ئەگەر توختى بەختىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بەختىگە ھۇجۇم قىلسا، بەختىنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشى، زەرەرنى توسۇش ئۈچۈن توختىغا ئالدىن چارە كۆرۈش دۇرۇسمۇ - دۇرۇس ئەمەسمۇ؟ گۇۋاھلىق بېرىڭلار، ئەجىر تاپىسىلەر» دەپ پەتىۋا بەرگۈچىدىن «دۇرۇس» دېگەن پەتىۋانى ئالغانىدى، يەنە بىر قېتىم، ئۇ: «خالىد بۇزرۇقلار قاتارىغا كىرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ باشقا يۇرتقا كېتىشى بۇ يۇرتتا پىتنىگە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭا، پىتنىنى توسۇش ئۈچۈن خالىدنى باشقا يۇرتلارغا بارالمايدىغان قىلىپ قويۇش كېرەكمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىڭلار، ئەجىر تاپىسىلەر» دەپ پەتىۋا سورايدۇ. ئۇ مۇشۇنداق پەتىۋا بىلەن قانۇنسىز كۈچكەن دېگەن نام بىلەن «مادۇ ۋە چېگىسراك ئايماقلىرىدىن ۋە ئۆزگەند ئادەملىرىدىن 3000 كىشىنى ئۆلتۈرگەنىدى». «بۇلارنى قاچاقچى، ئەگەر قېچىپ باشقا ۋىلايەتلەرگە بارسا پىتنىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇلارنى بۇ مەملىكەتتە ساقلاپ قالىمەن، قاچالمايدىغان قىلىپ قويۇش كېرەك.» دەپ، بىرنەچچە مىڭ كىشىنىڭ پۇتىنى كېسىپ تاشلىغانىدى ①.

مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ زالىملىقى، رەھىمسىزلىكى ۋە قانخورلۇقى بىلەن تارىختا «مىرزا ئابابەكرى دابالقە» (موغۇلچە زالىم مەنىسىدە) دەپ نام ئالدى ②. ئۇنىڭ زالىملىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇنىڭغا چىداش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇھەممەت شاھ، مېھرىنىگار خېنىم مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگاننىڭ ئاكىسى ۋە ھەمشىرىسى ئىدى. ئۇلار شۇنداقلا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ ئاكىسى ھەمشىرىسى

①② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

ئىدى. بۇلار كابۇلدىن بەدەخشانغا كېلىش ۋاقتىدا مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. مىرزا ئابابەكرى ئۇلارنى قەشقەرگە ئالدۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ خان سۇلتان خېنىم دېيدىغان ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇ ئايال پۈتۈن ئۆمرىدە ئىبادەت بىلەن بولۇپ كۈن ئۆتكۈزگەن ئايال ئىدى. ئۇنى زىندانغا سېلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇددەت ھاراقتىن باشقا نەرسە بەرمەيدۇ، بۇ ئايال ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈم ھالىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا بىر ئوتلامىلا سۇ بېرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئازاب بىلەن قىينىلىپ ئۆلىدۇ. مۇھەممەد شاھنى ئاختىلار قاتارىدا 15 ياشقىچە ساقلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇق قىلىپ، كاۋاپ پىشۇرىدىغان ئۆيدە كاۋاپ زىخىنى مەيدىسىگە قاقتۇرىدۇ، قىيقىلغان زىخ ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن تېشىپ چىقىدۇ. ئۇ مۇشۇ ھالدا لەختە ـ لەختە بولۇپ بەش كۈندىن كېيىن سىيىپ ئۆلىدۇ. ئۆز ھەمشىرىلىرىدىن بېگىم خېنىملارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ ... شۇڭا، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۆكۈم-رانلىقى ئاستىدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەرمىللەت ئەمگەكچىلىرى قوزغىلىپ ئۇنىڭ زۇلمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنى دەپنە قىلىش يولىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمى ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى تەكتىدىن تەۋرىتىپ ھالاكەت گىرۋىكىگە ئەكىلىپ قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتتى.

مىرزا ئابابەكرى ئاخىرقى جان تالىشىش مەزگىلىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلار ئۈستىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇزۇن تارىختىن بىرى مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئاۋات، گۈزەل قەشقەرنى ۋەيران قىلىپ چۆللۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى. شەھەر ئاھالىسىنى تامامەن دېگۈدەك يەكەنگە كۆچۈرۈپ كەتتى.

سەئىدخاننىڭ قەشقەرگە ئەسكەر باشلاپ كېلىۋاتقانلىق

خەۋىرى ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇ «قەشقەرنىڭ تۈمەن دەرياسى بويىغا سېلىنغان كونا قەشقەر قەلئەسىنى يېڭىباشتىن سالدۇردى. بۇ قەلئەنىڭ ھەجمى تولىمۇ چوڭ بولۇپ، قەلئە تېمىنىڭ ئېگىزلىكى 30 گەز چامىسىدا كېلەتتى. قەلئە 150 بۇرجەكلىك قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ھەر بىر بۇرجەكنىڭ ئەتراپىغا يەنە مۇداپىئە تۇسۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئەتراپىدىكى ھەرقايسى قەلئە بۇرجەكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 30 گەزدىن يۇقىرى ئىدى. سېپىلنىڭ كۆپ جايلىرىدا تۆت ئاتلىق ئەسكەر قاتارلىشىپ بېمالال ماڭالايتتى. ئۇ، مۇشۇنداق ھەجمى چوڭ كاتتا قەلئەنى يەتتە كۈندە تاماملاتقۇزغانىدى.» ① شۇنچە زۇلۇم بىلەن خەلقنىڭ قان بەدىلىگە سېلىنغان بۇ قەلئە «خۇددى سەلنى كۆل، ئوت يالقۇنىنى چاۋا - چاتقال بىلەن توسۇغان» غا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. بۇ قەلئە مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل بەربات بولۇشى يولىدا، چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىي زۇلمىنىڭ جىنايەت گۇۋاھچىسى بولۇپ قالدى، خالاس.

## 4 - بۆلۈم شەيبانىخان ۋە موغۇل خانلىرى

سۇلتان يۇنۇسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئور-
نىغا چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخان ۋارىسلىق قىلىپ خان
بولدى. بۇ چاغدا موغۇلىستاندا ئەھمەدخان خان ئىدى.
سۇلتان مەھمۇدخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان مەزگىلدە

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەر تىنچ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان ۋە بۇنىداق مۇناسىۋەت كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشقانىدى. سۇلتان يۇنۇسخان چوڭ قىزى مېھرىنىگار خېنىمنى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا بەردى. مېھرىنىگار خېنىمنىڭ سىڭلىسى قۇتلۇق نىگار خېنىمنى ھىجرىيە 808 - يىلى (1405 — 1406) ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئۆمەر شەيىخ مىرزىغا بەردى. بۇ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت سۇلتان ئەبۇ سەئىد بىلەن موغۇلىستان خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى يۇمشىتىپ، دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرى بىلەن ئورناتقان قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى ئادەتتىكى نىكاھ مۇناسىۋىتى بولماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خانلىقلار ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاق تۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇ ئارقىلىق مۇستەھكەملەنىدى. بۇ ئۆزگىرىش ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە بىر مەزگىل تىنچ ئۆتۈش ۋەزىيىتىنى ياراتتى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سۇلتان مەھمۇدخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى ۋەزىيەتتە مۇنداق ئۆزگىرىش يۈز بەردى:

سۇلتان مەھمۇدخان ئىلگىرىكى مۇقىم ۋەزىيەتنى ئۆز قولىدا مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرالمىدى. ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىرىدە «مىراس ئالغۇچى مىراسنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ» دېگەندەك، ئاتىسىدىن قالغان ھاكىمىيەتنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلمىدى. ئۇ تەييار تەختكە چىققان قابىلىيەتسىز بىر شاھزادە ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن،

ئۇنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى بىلگەن يامان نىيەتتىكى پىتنىچىلەر ئۇنىڭ قوينىغا كىرىپ ئىلگىرىكى تالانتلىق قوماندان، ئىقتىدارلىق ئەمىر، باتۇر لەشكەر بېشى، بىلىملىك ئەربابلار ئۈستىدىن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىگە ئىشەنگەن سۇلتان مەھمۇد ئاتىسى يۇنۇسخان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە سۇلتان يۇنۇسخانغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلغان، بوران ـ چاپقۇنلاردا سىنالغان ئىقتىدارلىق قوماندان، ئەمىر، خانلىق ئەربابلىرى ۋە بەگلەرنى ئېتىباردىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى ھېسابلانغان ھەسەتخورلارنى، ياش، تەجرىبىسىز كىشىلەرنى مۇھىم ئىشلارغا قويدى. ياخشى كىشىلەرنىڭ قەدرىگە يەتمىدى. ئۇلارنى ھوقۇق، ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇپ، ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردى. يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئۇ «سۇلتان يۇنۇسخان ۋاقتىدا دەپتەر بېشى بولغان بەش چوڭ ئەمىرنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى. ئۇ بۇنى بۇزۇقلارنى تازىلاش دەپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تەجرىبىسىز ئادەملەردىن بەشنى قويدى»①. بۇ سۇيىقەستچىلەر سۇلتان مەھمۇدقا دۈشمەن گۇرۇھلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، شاھىبەگ خان (شەيبانىخان) دىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ئۇنى يېنىمىزغا تارتىپ، قوراللاندۇرۇپ رەقىبلەرگە قارشى قويايلى، ئۇ بىز ئۈچۈن سەمەرقەند بىلەن بۇخارانى ئېلىپ بەرسۇن، پادىشاھنىڭ ھەممە ئىشلىرى ئۆزلىكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ ئاندىن بىز تاشكەنتتە ئاراممۇدا خاتىرجەم ئولتۇرالايمىز ۋە مەقسىتىمىزگە يېتىمىز دەپ ئەقىل كۆرسەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ، شەيبانىخاننى قوللىدى. يىراق، ۋەزىيەتنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن كۆزىتىدىغان ئەربابلار بۇ

① مىرزا ھەيدەر كوراگانىي: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

مەسلىھەتىنىڭ ئىنئايىتى يامان ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغ-
انلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندا، سۇلتان مەھمۇدخان بۇ پىكىرلەر-
گە زادىلا قۇلاق سالمىدى، ئۇ شەيبانىخاننى قوراللاندۇرۇپ،
ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. ئۇنى ئەسكەر بىلەن تاشكەنت ئەترا-
پىدىكى ئۆتىرار، ساۋران قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىشقا
ئەۋەتتى. بۇ شەھەرلەر سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ھاكىمىيىتى
ئاستىدا بولۇپ، مۇھەممەت پىردتارخان بۇ يەرلەرگە ۋالىي
ئىدى. شەيبانىخان مۇھەممەت پىردتارخان بىلەن ئۇرۇشۇپ،
ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ بۇ جايلارنى ئىشغال قىلدى. شايبانى-
خان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چېچىلىغان ئۆزبېكلەرنى
ئۆز يېنىغا توپلاشقا كىرىشتى.

پەرغانىنىڭ ھۆكۈمدارى مىرزا ئۆمەر شەيخ ئۆز ئەمىر-
لىرى بىلەن دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ،
قېيىن ئاتىسى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە ئىنئام قىلغان تاشكەنت-
نى سۇلتان مەھمۇدتىن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، «ئۇشتۇر قەلئەسى»-
گە ھۇجۇم قىلدى.

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قوشۇنلىرى بۇ قەلئەنى قاتتىق
قوغداپ قارشىلىق بىلدۈردى. بۇ ئۇرۇشتا مىرزا ئۆمەر شەيخ-
نىڭ بىر قىسىم ئەمىرلىرى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ قولىغا
چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا، مىرزا ئەھمەد سۇلتان-
مۇ تاشكەنتنى تارتىۋېلىش كويىدا بولۇۋاتقانىدى. ئۇ
15 مىڭ ئەسكەر بىلەن تاشكەنتكە يۈرۈش قىلدى. بۇ چاغدا
شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇدخانغا ئاشكارا ئاسىيلىق قىلىپ،
ماۋارائۇننەھرنى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىنى باشلىدى. ھىج-
رىيە 905 - يىلى (1499 — 1500)، شەيبانىخان پۈتۈن
كۈچى بىلەن بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. ماۋارائۇننەھرگە
بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان بۇ ئىشقا نىسبەتەن
سۇلتان مەھمۇدخان جىددىي تەدبىر قوللاندى.

ئۇ شەيبانىخاننىڭ سەمەرقەندنى بېسىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگان ۋە خان مىرزا قاتارلىق ھەربىي قوماندانلار باشچىلىقىدا بىر نەچچە مىڭ ئەسكەرنى شايبانىخانغا قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، بۇخارانى بېرىمەن دېگەن ۋەدە بىلەن بابۇر مىرزىنىمۇ 2000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن سەمەرقەندكە يولغا سالدى. بۇلار تېخى سەمەرقەندكە يېتىپ بارماي تۇرۇپ، سەمەرقەند ھۆكۈمدارى ئېلى مىرزا شەيبانىخاندىن ياردەم سورىدى. شەيبانىخان بۇخارادىن دەرھال قوشۇن باشلاپ سەمەرقەندكە يېتىپ كېلىپ سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى. مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگان، بابۇر مىرزا قوماندانلىقىدىكى زور قوشۇن شەھرى سەبزە (يېشىل شەھەر)گە بېرىپ ئورۇنلىشىپ، سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم كۈتۈپ بەش - ئالتە ئاي بىر ئورۇندا تۇرۇپ قالدى، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئوزۇقتىن قىينىلىپ ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئاخىر مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگان ۋە خان مىرزىلار ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشتى. بابۇر مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر تەرەپكە قېچىپ چېچىلىپ كەتتى. پەقەت ئۆزى بىلەن 240 ئادىمى قالدى.

شەيبانىخان بۇ ۋەزىيەتنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ، سەمەرقەندتە 500 كىشىلىك بىر قوشۇننى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بۇخاراغا قايتتى. بابۇر مىرزا شەيبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەمەرقەندتە مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، ئۆز ئەتراپىغا ئادەم توپلىدى. ئۇ سەمەرقەندكە تېگىش ئۈچۈن، سۇلتان مەھمۇدخاندىن ياردەم سورىدى. سۇلتان مەھمۇدخان سەئىد مۇھەممەتنىڭ قوماندانلىقىدا 1500 كىشىلىك قوشۇننى ئۇنىڭغا ياردەمگە ئەۋەتتى. بابۇر مىرزا سەمەرقەندنىڭ سىرتىدا شەيبانىخاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشتى.

ئۇرۇشتا شەيبانىخانىنىڭ ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولدى. بابۇر مىرزا ئەسكەرلىرى بىلەن شەھەرگە بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، شەيبانىخانىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئىككى ئايدىن ئارتۇق مۇداپىئە قىلغاندىن كېيىن مۇھاسىرىنى يېرىپ قېچىپ چىقىپ ئۆزى تۆپەگە يېتىپ كەلدى. بابۇر مىرزا ئۆزى تۆپىدىن تاشكەنتكە قايتتى.

شەيبانىخان ئۆز دۈشمىنى بولغان سۇلتان مەھمۇدخان، بابۇر مىرزىلارنى يەپ تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۆز قوشۇنلىرىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى 50 مىڭغا يەتكۈزدى. ئۆزبېكلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەتراپىغا توپلىدى.

ھىجرىيە 906 - يىلى (1500 — 1501) «شاھى بەگ (شەيبانى) خان پۈتۈن قوشۇنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سۇلتان سەئىدخانغا ھۇجۇم قوزغىدى.» سۇلتان مەھمۇدخان ئىلگىرى شەيبانىخانىنى يېنىغا تارتىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلىكتىن، ئۇ سەمەرقەند ۋە بۇخارانى بېسىۋالغانىدى. ئاخىرىدا شەيبانىخان تىغ ئۇچىنى ئۆزىگە قاراتقاندا، «چارىسىز قېلىپ، نۇرغۇن نادامەت چەككەن بولسىمۇ، پايدا قىلمىدى.» سۇلتان مەھمۇدخان شايبانىخانىنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل كېلەلمەي ئۆزىنىڭ كىچىك ئۇكىسى سۇلتان ئەھمەد خاندىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى . سۇلتان ئەھمەد خان ھىجرىيە 906 - يىلى (1500 — 1501)، تاشكەنتكە بېرىپ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۇچراشتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز ئوغلى سۇلتان مۇھەممەتخانىنى شەيبانىخانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شەيبانىخانىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھوجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگان بىلەن بابۇر مىرزىنى ئۆزى تۆپىگە ئورۇنلاشتۇردى.

شەيبانىخان ئىككى سەپتە سۇلتان ماھمۇد خانغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ چاپاۋۇل قىسىملىرى ئۇخسى

قەلئەسگە يېتىپ كەلدى. شەيخ بايىزد بۇ قەلئەنى چىلڭ ساقلاپ زادىلا تەسلىم بولماي تۇرۇۋالدى. ئۇزاق قالماي، شەيبانىخان 30 مىڭدەك تولۇق قوراللانغان ئەسكەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، كوچچۇم سۇلتان، جانىبەگ سۇلتان قاتارلىق سەركەردىلەر ۋە ئەمىرلەر بار ئىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى سەپكە تىزىلىپ، سوقۇش باشلاندى، بۇ سوقۇشتا شەيبانىخاننىڭ قوماندانلىرى كۆپ، ئەسكەرلىرى خىل بولغانلىقتىن، سۇلتان ماھمۇدخاننىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ، سۇلتان ماھمۇد خان ۋە سۇلتان ئەخمەد خان شەيبانىخاننىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. بابۇر مىرزا ئامال قىلالماي، شەھەردىن قېچىپ قارا تېگىن ئارقىلىق كابۇلغا كەتتى.

شەيبانىخان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تولۇق غەلىبە قىلىپ، تاشكەنتنى سۇلتان مەھمۇدخاندىن تارتىۋالدى ھەمدە سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ سىڭلىسى خېنىم خاننى (يۇنۇسخان قىزى) ئوغلى تۆمۈر سۇلتانغا نىكاھلاپ ئېلىپ بەردى. شەيبانىخان ئايشە سۇلتان خېنىمنى، جانىبەگ قۇتلۇق خېنىمنى ئەمرىگە ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى خاننى موغۇلىستانغا قايتۇردى.

سۇلتان ئەخمەدخان موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ، ھىجرىيە 909 - يىلى (1503 — 1504) ئۇچتۇرپاندا ۋاپات بولدى. سۇلتان مەھمۇدخان يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە ماۋارائۇننەھرگە بېرىش خىيالىدا بولۇپ يۈردى. ئۇ «شاھبەگ خانغا قىلغان مەرھەممەت ۋە ياردەملىرىمنى نەزەرگە ئېلىپ، ماڭا ياخشىلىق قىلسا ئەجەب ئەمەس» دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئۆز باللىرى ۋە يېقىن ئىشەنچلىك بەگلىرىنى ئېلىپ شىنجاڭدىن تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقىپ، چېگرىدىن ئۆتكەندە، شەيبانىخان دەرھال خەۋەر تېپىپ سۇلتان مەھمۇدخاننى

قولغا ئالدى ۋە ئۇنىڭغا: «مەن سېنى بىرىنچى قېتىم تۇتقۇن قىلغاندا، سېنى مېنىڭ ئاتام ۋە تۇغقىنىم دەپ ھېسابلاپ يۇرتۇڭغا قايتۇرغانىدىم. ئەمدى يەنە مەرھەمەت قىلالمايمەن. يەنە مەرھەمەت قىلىش — مۈلۈكنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ» دېدى. ھىجرىيە 914 - يىلى (1508 — 1509)، شايبانىخان ئۇنى بەش نارەسىدە ئوغلى بىلەن بىللە خوجەند دەريا چۆكتۈرۈپ قەتل قىلدى. دېمەك، سۇلتان مەھمۇدخان شەيبانىخانىنىڭ خائىنلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنلىكتىن، ئاخىر مۇشۇنداق پاجىئەلىك ئەھۋالغا قالدى، دۆلەتنى مۇنقەرزلىككە ئۇچراتتى.

شەيبانىخان «ئۆزبېكلەر ئارىسىدا 30 مىڭدەك موغۇل بار. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىزگە ئەقىدە بىلەن خىزمەت قىلمايدۇ. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا، بىز ئۇلارغا نېمە قىلغان بولساق، ئۇلارمۇ بىزگە شۇنداق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگاندۇر. ئۇ لەشكەر بېشى ئۇنى چوقۇم تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشىمىز لازىم. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش گويا خانلاردىن بىرىنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولىدۇ» دەپ ھېسابلايتتى.

مۇھەممەت ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد ھەيدەر ھىجرىيە 880 - يىلى (1475 — 1476) تۇغۇلۇپ 12 ياشقىچە سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ تەربىيىسىدە بولدى. سۇلتان مەھمۇد خان ئاتىسى سۇلتان يۇنۇسخان ئورنىغا خان بولغاندىن كېيىن، مۇھەممەت ھۈسەيىن سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ خىزمىتىدە بولدى. ھىجرىيە 899 - يىلى (1493 — 1494)، يۇنۇسخاننىڭ چوڭ قىزى خوپ نىگار خېنىمنى نىكاھىغا ئېلىپ يۇنۇسخانغا كۈيئوغۇل بولغانىدى. شۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇدخان ئۆرە تۆپىنى بارلىق ھودۇدلىرى بىلەن مۇھەممەت ھۈسەيىننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ئۇ بۇ ۋىلايەتتە توققۇز يىل

ۋالىيلىق قىلدى. كېيىنكى چاغلاردا شەيبانىخان تەرىپىدىن يېڭىلىپ قېلىپ ئۆزە تۆپىدىن قارا تېگىن تەرەپكە قاچقاندى. ئۇ چاغدا ھىسار، قۇندۇز، بەدەخشان ھۆددۇتلىكدە خۇسراۋ شاھ ھۆكۈمران ئىدى.

مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگانى خۇسراۋ شاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ ھىسارغا باردى. بۇ جايدىن يەنە قارا تېگىن تەرەپكە كەتتى. بۇ جاي قىش كۈنلىرى ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بولىدىغان جاي بولغاچقا، قار قېلىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئورۇنلاشقان دائىرىدىن يۆتكىلىشكە ئىمكان بولمىدى. كېيىن بۇ جايدىن جان قايغۇسى بىلەن ئەنجاننىڭ شەرق تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ تاغلىرىدىكى «جىراق» دېگەن بىر قوۋم ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردى. شەيبانىخان مۇھەممەدھۇسەيىن كوراگانىنى «جىراق» تا تۇتۇپ يوقىتىش ئۈچۈن جەڭ قىلدى. مۇھەممەد ھۆسەيىن بۇ قېتىمقى جەڭدە شايبانىخاننىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. ئۇ دەرھال شايبانىخان ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى. شەيبانىخان ئۇنى سەمەرقەندكە ئۆزى بىللە ئېلىپ باردى. شەيبانىخان خۇسراۋ شەھىتىن ھىسارنى تارتىپ ئېلىپ، خۇراسانغا يۈرۈش قىلغان چاغدا، مۇھەممەد ھۇسەيىن كوراگانى 12 ئادەم بىلەن خۇراسانغا قېچىپ كەتتى. شەيبانىخان، خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىپ، ھىجرىيە 912 - يىلى (1506 —1507) بۇ يەرنى پەتىھ قىلغاندا مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگانى يەنە شايبانىخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. شەيبانىخان ئۇنى دەرھال ئۆلتۈرمەستىن بەلكى ھىيلىگەرلىك بىلەن مۇھەممەدھۇسەيىن كوراگانىغا ھىراتقا قايتىشقا رۇخسەت قىلدى ۋە ئارقىدىنلا ئالچاق ئەۋەتىپ ئۇنى ھىجرىيە 914 - يىلى (1508—1509) خۇراساندا قەتل قىلدى. مۇھەممەت ھۇسەيىن كوراگانى ئەمىر ھۇسەيىن سادات مازىرىغا دەپنە قىلىندى.

شەيبانىخان مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگاننى خۇراساندا ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مۇھەممەت ھەيدەرنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى. ئۇنىڭ ئەزىلىكىدە مۇھەممەد ھەيدەرمۇ ئامۇ دەرياسىدا غەرق بولىدىغانلار قاتارىدا ئىدى. بۇ ئىش مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ھەمشىرىسىنى نىكاھىغا ئالغان ئەبەيدۇللا سۇلتانغا تاپشۇرۇلدى. ئەبەيدۇللا سۇلتان بۇ ئىشنى ئانچە خالىمىسىمۇ ئەمما شەيبانىخاننىڭ سىزىقىدىن ئەسلا چىقالمايتتى. شۇڭا، ئۇ مۇھەممەت ھەيدەرنى ئەۋەتىلگەن كىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە مۇھەممەت ھۈسەيىن كوراگاندىن قالغان نەرسىلەرنى تىنتىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ ماڭساڭلار دېگەن باھانە بىلەن بىرنەچچە كۈن كەينىگە سۈرىدى. دەل مۇشۇ چاغدا مۇھەممەت ھۈسەيىننىڭ ئۇستازى مەۋلانا مۇھەممەت ئۇنى مەخپىي ھالدا بۇخارادىن كابۇلدىكى تاغىسى بابۇرنىڭ قېشىغا قاچۇرۇۋەتتى.

## 5 — بۆلۈم شەيبانىخاننىڭ شاھ ئىسمائىل بىلەن مەرۋىنىڭ يېنىدا بولغان جەڭدە پۈتۈنلەي يوقىتىلىشى

ھىجرىيە 913 - يىلى (1507 — 1508)، شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن نارەسىدە بەش ئوغلىنى خوجەند دەرياسى بويىدا ئۆلتۈرۈپ موغۇلىستاندىن كۆڭلى ئارام تاپقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدىكى دۈشمەنلىرىگە قاراتتى. شۇ مەزگىللەردە خۇسراۋ شاھ، بىلەن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىرزىنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى مۇستەقىللىق تالىشىپ، ئۆزئارا جەڭگە - جېدەل

چىقىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، شەيبانىخاننىڭ تەھدىتىگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا ئىتتىپاقلىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شەيبانىخان ھەممىدىن ئاۋۋال خۇسراۋ شاھقا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن تەنبەل خان ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن بۇ ئۇرۇشنى توختىتىپ ئۆزىگە قارشى ئىسيانىنى جىمىقتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تەنبەل خاننى جىمىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكىلەرگە ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ ۋاقىتتا بابۇر شاھ خىتلاندا ئەڭ تونۇلغان شاھلارنىڭ بىرى ئىدى. شەيبانىخان پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچى بىلەن خارازىمگە ھۇجۇم باشلىدى. خارازىمگە سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بايقارانىڭ ئەڭ سادىق تەرەپدارلىرىدىن بولغان ھەسەن سوپى ھاكىم ئىدى. شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى «بۇ ۋاقىتتا ئامۇ دەرياسىدىن بېسىپ ئۆتۈپ ھەسەن سوپىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان تۈركمەنلەر سېپىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلدى. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ھەسەن سوپى داۋاملىق باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلماي ئۇرۇشتىن چېكىنىپ ھېسارغا قاچتى. شەيبانىخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئىز باستۇرۇپ كېلىپ خۇسراۋ شاھقا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى ئۇنىمۇ مەغلۇپ قىلدى» ۋە «خۇسراۋ شاھنى 200 دەك سادىق ئەسكىرى بىلەن قوشۇپ تامامەن يوقاتتى. خۇسراۋ شاھنىڭ ھېسار، قۇندۇزدا 25 يىلدىن بېرى توپلىغان خەزىنىلىرىگە ئىگە بولدى». ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ھەسەن سوپىغا ئەۋەتتى. ① ھەسەن سوپى بۇ چاغدا خارازىمنىڭ يېنىدىكى بىر ئەسكى گازارمىدا ئىدى. بۇ ئەھۋال ھەسەن سوپىنى قاتتىق ۋەسۋە-

① مىرخاۋەندى يازغان «رەۋزە تۇسسەپا» دە: «شەيبانىخان خۇسراۋ شاھنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ئۇنى بىر ئېشەك قويرۇقىغا باغلاپ، قۇندۇز كوچىلىرىدا ئايلاندۇرۇپ قەتل قىلدى» دېيىلگەن.

سىگە سالغان بولسىمۇ «شەيبانىخاننىڭ ھۇجۇمىغا قارشى 11 ئاي سوقۇش قىلدى. بۇ جەرياندا قەلئەدىكىلەر قامال ئىچىدە قالغانلىقتىن ئاچلىقتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلدى. قالغانلىرى جەڭ ئىقتىدارىنى يوقاتتى. شەيبانىخان خارەزىم قەلئەسىنى پەتھ قىلىپ ھەسەن سوپىنى ئۆلتۈردى.»

شەيبانىخان خارەزىمنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق دۈشمىنى ھېسابلىغان خۇراسان سۇلتانى ھۇسەيىن مىرزا بايقاراغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. شەيبانىخان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىدىن پايدىلانغاندىن سىرت، يەنە ماۋرائۇننەھردىكى ھەنەفىيە مەزھىپىدىكىلەردىنمۇ پايدىلاندى.

بۇ ئۇرۇش ھىجرىيە 911 - يىلى (1505 — 1506) پارتلىدى. ئۇرۇش پارتلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزا ۋاپات بولدى. سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا مىرزا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بالىلىرى ئىچىدە نىزا باشلىنىپ كەتتى. ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىرلىككە كېلەلمىدى. ھۇسەيىن بايقارانىڭ چوڭ ئوغلى بەدىئۇززامان ئىنىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى تۇرماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مال - دۇنياسىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالدى. شۇ چاغدا بابۇر مىرزا ئۆزىنىڭ ۋەزىرى جاھانگىر بىلەن كابۇلدا ئىدى. بۇ ۋاقىتتا شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ ھورغاپ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھىراتتىكى بەدىئۇززامانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما بەدىئۇززامان شەيبانىخاننىڭ بۇ تەلىپىگە قاتتىق ھاقارەت بىلەن جاۋاب بەردى. ئۆزبېك قوشۇنلىرى دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، «مەرجاڭ» غىچە ئىلگىرىلىدى. ئۆزبېك قوشۇنلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا شەيبانىخاننىڭ ئوغلى

تېمۇر سۇلتان، شەيبانىخاننىڭ ئىنىسى مەھمۇد سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا سۇلتانلار بار ئىدى. ھەجرىيە 913 - يىلى (1507 — 1508) ھىرات قوشۇنلىرى بىلەن شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. بۇ جەڭدە نۇرغۇن قان تۆكۈلدى. ئاخىرىدا، شەيبانىخاننىڭ قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈك قازاندى. ئەمىر زۇلنۇن بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىرات قوشۇنلىرى تامامەن يېڭىلدى.

ھىرات شەھىرىدىكى سەئىد ئابدۇللا مىرزا مەشھۇرگە قاچتى. ئابدۇل باقى ۋە ئەمىر مۇھەممەت بۇرۇندۇق سىبىزۋارغا قېچىپ قۇتۇلدى. بەددىئۇززامان قەندىھارغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

ھەجرىيە 913 - يىلى (1507 — 1508) ھىراتنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىما ۋە ئۇلۇغلىرى شايبانىخان ئالدىغا چىقىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپ، شەيبانىخاننى ئەسكەرلىرى بىلەن ھىراتقا باشلاپ كىردى. شايبانىخان ھىراتنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بايقارانىڭ 38 يىلدىن بېرى توپلىغان خەزىنىلىرىنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە خۇتبەدە ئۆزىنىڭ لەقىبى - «خلىفەالرھمن» دېگەننى قوشۇپ ئوقۇشنى جاكارلىدى.

شەيبانىخان ھىراتتىكى ئىشلاردىن قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن، بەددىئۇززاماننىڭ ئائىلىسىنى ۋە مۇزەپپەر مىرزا ھۈسەيىن مىرزىنىڭ خوتۇن - بالا چاقىلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا ئالدۇردى. مۇزەپپەر ھۇسەيىن مىرزىنىڭ 57 ياشلىق خوتۇنىنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئۇنىڭ دۇنيا دەپىنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى، قىممەتلىك تاشلار، ئۈنچە - مارجان، ئالماس، جاۋاھىرلارنى ئۆز دەرگاھىغا ئالدۇردى. شەيبانىخان بەددىئول زاماننىڭ ئائىلىسىگىمۇ نومۇسسىزلارچە مۇئامىلە قىلدى. بۇ

چاغدا بەددىئۈز زامان بابۇر شاھنىڭ ئالدىغا قېچىپ كەتكەنىدى.

شەيبانىخان ماۋارا ئۇننەھرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، يەنە مەرجاڭ سوقۇشىدا غەلىبە قازىنىپ پۈتۈن خۇراساننى ئۆز ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئالدى. ئۇ ھىراتنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنى خۇراساندا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يۈزلەنىدى، ئۇ بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەنە خۇراسانغا قايتتى.

شەيبانىخان بىر نەچچە مەملىكەتنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن، قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئۆز مەملىكىتىنىڭ تېررىتورىيىسىنى غەربكە ۋە شەرق تەرەپكىچە كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلدى.

شەيبانىخان ئىرانغا يۈرۈش قىلىش مەقسىتىدە ھەربىي كۈچىنى توپلىدى. ئىسمايىل شاھنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى پارس ۋە تۈركمەنلەردىن بولۇپ ساپلا دېگۈدەك قىزىل بۆك كىيگەن شەيخلەردىن ئىدى. شۇڭا ئۇلار «قىزىل باشلار» دەپ ئاتىلاتتى. شاھ ئىسمايىل شەيبانىخاننىڭ قوشۇن تارتىپ چىقماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ئالدىن ھەرىكەت قىلدى.

شاھ ئىسمايىل سەبزۋار، نىشاپور قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەرۋشاھجانغا يېقىن بىر يەرگە چۈشتى. مەشھەتتە ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنلىرى ئۈچ كۈن قاتتىق ئېلىشتى.

شەيبانىخاننىڭ 20 مىڭدەك ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر مۇستەبىت، زالىم ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاسانلىقچە قوبۇل قىلمايتتى.

شاھ ئىسمايىلنىڭ قوشۇنلىرى تۆپىلىكنى شەيبانى-

خاننىڭ ئەسكەرلىرىدىن بۇرۇن ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن ئېگىز ـ پەس جايدىن دۆڭلەرگە ياماشتى. ئۆزبېك قاراۋۇللىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۇلار قايتىشقان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىشتى.

بۇ ئۇرۇش ھىجرىيە 916 - يىلى (1510 — 1511) يۈز بەرگەندى. ئۆزبېك ئەسكەرلىرى ئۆزىنى ئوڭلاپ، جەڭگىۋار سېپىنى تۈزەپ بولغىچە، تۈركمەن ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلدى. شەيبانىخاننىڭ ئەسكەرلىرى تۈركمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزىدىن جىقلىقىنى كۆرۈپ، قېچىشقا باشلىدى. شەيبانىخاننىڭ لەشكەر باشلىقلىرى ھەر قانچە جانبازلىق قىلىشقان بولسىمۇ، تۈركمەن ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن ھالاكەت تەرەپكە يۈزلەندى.

ئۆزبېك ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ چېكىنگەندىن كېيىن، شەيبانىخان ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ئەشەنچىلىك قەھرىمانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە تۈركمەن قوشۇنلىرىنىڭ سېپىنى بۆزۈپ، مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتىشكە تىرىشتى. ئەمما ئاخىرى تۈركمەنلەرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشتى. شاھ ئىسمايىل ھىجرىيە 916 - يىلى (1510 — 1511)، شەيبانىخان قاتارلىق ئەسىرلەرنى بوغۇپ ئۆلتۈردى. ئۇ بۇ چاغدا 61 ياش ئىدى. ئۇ پۈتۈن ماۋارائۇننەھرىگە ئون نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى ۋە قورال كۈچىگە تايىنىپ بەدەخشان، خۇراسان، خارەزىم ۋە ھەتتا ئىران چېگرىسىغا قەدەر بولغان جايلارنى بېسىۋالغانىدى. بۇ مەزگىللەردە كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ چېنىغا زامىن بولۇپ، «ھەججاج II» دەپ نام ئالغانىدى. «زوراۋانلىق قىلغۇچىلار زوراۋانلىق ئاستىدا ئۆلىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بويىچە، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ باشقىلارنىڭ قولىدا ئاخىرلاشتى.

# 6 - بۆلۈم غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى

غەربىي يۇرت ① مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە ئۆزۈلدىن بويان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلدى. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. غەربىي يۇرت دۇنيادا تارىخى ئۇزۇن رايونلارنىڭ بىرى. بۇ زېمىندا ياشىغۇچى خەلقلەر ئەڭ قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە دۇنيا پەن - مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشۇش بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلارغا پارلاق مەدەنىيەت قالدۇرۇپ كەلگەندى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە — ئەڭ دەسلەپكى زور ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ غەربىي يۇرتتا دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كەلدى ۋە راۋاجلاندى.

غەربىي يۇرت — ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ۋە ياۋروپا بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغاچقا، 3000 نەچچە يىلدىن بۇيان ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيەتلىرىنى

---

① غەربىي يۇرت — بۇ جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم بولۇپ، تارىختا كىشىلەر بۇ ئۇقۇمنى كەڭ ۋە تار مەنىدە قوللىنىپ كەلدى. كەڭ مەنىدىكى غەربىي يۇرت ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلىرىنى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىنى (ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركمەنىستان ۋە قازاقىستاننىڭ جەنۇبىنى) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەن بۇ يەردە «غەربىي يۇرت» دېگەن ئۇقۇمنى كەڭ مەنىدە قوللاندىم.

ئۆزىگە مۇجەسسەملىدى ۋە جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇشىدا ئاساسىي كۆۋرۈك بولۇپ كەلدى. غەربىي
يۇرت ئۆزىنىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىتى بىلەن شەرق
مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشىدا
مۇھىم رول ئوينىغانىدى. مىلادىدىن II ئەسىر قەدىمكى دەۋردە
«يىپەك يولى» ① نىڭ ئېچىلىشى ئەينى زاماندا جۇڭگو
بىلەن غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپانى تۇتاشتۇرغانىدى. «يىپەك
يولى» نىڭ مەركىزى بولغان غەربىي يۇرتىمۇ تارىخى ئەسىرلەر-
دە خۇددى «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تۆت كوچا ئېغىزى» دېيىلگەن-
گە ئوخشاش، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرىگە
ئۆتۈشۈش ئېغىزى بولۇپ كەلگەنىدى. پارلاق جۇڭگو مەدەنىيىتى،
يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى دەل مۇشۇ جايدا
بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتى-
شكەنىدى. ئۇيغۇر، قارۇشتى، رونىك، تۈرك، سوغدى، سانسكى-
ريت، توخرى، ئەرەب، خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ يېزىقلىرى
بۇ رايوندا كەڭ قوللىنىلغانىدى. شۇنداقلا ئۈچ بۈيۈك
تىل سىستېمىسى (يەنى ئالتاي تىللىرى، ھىندى — ياۋروپا
تىللىرى، خەنزۇ — تىبەت تىللىرى سىستېمىسى) دەل
مۇشۇ «تۆت كوچا ئېغىزى» دا ئۇچراشقانلىقتىن، قەدىمكى
زاماندا غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە
راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرگەنىدى. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ تاۋار -
دۇردۇن، فار - فور قاچا قاتارلىق قىممەتلىك تاۋارلىرىنىڭ
شىنجاڭنىڭ يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە ئوتتۇرا

---

① «يىپەك يولى» دېگەن ئاتالغۇ XIX ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا،
ئىمىس سەييياھى رىچىت خوفېن تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
ئۇنىڭ ئالدىدا «بىرونزا يولى» «شاھراي ئەبرىشىم» «كارۋان بويۇك»
دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ ھەقتە ۋەلىنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزى-
تى» 1985 - يىل 11 - ئۆكتەبىردىكى سانىغا بېسىلغان «يىپەك يولى، قورۇق-
چىبەگ ۋە باشقىلار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.

ئاسىيا ۋە باشقا رايونلارغا ئۈزۈلمەي توشۇپ تۇرۇلۇشى، غەربنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا، مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىن غەربىي يۇرت ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگۈزۈلگەن نەرسىلەرمۇ ئوخشاشلا جۇڭگو ئىقتىسادىغا ۋە مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەنىدى. بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنىغا ئوخشاش دىنلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا غەربىي يۇرت ئارقىلىق كىرىپ كەلگەنىدى. شۇنىڭدەك، دىن بىلەن بىللە بۇددىزم پەلسەپىسى، مۇزىكا، سەنئەت، ھەيكەلتىراشلىق، تېرىقچىلىق ئۇسۇلى قاتارلىقلارمۇ بىللە كىرىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى دەۋرلەردە غەربىي يۇرتتا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ھەم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا ئىشلىرىغا ماھىر ئىدى، ھەم ئۇلار ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاچقا، تۈرلۈك دىن ۋە سەنئەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇنلىغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى، قەدىمىي كىلاسسىك ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. نۇرغۇنلىغان دىنىي ۋە قەدىمىي ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇيغۇردىن كۆپلىگەن ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، سەنئەتكارلار، ئاسترونوملار، تېببىيشۇناسلار، ھەربىي ئالىملار مەيدانغا كەلگەنىدى.

مىلادى VII ئەسىردە ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىنى ئىستىلا قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن، بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتى ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئەرەب تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان نۇرغۇن ئالىملار مەيدانغا كەلدى.

ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، IX ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەردە دۇنيا مەدەنىيىتىدە ئورۇن ئالغان مەشھۇر ئالىملارنىڭ بىر قىسمى غەربىي يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئالىملار ئىدى.

سامانىيلار خانلىقى (مىلادى 874 — 999 - يىللار) دەۋرىدە جەمئىيەت بىر قەدەر تىنىچ بولغاچقا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمان ئالىملىرىمۇ مەدەنىيەت تەرەققىي تاپقان غەربىي يۇرتقا كۆپلەپ كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تېز گۈللەندى. بۇ ھەقتە تارىخنىڭ شاھىدى قىلىپ بىر نەچچە مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. مەسىلەن: مەشھۇر ماتېماتىك ئەبۇ جاپپار، مۇھەممەت ئىبنى مۇسائەل خارەزمى، ئۇلۇغ ماتېماتىك ۋە ئاسترونوم ئەخمەت ئەلى پەرغانى، پەيلاسوپ، غەربىي يۇرت ئارىستوتېلى ھەم مەشھۇر مۇزىكشۇناس ئەبۇ ناسىر فارابى (870—950)، ئاتاقلىق تىببىي ئالىم ئەبۇ ئېلى ئىبنىسىنا (981 — 1037)، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، مۇھەممەت ئىبنى ئەخمەت — ئەبۇرەيھان بىرونى (973 — 1048) قاتارلىقلار دەل مۇشۇ غەربىي يۇرتتا ئۆتكەنىدى. تارىخشۇناس گەردىزى (1050 - ؟) نىڭ «زەينۇل ئەخبار» (گۈزەل خەۋەرلەر ئەسىرى)، نىزامۇلمۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» سى ۋە «دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» قاتارلىق كۆپلىگەن مەشھۇر ئەسەرلىرى دەل مۇشۇ جايدا مەيدانغا كەلدى.

قارا خانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە يەتتىسۇ ۋە تارىم ۋادىسىدىكى رايونلاردا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە يېڭىلىنىش ۋە يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا تەرەققىي قىلدى. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان چوڭ شەھەر-

لەر بارلىققا كەلدى. بۇ شەھەرلەردە تۈرلۈك پەنلەر ئوقۇلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى. مەسىلەن: قەشقەردىكى «ساجىيە»، «مەھمۇدىيە» مەدرىسلىرى ۋە چوڭ كۈتۈپخانىلار، جامە، كارۋان سارايلىرى بىنا قىلىنغانىدى.

قارا خانىيلار دەۋرىدە نۇرغۇن ئالىم ۋە ئۆلىمالار ئەدىب، شائىر، تىلشۇناس، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، ئاگرانوملار، ھۆكۈماتېۋىلار، ھەربىي ئالىملار، قانۇنشۇناسلار مەيدانغا كەلدى. IX ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبنى خەلىپە قەشقەرى، تارىخشۇناس ئابدۇجاپپار قاتارلىق ئالىملار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ»داستانى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق داستانى، يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مۇپتاھىل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرى، ئەبۇلفۇتوھ ئابدۇجاپپار ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق چوڭ ئەسىرى ۋە «موجەئۇششۇئاخ» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى) ناملىق قىممەتلىك ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ گۈل تاجلىرىدۇر. بولۇپمۇ «قۇتادغۇ بىلىگ» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۆز تەپەككۈرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بەدىئىيلىكى جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر.

چوڭ لۇغەتشۇناس جامال قارشى (ئەسلى ئىسمى ئوبۇل پازىل ئىبنى مۇھەممەت) بالا ساغۇنلۇق بولۇپ، ئالمالىقتا تۇغۇلغان. ئۇ ھىجرىيە 681 - يىلى قەشقەردە «ساجىيە» مەدرىسىنىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان «ئەسساھ

قىلۇغەت» ناملىق تۆت جىلدلىق كىتابنى «سۇرراخ» (ھەققىي-تولۇق دېگەن مەنىدە) نامىغا ئۆزگەرتىپ، ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئەرەبچە ئىلاۋە بىلەن «مولھەقاتۇس سۇرراخ» دېگەن مەشھۇر لۇغەتنى تۈزۈپ چىققان. مەشھۇر ھېكىم ئىسمادۇدىن قەشقەرى ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى قانۇن» (قانۇنلار شەرھىسى) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. مۇھەممەت ئىبنى ئەلكاتىپ سەمەرقەندىنىڭ تاۋغاچ قىلىچخان مەسئۇد ئىبنى ئەلى (1095 - ؟)غا بېغىشلانغان «ئەغرازۇ سىياسىينى ئىلمىي سىياسى» ناملىق ئەسىرى، مەجىدىدىن مۇھەممەت ئىبنى ئەدنايانىڭ تاۋغاچ ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلانغان «چىن تارىخى» ناملىق ئەسىرى، ئوبۇل فەيزى مۇھەممەت ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى (999 — 1039) نىڭ 30 توملۇق ئەسىرى، مۇھەممەت ئەلئەۋھىنىڭ ھىجرىيە 625- يىلى (1227 — 1228) تاۋغاچ ئىبراھىم خانغا بېغىشلاپ يازغان «جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار دۇنياغا كەلدى. بۇ مەشھۇر ئەسەرلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان ئۇلۇغ تۆھپە بولۇپ، بۇ تەرەققىي تاپقان قاراخانىيلار مەدەنىيىتىنى دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلدى.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئەگەر IX ئەسىردىن XI ئەسىرگىچە بولغان قاراخانىيلار دەۋرىنى غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى دېسەك، ئۇ ھالدا XIV ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ئەمىر تېمۇر ۋە ئۇنىڭ زاماندىشلىرى ياشىغان دەۋرنى يەنە بىر قېتىمقى يۇقىرى پەللىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، «چىڭگىزخانىنىڭ ماۋارا ئۇننەھرگە يۈرۈش قىلغاندا، خارابىلارغا ئايلىنىپ، ئىمارەتلەردىن بىرمۇ پۈتۈن خىش قالمىغان شەھەرلەر، ئەمىر تېمۇر زامانىسىغا كەلگەندە، يېڭىباشتىن ئاۋاتلىشىپ،

سەلتەنەتلىك شەھەرلەرگە ئايلاندى.» ① ھەممىگە ئايانكى، چىڭگىزخاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كۈچلۈك بىر فېئوداللىق ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىققان ئەمىر تېمۇر چاغاتاي خان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا پارچىلىنىش يۈز بېرىش بىلەن تەپرىقچى ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيانى 1370 - يىلى سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردى.

ئەمىر تېمۇر سەمەرقەندنى ئۆزىگە پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سەمەرقەندنى پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش پىلانى بويىچە جاھان مەدەنىيىتىنىڭ پېشۋالىرى دەپ تونۇلغان مۇنەۋۋەر ئەدىب، ئالىملارنى «ئاسىراپ، ئۇلارنى قەدىرلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ» سەمەرقەندگە تەكلىپ قىلىپ كەلدى. سەمەرقەندنى دۇنيادا ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ يۈكسەك ۋە ئاۋات، باياشات، ئىلىم - پەن مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا بەل باغلىدى. ئۇ «سەمەرقەندتە نۇرغۇن چوڭ مەدرىس، خانىقالارنى بىنا قىلغۇزدى. مەدرىسلەرنىڭ گۈمبەزلىرىنى مەرمەردىن پۈتتۈرۈپ، نەقىشلىرىنى خۇددى تىللا بىلەن زىننەتلىگەندەك ئىشلەتكۈزدى. مەدرىس چۆرىسىگە بېھىش گۈلزارىدىن بېشارەت بېرىدىغان بىنالارنى قىلدۇردى». ئەمىر تېمۇر ئىلىم - پەن، بىلىم يۇرتلىرىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىش بىلەن قالماستىن بەلكى شەھەرنى گۈزەللەشتۈرۈشكە بەك ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىغا «باغى شامال» ناملىق بىر باغ ياساتقانىدى، باغنىڭ ھەر تەرىپىگە ئايلانمىسى 1500 گەز كېلىدىغان بىردىن قەسىر ياساتقۇزدى. بۇ قەسىرلەرنىڭ ئەتراپلىرىغا، ئىچى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلگەن تاشلار ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەڭ ئۇستۇن ماھارىتى بىلەن شۇنداق سىلىق تاراشلانغانىكى، باشقا جايلاردا كىشىلەر ياغاچ، پىل چىشى

① مىرخاۋەندى: «رەۋزەتۇسسافا» قوليازما.

قاتارلىقلارغىلا ئەنە شۇنداق نازۇك نەقىشلەرنى قىلالايتتى ... ①
«ئەمىر تېمۇر سۇغىرىش سىستېمىلىرىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئېرىتىش دەرياسىدىن ئۇزۇنلۇقى بەش پەرسەخ، كەڭلىكى 15 گەز كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ ئالغۇزغانىدى». ②. ئەمىر تېمۇر پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە قولايلىق شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاش ئۈچۈن، پايتەختتە چوڭ بىر ھەشەمەتلىك ساراي سالدۇرغان. «بۇ سارايغا ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئۇلارنى تۈرلۈك مۇئەسسەسىلەرگە مەسئۇل قىلدى» ③ بۇ ئىلمى مۇئەسسەسەلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا قەدىمكى يۇنان ۋە رىم ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى چاغاتاي تىلى (ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل)غا تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنى شەرق ئەللىرىدىكى پەن - مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا يېڭى تۆھپىلەرنى يارىتىشتەك يۈكسەك ۋەزىپىلەرنى قويدى. سەمەرقەندتە گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، تارىخشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئەدەبىي سەنئەت قاتارلىق ساھەلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت، مىمارچىلىق، رەسساملىق بويىچە نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

سەمەرقەندتىكى ئەمىر تېمۇر ئوردىسىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توپلانغان كىشىلەر ئىچىدىن بىر مۇنچە ئالىملار مەيدانغا كەلگەنىدى.

بۇ ئالىملار ئىچىدە مەۋلانا شەرەپىددىن ئەلى يەزدى 1424 - يىلى پارسچە يېزىپ چىققان ئەمىر تېمۇرنىڭ

① مىرخاۋەندى يازغان «رەۋزە توسسافا» قولىيازما.
② ③ گىرمان ۋامبىرى، «بۇخارا ياخود ماۋارا ئۇننەھر تارىخى» 1924 - يىلى، موسكۋا ئۇيغۇرچە نەشرى.

تەرجىمىھالى — «زەپەرنامە»، تارىخشۇناس ئابدۇرازاقنىڭ «تېمۇرىيلەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى، مىرخاۋەندىنىڭ پارسچە يازغان «رەۋزەتۇسسافا» دېگەن ئەسىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەۋلانا سەئىددىن مەسئۇت ئىبنى ئۆمەر (1322 — 1395) قاتارلىقلار ۋە تېمۇرنىڭ «تەرجىمىھالى»نى شېئىر بىلەن يېزىپ چىققان داڭلىق سارايي شائىرى خوجا ئابدۇللا ئاتىپ، خەتتاتلىقتا داڭق چىقارغان ھاجى بەندى كورد تەبرىزىنىڭ ئوغلى شەيخ مۇھەممەت قاتارلىق مەشھۇر ئەدىب - شائىرلار بار ئىدى. بولۇپمۇ «ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر نەققاش - رەسسام كامالىدىن بىھزات تەسۋىرى سەنئەتنىڭ ئۇستىسى بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا ئۇنىڭ رەسىملىرى نەپىسلىكى، يارقىنلىقى، رەڭگى جەھەتتىن شەرقنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن سەنئەتتە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن» ئىدى ①. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نەققاشچىلىقتا ۋە رەسساملىقتا پىر سەئىد ئەخمەت، خوجا غىياسىددىن قاتارلىقلار خېلى مەشھۇر بولۇپ خەلق ئارىسىدا تونۇلغانىدى.

ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشاشلا كۈي - مۇزىكىمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى. مۇزىكانتلار ئىچىدە قۇل مۇھەممەت، خوجا ئابدۇللا شەيخنى، ھەسەن ئۇدلار خەلق ئىچىدە ئالاھىدە نام چىقارغان سازەندىلەر ئىدى. خوجا يۈسۈپ بۇرھانىدىن ئۆز زامانىسىنىڭ داڭلىق مۇزىكانتى بولۇپ، ئۇ كومپوزىتورلۇق نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغانىدى.

ئەمىر تېمۇر ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا (1346 — 1476) ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ،

① گېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋرائۇننەھر تارىخى»، موسكۋا، 1924 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

ھىرات شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. بۇ مەزگىلدە خۇراسان مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شاھرۇخ مىرزا ئۆزى ھەم شائىر، ھەم ئالىم بولۇپ ئۇيغۇرچە، پارسچە شېئىرلارنى يازاتتى. ئۇ ئىلىم - مەرىپەت ئىگىسى بولغانلىقتىن، ئاتىسى تېمۇرنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىشقا ۋارسلىق قىلىپلا قالماستىن، يەنىلا قەدىمكى مەدەنىيەت ئاساسىدا ئۆز زامانىسىنىڭ پەن - مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ھىرات، سەمەرقەند پۈتۈن غەربىي يۇرت بويىچە، قۇرۇلۇشى ئەينى زاماندا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ھەشەمەتلىك شەھەرلەر بولۇش بىلەن ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىكىگە نىسبەتەن ئىلىم - مەرىپەت ئەھلى تېخىمۇ جۇغلانغان مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. «شاھرۇخ مىرزا دەۋرىدە بۇ جايلاردا ئاتاقلىق مىمارچىلىق ئۇستىلىرىدىن مۇھەممەت سەبىزى قەبەرىدىن تەرىپىدىن سېلىنغان ئۇمۇمىي بىنالارنىڭ سانى بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن» ① ئىدى. شاھرۇخ جۇڭگوغا ئىككى قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. بۇ ئەلچىلەر ئىچىدە غىياسدىن ناملىق رەسساممۇ بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە جۇڭگونىڭ رەسساملىق سەنئىتى ۋە مۇزىكىسى ھەققىدە نۇرغۇن مەلۇمات بەرگەن. جۇڭگودىنمۇ ھىراتقا بىرقانچە ئەلچىلەر ئۆمىكى كەلگەنىدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەمىر تېمۇر دەۋرىدە بەرپا قىلىنغان خانلىق ئەمىر تېمۇرنىڭ ئوغلى شاھرۇخ مىرزا زامانىسىغا كەلگەندە، ھىراتنى مەركەز قىلغان شاھرۇخ خانلىقى بىلەن سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان ئۇلۇغبەگ (يەنى شاھرۇخنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تورغاي، مىلادى 1409 — 1449 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) خانلىقى دېگەن ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. بۇ خانلىق دەۋرى-

① كىرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋارائۇننەھر تارىخى»، موسكۋا، 1924 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

لىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت راسا
گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. بۇ يەردە ئۇلۇغبەگنىڭ
مەدەنىيەت تارىخىدا ئوينىغان رولىنى، تۆھپىسىنى تىلغا ئېلىش-
قا ئەرزىيدۇ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان 40 يىل ئىچىدە سەمەر-
قەند ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرىپەت مايا كىغا ئايلانغانىدى.

بابۇر ئۇلۇغبەگ دەۋرىدە سەمەرقەندگە سېلىنغان شۇنچە
كۆپ ئوردا سارايلار، خانىقا ـ مەسچىتلەر، مەكتەپ ـ مەدرىس-
لەرنىڭ كۆركەم ھەمھەشەمەتلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى ①.
ئۇلۇغبەگ شۇ زامانىنىڭ ئالىمى ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشى-
سى بولغانلىقتىن، بۇ دەۋردە ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا
كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئۇلۇغ ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ ئۆز ئەتراپىغا
قازىزادە رومى، غىياسىددىن جەمشىد، مۇھىددىن كاشانى، ئەلار
ىددىن ئىبىن مۇھەممەت قۇشچى قاتارلىق مەشھۇر ئاسترونوملارنى
توپلىغانىدى.

ئۇلۇغبەگ «دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالىي بىر خانىقا مەدرىسىنى
بىنا قىلىشنى» پىلانلاپ، بۇ مەدرىسىنى ھىجرىيە 828 - يىلى
(1424 — 1425) دا پۈتتۈردى. بۇ مەدرىسىنىڭ تاملىرىنىڭ
ئىچكى تەرىپىگە ھەر خىل رەڭدىكى زىننەتلىك كاھىش ـ كې-
سەكلەر يېپىشتۇرۇلغان. مەدرىسىنىڭ تۆت مۇنارىسى بولۇپ، كۆ-
رۈنۈش خانىسىنىڭ تاملىرىغا مەرمەر تاشلار قويۇلغان. بۇ مەد-
رىسىنىڭ ئايرىم باغچىلىرى، رەسەدخانىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ
تاملىرى جۇڭگودىن تەكلىپ قىلىنغان رەسساملار تەرىپىدىن
زىننەتلەنگەن. ئۇلۇغبەگ ئۆزى سالدۇرغان مەدرىس ئۇستىگە
«بىلىمگە ئىنتىلىش ھەربىر مۇسۇلمان ئەر ـ خوتۇن، ئوغۇل-
قىزلارنىڭ بۇرچىدۇر» دېگەن ھەدىسنى نەقىش بىلەن ئويۇپ
يازدۇرغانىدى. بۇ ھەدىس ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ ئور-

① خانىدا ئاكى: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 182 - بەت.

نى غەربىي يۇرت خەلقلىرىدە ئەزەلدىن ئەرەب ـ ئىران خەلقلىرىگە قارىغاندا يۇقىرى ئىدى، دېگەن مەنە تامايان قىلىنغان.

شۇ دەۋرلەردە بۇخارا ۋە سەمەرقەندتە قۇرۇلغان مەكتەپ ـ مەدرىسىلەر يېقىن ئەتراپتىكىگە قارىغاندا كۆپ ۋە چوڭ ئىدى. سەمەرقەند يېنىدا ئۇلۇغبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر مەشھۇر رەسەتخانا قۇرۇلغانىدى. بۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشى ھىجرىيە 832 ـ يىلى (1428 — 1429) باشلانغانىدى. بۇ قۇرۇلۇش شۇ قەدەر ئۇزۇن داۋاملاشقانىدىكى، بۇ قۇرۇلۇشقا ئۆلىما، ئالىملاردىن قازىزادە رۇمى، غىياسىددىن جەمشىدە مۇھەممەددىن كاشانى ۋە بىن ئىسرائىل سالاھىددىن قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭ پۈتكەنلىكىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغانىدى. شۇ مەزگىللەردە «بىنانىڭ پەقەت ئوبسېرۋاتورىيە قىسمىلا پۈتكەن بولسىمۇ، بۇ رەسەتخانىنىڭ پۈتكۈل بىناسىنى ئۆلىما، ئالىم ئىبلى قۇشچى تاماملىغانىدى.» ①

بابۇرنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە گىرمان ۋامبىرىنىڭ «بۇخارا ياخۇد ماۋارا ئۇننەھىر تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ رەسەتخانىسى تۆرلۈك بۇرج دەۋرلەر قىسمى، ۋاقىت جەدۋىلى قىسمى، سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى قىسمى، باشقا قىسىملار بولۇپ جەمئىي تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئۇلۇغبەگنىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

بۇ دەۋردە بۇ ئىككى مەدەنىيەت مەركىزىگە توپلانغان ئالىملار ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئەرەب تىلىنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر تىلى دەپ ھېسابلىمايدىغان، پارس تىلى بىلەنمۇ چەكلىنىپ قالمىغان ھالدا چاغاتاي تىلىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوللىنىدىغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى.

---

① گىرمان ۋامبىرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋارا ئۇننەھىر تارىخى»، موسكۋا، 1924 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

بۇ دەۋردە ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، مەۋلانە، سەئىددىن كاشغەرى، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر ناۋائى قاتارلىق ئەدىبلەر، ئالىملار ئەنە شۇ مەركەزدە ياشاپ نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.

تارىخى رەشىدىدە كۆرسىتىلىشىچە: شاھروخ زامانىسىدا ماۋارا ئۇننەھر بىلەن خۇراساندا «خەمسە مۇتەھەييرە» (ھەيران قالارلىق بەش كىشى) دەپ ئاتىلىدىغان بەش كىشى بار ئىكەن، بۇلار: مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى، مەۋلانە داۋۇد ھىسارى، مەۋلانە شەيخ ھۇسەيىن مۆھتەسىپ، مەۋلانە شەمشىددىن، بەھرى ئابارى، مەۋلانە بۇرھانىددىن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەن. خۇراساندا يەنە ئەدىب، ئۇيغۇر باخشىسى ئەلىشىر ناۋائى (مىلادى 1441—1505 - يىللار)، مەۋلانە پاسائىددىن (1514—؟)؛ مەۋلانە ئابدۇراخمان گارىتگەر، بابا ئىلى شاھ شەيخ، ھاجى مۇھەممەت قۇجانى، مەۋلانە شەمسى مۇھەممەت مورغانى، مەۋلانە سەئىددىن، مىرسەئىد شەرىپ جۇرجانى قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان ئالىم، شائىرلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەۋلانە سەئىددىن شەيخ، شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلغان ئاتاقلىق ئالىم ئىدى.

مەۋلانە سەئىددىن تەپقازان شەيخنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى تۆھپىسى تارىخ كىتابلىرىدا مۇنداق دەپ تەسۋىرلەنگەنىدى: «خۇراساندا نۇرغۇن يېتىلگەن ئالىملار بۇ كىشىنىڭ شاگىرتى ئىدى. بۇلار شاگىرتلىق بىلەن پەخىرلىنەتتى. شەيخۇلئىسلام ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مەۋلانە ھىسامىددىن ئىبراھىم، مىر مۇھەممەت، مىر يۈسۈپ، شەمشىددىن مۇھەممەت، بەھرى ئابارى قاتارلىق 25 دانىشمەن بىلەن بىللە مۇتالىئە قىلىشاتتى، كىتابلارنى تەھسىل قىلىشاتتى، نەقىل كەلتۈرۈشەتتى. مەجلىستە (مۇھاكىمە يىغىنىدا) مۇنازىرە قىلىشاتتى. بەزىدە دانىشمەنلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ

قالاتتى، ئەرز قىلىشاتتى. بەزىدە شۇنداق ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلەتتىكەن، شەيخۇلئىسلام ھېچقايسى تەرەپ بولماي، ئۈچىنچى بىر تەرەپ بولۇپ پىكىر بايان قىلاتتى. مەجلىس ئەھلىنىڭ ئۇنىڭ پىكىرىنى تولۇق قوبۇل قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار تاشقىرىغا چىققاندىن كېيىن ھەيران قېلىشىپ، مۇشۇنداق دانىشمەن كىشىلەرمۇ بولىدىكەن، دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ دەرسى 24 يىل مۇشۇ تەرتىپتە بولۇپ، دانىشمەنلەر ھەرگىز شەيختىن بىھاجەت بولالمىدى.» ① دېيىلگەن. بۇ خىلدىكى ئەركىن ئىلمىي مۇھاكىمە دەرسلىرى ئارقىلىق، نۇرغۇن ئىلمىي مەسىلىلەردىكى چىگىشلەر ھەل قىلىنىپ، بۇ مۇھاكىمە دەرسلىرىنىڭ داۋاملىشىشى ئارقىلىق نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. نۇرغۇن ئەسەرلەر، داستانلار، دىۋانلار، شېئىرلار توپلىمى مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلىل مىرزىنىڭ تۈركچە يازغان «دىۋانى»، (سەئىد ئەخمەت مىرزىنىڭ «لەتاپەتنامە» ناملىق دىۋانى)، قاسىم ئالانۇر (1435—؟) نىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق ھەققىدىكى ئەسىرى، شائىر بايائىنىڭ «غەزەللەر دىۋانى»، سۇلتان ئىسكەندەر شىرازىنىڭ «تۈركچە، پارسچە شېئىر دىۋانى»، مەشھۇر شائىر خوجا ئىسمەت بۇخارىنىڭ (1441—؟) شېئىر دىۋانى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكاشۇناسلىق ھەققىدىكى ئەسىرى، بابۇر مىرزىنىڭ تۈرك تىلىدا يېزىلغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى، خوجا ئابدۇللا ئاسپىنىڭ تېمۇرنىڭ تەرجىمىھالىنى شېئىر بىلەن يازغان ئەسىرى، مەۋلانە ھەسەن كىبرايىنىڭ جالالىددىن رۇمىنىڭ مەسنەۋىسىگە يازغان شەرھى، مۇھەممەت سالىخ يازغان «شەيبانىنامە» دېگەن ئەسىرى، تۈركىي تىلدا يازغان «لەيلى — مەجنۇن» ناملىق ئەسىرى، مەۋلانە ئابدۇغوپۇر ھاجىنىڭ (1560—؟) «ھوقۇق ئىلمى» ھەققىدىكى ئەسىرى بار ئىدى.

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

بىز تۆۋەندە مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرى ھىجرىيە 778 - يىلى (1376 — 1377) ئۆپچۆرىسىدە قەشقەردە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. «ئۇلارنىڭ جەمەتىدە ئالىملار، ئەھلى تەقۋادارلار، سالىغلار، ئەۋلىيالار بولغان» ① ئىدى.

مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرى ياشىغان دەۋردە نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەمەرقەندكە توپلانغانىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرىمۇ ئىلىم ئىزدەش ئىشتىياقى بىلەن ئۆز پەرزەنتى مىرسەئىدنى ئېلىپ سەمەرقەندكە بېرىپ قەشقەرلىق مەۋلانە مۇھەممەت خەتتاد بىلەن بىللە ئىلىم تەھسىل قىلدى. كېيىنچە، ئۇ خۇراسانغا بېرىپ «مەۋلانە نىزامىددىننى ئۆزىگە پىر ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن پۈتۈن ئەنئەنىۋى سىلسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆگىنىپ زامانداشلىرى ئارىسىدا زور ئاتاققا ئىگە بولدى.» ② مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرى كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ پەخىرلىك ئورۇننى ئىگىلىگەندىن كېيىن خۇراساندا سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا سالدۇرغان «مەلىكان» مەدرىسىدە مۇدەررىس بولۇپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە شائىر مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى، مەۋلانە ئەلائىددىن، مەۋلانە شەمسىددىن رۇمى قاتارلىق ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ يازغان ئەسەرلەر زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىدى. مەۋلانە سەئىددىن كاشغەرى ھىجرىيە 860 - يىلى (1455 — 1456) 82 يېشىدا خۇراساندا ۋاپات بولدى. ئابدۇراخمان جامى ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىدە مەۋ-

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى»، قولىيازما.

② مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى: «نەبهاتولئۇنس» قولىيازما.

لانه سەئىدىن كاشىغەرىدىن بىلىم تەھسىل قىلغانىدى. كېيىن، مەخدۇمى نۇر خوجاشىھابىدىن ماھمۇد (خۇجاخاۋەندى مەھمۇد دەپ مەشھۇر بولغان) نى ئۆزىگە پىر - ئۇستاز تۇتۇپ پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى، يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بو-لۇپ يۈكسەك پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى.

مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇۋاپپەقىيەت-لىك يىللىرى شاھروخ دەۋرى (1409 — 1449) بىلەن خۇ-راساندىكى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا دەۋرى (1438 — 1505) ئىدى. مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە خۇرا-سان ۋە پارس خەلقلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇنىڭ نامى پۈتكۈل ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق ئورۇن ئىگىلىگەنىدى.

ئابدۇراخمان جامىنىڭ تۈھپىسى تۈركى تىللار ئەدەبىياتىدا، جۈملىدىن پارس ئەدەبىياتىدا مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغاندىن باشقا، «ئۇنىڭ ئەسلى كىبىلىپ چىقىشى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان ...» ① ئەلىشىر ناۋائىيغا ئوخشاش شانلىق ناماياندە ۋە ئىلىمسەركەردىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

شائىر ۋە سىياسىئون ئەلىشىر ناۋائى ھىجرىيە 845 -يىلى (1441 - 1442) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. ناۋائىينىڭ ئائىلىسى شۇ زامانىنىڭ مەرىپەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەھلى بىلەن يېقىن ئالاقىدار ئىدى.

ناۋائى كىچىكىدە مىرزا ھۇسەيىن بايقارا بىلەن دوست ۋە ساۋاقداش ئىدى. ئۇ ئىلىم - مەرىپەتكە ۋە ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغانىدى، ناۋائىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرى-

---

①مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىرەشىدى» قولىيازما.

سىدا ھاجى مۇھەممەت ھېكىم بىننى سەئىد مەسۇم خانىنىڭ «مىنەزلىپئالتوۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، ئۇ سۇلتان ئەبۇ سەئىد (1424 — 1469) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزا (1493 — ؟) دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئالىملاردىن بىلىم ئېلىپ كامالەت تاپقانىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چېچەن ناتىقلىرىدىن بولغان مەۋلانە سەككاكى (1393 — 1449)، مەۋلانە لوتفى (1366 — 1465) لار ① ئۇنىڭ زامانداشلىرى ئىدى.

ناۋائى ئۇيغۇر تىلىدا گۈزەل ئەسەرلەرنى يازغانىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلىرى مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدەك مەشھۇر ئىدى. ناۋائى شۇ دەۋرنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەرەب - پارس ئەدەبىياتىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەنىدى. پارس ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن فىردەۋسى، ئۆمەر ھەييام، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، خۇسراۋ دېھلەۋى (1242 — 1325) ۋە مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن ۋە ئۆزىمۇ پارس تىلىدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغانىدى. ئۇنىڭ «پارس ئەدەبىياتىدا تەخەللۇسى فانى» ② ئىدى. ئۇ خوجا ھاپىزنىڭ دىۋانىغا پارسچە جاۋاب يازغانىدى. ئۇ «خۇسراۋ دېھلەۋىدىن كېيىن قەسىدە ساھەسىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس» ③ ئىدى.

---

① ئەلىشىر ناۋائى: «غەزەللەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

② ③ مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

ناۋائىي ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان جاسارەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارس ئەدەبىياتىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى جاپالىق ئەمگەك بىلەن ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنى پارسچىلاشتۇرۇش شاملىغا قارشى تۇرغانىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا بىباھا قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەرياسى ئەتراپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر مۇنچە خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ تىل ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرگىچە ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەممە خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلدى. بۇ تىل قوللىنىلغان ئەدەبىياتمۇ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەپ ئاتىلىپ كەلدى.

ناۋائىي ئەنە شۇ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تۈپ تايانچىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىنى قەيسەرلىك بىلەن قوغدىدى ۋە بۇ تىلدىن چەتنەشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ شانلىق، ئۆچمەس ئەسەرلەرنى ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلدا يېزىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەممىي مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگانى ئۆزىنىڭ «تارىخىي رەشىدى» دېگەن ئەسىرىدە ناۋايى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭغا «... ئىلگىرى ئۆتكەنلەر ۋە ئۆز زامانداشلىرى ئىچىدىنمۇ ۋە كېيىنكىلەر ئىچىدىنمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭلىشەلىگەن ئەمەس. شۇ چاغلاردا خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان ئەھلى ــ فازىللارنىڭ

ئولىسى ئۆزىنىڭ سەۋەبى بىلەن يېتىشىپ چىققان، شۇ دەۋردە يېتىلگەن ئەھلى پازىللاردىن ئۆزىنىڭ تەربىيە - پاردىسىنى كۆرمىگەن كىشى يوق» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.

ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ بايى، چوڭقۇرلۇقى، مەنتىق كۈچىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتە يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆزى ياشىغان دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا ناۋائىي غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ تۆھپىكارلىرىدىن بىرى دەپ ئېيتالايمىز. ئۇ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەر ئىچىدە: «خەمسەئىي ناۋائىي»، «بەدائىيول ۋە سەت»، «بەدائىيول بەدايىي»، «ئەربە ئۇنى ھەدىس مەنزۇم»، «ئەلئەنبىيا ئىي» «مۇلكى ئەجەم»، «ئەسسالاتىن»، «ھەيرەتولئەبرار»، «سانوق تەير»، «خەمسەتۇل موتەھەييرىن»، «سەئىبەئىي ساييار»، «سادىي ئىسكەندەرى»، «غەيرايىبۇس سىغەر»، «پەرھاد - شىرىن»، «نەۋائىدوكىبەر»، «ئەللۇغەتونەۋئىيەۋ ئىتىشھادا تولچىغا تايىگە»، «لوغاتى ناۋايىى»، «مەجالسۇن نەفائىس»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «مەھبۇ بۇلغۇلۇپ»، «مۇناجاتى»، «مىرزا نۇلئەۋزان»، «نەسايىمۇل مۇھەممەدە»، «فەزىمۇلجەۋائىر» «نەۋادىر شىشە باب»، «ۋخىن نامەمەدلىسە ئىخلاسىيە»، «مۇھاكىمە تولۇغەتەيىن»، «تەزكىرەتولئەۋلىيا» قاتارلىقلار بار.

ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان ئەدىب - شائىرلاردىن يەنە نەرگىسى، مىر مۇھەممەت سالىخ شەھىندى، شەھۇدى، گۈل غەتى، گولشەنى، خوجا ئوبۇل بەركە، فىراق، ھەيدەر كىچىك قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

خەتتاتلىق ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان

ئىدى. چاغاتاي يېزىقىنىڭ قولىيازما شەكىللىرىدىن «خەتتى مۇھەققىق»، «خەتتى سۇلۇس»، «خەتتى نۇسۇغ»، «خەتتى رۇقائىي»، «خەتتى نەستەئىلىق»، «جەللى دىۋان»، «رەيھانى»، «كۇفى»، «سىياقەت» گە ئوخشاش بىر نەچچە خىل شەكىللىرى بارلىققا كەلگەنىدى.

«خەتتى نەستەئىلىق» شەكلىنى مىر ئەلى تەبرىزى ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ كىشى شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتاتلارنىڭ ئۇستازى ئىدى.

مىرئەلى تەبرىزى خەتتاتلىق ئىلمىدە مەۋلانە جەپەرنى «خەتتى نەستەئىلىق» شەكلىدە ئەڭ چىرايلىق گۈزەل يازالايدىغان ئۇستا قىلىپ يېتىشتۈردى. «خەتتى سۇلوس»، «خەتتى نۇسۇغ»، «خەتتى رۇقائىي»، «خەتتى مۇھەققىق» شەكىللىرىنى يېزىشتا داڭق چىقارغان مەۋلانە ئابدۇللامۇ بۇ شەكىللەردە ئۇستاز بولۇپ تونۇلدى. ئۇ يەنە ھافىز پوتى، مۇھەممەت كاتىپ سەمەرقەندى، مىر ئابدۇللا، مەۋلانا ھەزئەر، مەۋلانا شەيخ، ئابدۇللا خارەزىمى، مەۋلانا شەيخ مەھمۇدى، ھەنىفى قاتارلىق مەشھۇر خەتتاتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانىدى.

ھىرات شەھىرىدىكى كۈتۈپخانىدا قويۇلغان قەدىمىي قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، قەدىمىي قول يازمىلارنىڭ ماۋزۇلىرى، رەسمىي قەيىدلىرى ۋە لەۋھەلىرى كۆپرەك «خەتتى نەستەئىلىق»، «خەتتى سۇلۇس»، «خەتتى نوسىخ» نۇسخىلىرىدا يېزىلغانىدى.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، «ھىرات كۈتۈپخانىسىنىڭ كۆچۈرۈش تۈزۈمى» بويىچە، ھىرات كۈتۈپخانىسىدا قويۇلىدىغان قەدىمكى قولىيازما ۋە قولىيازمىلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى خەتتاتلار تەرىپىدىن بىر نەچچە نۇسخىدا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلار مەخسۇس خەتتاتلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ

بېكىتىلەتتى. خەتتاتلار يازمىغان، ئەسلى نۇسخا بىلەن سېلىشتۇرۇلمىغان، مەخسۇس كىشىلەرنىڭ باھالىشىدىن ئۆتمىگەن قول يازمىلار ئېتىراپ قىلىنمايتتى.

ھىرات كۇتۇپخانىسىغا قويۇلىدىغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچكى ــ تاشقى مۇقاۋىلىرى نەپىس رەسىملەر بىلەن بېزەپ چىقىلاتتى. كىتاب مۇقاۋىلىرى ناھايىتى كۆركەم ئىدى. كىتابلارغا ئاجايىپ نەپىس قىستۇرما رەسىملەر سىزىلاتتى. رەسساملىق ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەسۋىرىي سەنئىتىدە ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلىگەنىدى. شۇ دەۋرلەردە رەسساملىق سەنئىتىدە تۆھپە ياراتقان شاھ مۇزەپپەر بەگزادە، قاسىم ئەلى مەھمۇت، دەرۋىش مۇھەممەتلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. شۇ دەۋردە ياشىغان، رەسساملارنىڭ سەردارى دەپ ئاتالغان دەرۋىش مۇھەممەت نەيزە تۇتقان بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ سۈرىتىنى سىزغانىدى.

شۇ دەۋردە يەنە مۇزىكىچىلىق (نەغمىچىلىك) ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بىز بۇ يەردە ھىراتتا مۇزىكا پىرى دەپ ئاتالغان ھافىز بەسىرىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئۇ خۇش ئاۋازلىق، ئاتاقلىق مۇزىكانت ۋە پېشقەدەم شائىر ئىدى. «تارىخى رەشىدى» دە: «ئۇنىڭ بىر باغچىسى بولۇپ، باھار پەسلىدە بۇ باغچىدا مۇزىكا بىلەن شېئىر ئوقۇغاندا پاختەك، بۇلبۇل، تۇمۇچۇققا ئوخشاش قۇشلار ئۇنىڭ باش ۋە مۈرىلىرىگە قونۇپ ئۇلارنىڭ ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ سايرار ئىدى» دېيىلگەن.

قىسقىسى، غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مەدەنىيەت گۈلزارلىرىدىن بىرى ئىدى.

# ئىككىنچى باب

## سۇلتان سەئىدخان ۋە يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى

XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا زور تارىخىي ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ھىجرىيە 920 - يىلى (1514 — 1515) سەئىدخان قەشقەردە يېرىم ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەكەندە يېڭى ھاكىمىيەت قۇردى. بۇ ھاكىمىيەت تارىختا سەئىدخاننىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

«مۇجمە ئۇتتاۋارىخ»، «زەپەرنامە»، «تارىخى رەشىدى»، «قەشقەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە: «سۇلتان سەئىدخان؛ بىن سۇلتان ئەھمەدخان، بىن يۇنۇسخان، بىن شىرئەلىخان، بىن مۇھەممەدخان، بىن خىزىرخوجىخان، بىن تۇغلۇق تىمۇرخاندىن تاكى يافەس، بىن نۇھ ئەلەيھىسسالامغىچە» دېيىلگەن. يەكەن — سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا 166 يىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. سەئىدىيە خانلىقى ئەڭ قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ چېگرىسى پۈتكۈل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن تاشقىرى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى،

ئىسسىق كۆل رايونى، پەرغانە ئويمانلىقى، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەتنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە غايەت زور ئىجابىي رول ئوينىدى.

## 1 ـ بۆلۈم سەئىدخاننىڭ كەچۈرمىشلىرى

ھىجرىيە 907 ـ يىلى (1501 — 1502) سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى سۇلتان مەھمۇد خانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، تاشكەنتكە بارغاندا، ئوغلى سەئىدخاننى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. شۇ يىلى سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار شەيبانىخان بىلەن ئوخسىدا ئۇرۇشقاندا، سەئىدخان ئاتىسى سۇلتان ئەھمەدخانغا ھەمراھ بولۇپ، بابۇر مىرزا (1483 — 1530) بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭدە سۇلتان مەھمۇدخان، سۇلتان ئەھمەدخانلار شەيبانىخاننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشىدۇ. جەڭدە سەئىدخانغا ئوق تېگىدۇ ۋە ئېغىر يارىدار بولغانلىقتىن، قېچىشقا ئىمكان بولماي ئۇمۇ ئەھمەدبەگ تەنبەلنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشىدۇ.

شەيبانىخان بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، تېزلا تاشكەنتكە قايتىدۇ. سەئىدخاننى ئوخسى ھاكىمى شەيخ بايىزىدغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. سەئىدخان ئوخسىدا بىر يىل قاماقتا ياتىدۇ.

ئىككىنچى يىلى، ئەھمەد تەنبەل ئىسيان كۆتۈرگەندە، شەيبانىخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. جانىبەكنى ئەنجان ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ سەئىدخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ. جانىبەك ئوخشىغا كېلىپ، سەئىدخاننى قاماقتىن بوشىتىپ، ئۇنىڭغا ئاتلارچە شەپقەت كۆرسىتىپ ئۇنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە تاكى ئۇ قۇندۇز قورغاننى ئالغانغا قەدەر ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغۇزىدۇ. ھىسار ئېلىنغاندىن كېيىن، مەھمۇد سۇلتان قولىدىكى قۇندۇزنىڭ ئېلىنغانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەئىدخان موغۇلىستانغا قېچىش ئۈچۈن 17 كىشى بىلەن مەخپىي ھەرىكەت قىلىدۇ. سەئىدخان بىر قانچە ئادىمى بىلەن قېچىپ قۇندۇزغا كەلگەندە، مەھمۇد سۇلتان كېسەل بىلەن ساقىيالماي ۋاپات بولىدۇ. سەئىدخان 17 ئادىمى بىلەن مەخپىي يوسۇندا، قورال - ياراغ، ئاتلارنى تەييارلاپ، سەمەرقەندتىن خونۇكى يولى بىلەن سايرامغا قېچىپ كېلىدۇ. بۇ يەردە ھايال بولماي، ئۇزۇن ئەھمەد يولى بىلەن 17 كۈن يول يۈرۈپ تەپكەنتكە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ تاغىسى مەھمۇدخان بۇ چاغدا ئىسسىق كۆل بويىدا ئىدى. مەھمۇدخان يارامسىز، ئەلنى ئىدارە قىلىشنى بىلمەيدىغان، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېمەيدىغان دۆت پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سەئىدخان ئۇنىڭدىن يەتتىسۇغا بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغاندا، سۇلتان مەھمۇدخان رۇخسەت بەرمەيدۇ. سەئىدخان سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى يېنىغا تارتىدۇ ۋە بىر تەشكىلات قۇرۇپ، 211 دىن ئارتۇق ئادەمنى قوراللاندۇرۇپ، مەخپىي ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ، سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئازارەتنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ قىرغىزلار رايونىغا كېتىپ قالىدۇ.

سەئىدخان قېچىپ ئۈچ كۈنلۈك يولغا بارغاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلەر يېتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىدۇ. جەڭ ناھايىتى قاتتىق داۋام قىلىدۇ. سۇلتان مەھمۇدخان تەرەپتىن قوغلاشقا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەر ئىچىدە مەخسۇت ئېلى ناملىق بىرى سوقۇشتا بەك باتۇرلۇق كۆرسىتىپ سەئىدخانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. سەئىدخانمۇ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مەخسۇت ئېلى بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ سەئىدخانغا ئوق ياغدۇرىدۇ. بىر پاي ئوق سەئىدخاننىڭ سول تاغىقىغا سانجىلىپ، تاغاقنى سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ. سەئىدخان مۇشۇنداق ھالدا تۇرۇپمۇ، دۈشمەننىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ يۈرۈپ، ئاخىر قۇتۇلۇپ قالىدۇ. مۇشۇ قېتىمقى جەڭدىكى زەخىملىنىش بىلەن سەئىدخاننىڭ ئوڭ كۆزى، قۇلىقى ئىككى يىل كارغا كەلمەي قالىدۇ. مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە ھېلىقى مەخسۇت ئېلى سەئىدخاننىڭ پاتۇرلىرىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى مەخسۇت ئېلىنى سەئىدخاننىڭ يېنىغا تىرىك ئېلىپ كېلىدۇ. سەئىدخان ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈچىسىدا بىرلا تونىدىن باشقا تونى يوق تۇرۇقلۇق، ئۆز تونىنى ئۇنىڭغا سېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە ئات ئىنئام قىلىدۇ. ئەسىر چۈشكەن مەخسۇت ئېلى سەئىدخاننىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ.

سەئىدخان يارىدار ھالەتتە كۆرمىگەن كۈننى كۆرۈپ، ئۆز ئىنىسى خەلىل سۇلتاننىڭ يېنىغا بېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھىجرىيە 913 - يىلى (1507 — 1508) سەئىدخان ئۆز ئىنىسى، يەتتەسۇ ۋالىيسى خەلىل سۇلتان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سەئىدخان ئىنىسى خەلىل سۇلتان بىلەن قېرىنداشلارچە ئۆتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەئىدخان ۋە خەلىل

سۇلتانلار بىلەن سۇلتان مەھمۇدخان ئوتتۇرىسىدا تىنزالار پەيدا بولىدۇ. سەئىدخان كۆڭلىگە پۈككەن پىلان بويىچە سۇلتان مەھمۇدخاننى يوقىتىپ، ھاكىمىيەتنى مۇنقەرز بولۇشتىن ساقلاش مەقسىتىدە تەييارلىققا كىرىشىدۇ. بۇ جەريانىدا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ سوقۇشلار بولۇپ، ئىككى تەرەپتە نۇرغۇن چىقىم بولىدۇ. بۇ سوقۇش تاكى ھىجرىيە 914 - يىلى (1508 — 1509) غىچە داۋام قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا سۇلتان مەھمۇدخان ئاجىزلايدۇ. ئاخىر مەغلۇپ بولۇپ، موغۇلىستاندا تۇرالماي، شەيبانىخاندىن پاناھ تىلەش خىيالى بىلەن تاشكەنتكە قېچىپ بارىدۇ، لېكىن شەيبانىخان سۇلتان مەھمۇدخاننى ئۇنىڭ بەش ئوغلى بىلەن بىللە خوجەند دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ۋەقە ھىجرىيە 914 - يىلى (1508 — 1509) يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى يەتتىسۇ ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرى سەئىدخان تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدا يەنە نىزا پەيدا بولىدۇ. مەنسۇرخان سەئىدخان بىلەن خەلىل سۇلتاننىڭ يەتتىسۇ ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىنى بېسىۋالغانلىقىغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ جايلارنى ئۇلاردىن تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلان قىلىدۇ. سۇلتان سەئىدخان بىلەن سۇلتان خەلىل خانلار ھەممە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ «چالىۋۇن چالاك» دېگەن جايغا يېتىپ كېلىدۇ، بۇ ئۇرۇش موغۇلىستاننىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بولغان ئەۋلىيا ئاتا (ھازىرقى ئالمۇتا) يېنىدا بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مەنسۇرخان غەلىبە قىلىدۇ. سەئىدخان ۋە خەلىل خانلار مەغلۇپ بولۇپ، ھەربىسى كۆچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. سەئىدخان ئالمۇتىدىن قاچىدۇ. خەلىل سۇلتان ئالمۇتىدىن قېچىپ شەيبانىخاننىڭ يېنىغا پاناھلىق تىلەپ ئوخسىغا كەلگەندە، جانىبەگ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئوخ-

سى دەرياسىغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

سەئىدخان ئالمۇتىدىن 50 نەچچە ئادىمى بىلەن قېچىپ 17 كۈن يول يۈرۈپ «دولان» ① غا كېلىدۇ. سۇلتان سەئىدخان ئادەملىرىنى ئەتراپلارنى چارلاشقا ئەۋەتىدۇ. شۇ كۈنى سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى بىر تىل تۇتۇپ كېلىدۇ، سەئىدخان ئۇنىڭدىن گەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇ جايدىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جايدا «ئورۇق» دېگەن بىر قەبىلە خەلق ياشايدۇ. ئۇلار مىرزا ئابابەكرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن، قەشقەرگە يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا، مەن ئۇلاردىن قېچىپ قىرغىزلارغا كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. سەئىدخان خوجا ئېلى باتۇرنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ھېلىقى ئادەملەر بار جايغا يېتىپ بارىدۇ. خوجا ئېلى باتۇر خاننى ئۇلارغا تونۇشتۇرىدۇ. ھېلىقى ئادەملەر: «بىزگە خاننىڭ نېمە لازىمى!» دەپ، سەئىدخاننى ئۆز ئادەملىرى تەرىپىگە ھەيدىۋېتىپ، خوجا ئېلى باتۇرنى ئېلىپ قالىدۇ. سەئىدخان بۇلاردىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئادەملىرى يېنىغا كېتىۋاتقاندا، «سەئىدخان دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ» دېگەن سۆزلەر تارقالغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۈمىدسىزلىنىپ چېچىلىپ كەتكەنىدى. سەئىدخاننىڭ سەردارلىرىدىن ئۈچكۈ مۇھەممەد مىرزا، شاھرەك، ئۆزبكۆللەر پاناھلىنىش ئۈچۈن مەنسۇرخاننىڭ يېنىغا — تۇرپانغا كەتكەنىدى. قارا قۇلاق مىرزا يەنە بىر بۆلۈم ئادەملەرنى ئېلىپ ئەنجانغا كەتكەنىدى. كۆكلەش ئېزىز بەردى باشچىلىقىدىكىلەر قەشقەرگە — مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سەئىدخان نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇ جاڭ-

① دولان — USm:tarim تۇسىمى — تارىم دەرياسى بويىدىكى جايلارنىڭ نامى.

گالدا جاڭگال باتۇرى بولۇپ بىر مەزگىل كېيىك گۆشىنى ئوزۇق قىلىپ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ ھايات كەچۈردۇ. بىر كۈنى تاڭ ئاتقاندا خوجا ئېلى باتۇر قېچىپ كېلىپ سەئىد-خان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سەئىدخان خوجا ئېلى باتۇرنى ئېلىپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىدۇ. سەئىدخاننىڭ ئاۋۋالقى ئادەم-لىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قايتىپ كېلىپ بۇلارغا قوشۇلىدۇ. سەئىدخان: «بىز بىرقانچە يىل مۇنداق ئۆتتىمىز. ئالەمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمىز، ھامان ئۆز ئىشىمىزنىڭ بېشىغا بارىمىز. بىز ئۈمىدۋار ۋە مەردانە بولۇشىمىز كېرەك» دەپ ئۆز ئادەملى-رىنى روھلاندۇردۇ. سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ بۇ سۆزى-نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خۇشال-خۇرام ئارام ئېلىشىدۇ. سەئىد-خان بىرنەچچە كېچىدىن بۇيان ئۇخلىمىغان، ئارام ئالماي، كۆپ يول ماڭغانلىقى ئۈچۈن ھېرىپ - چارچاپ كەتكەندى. ئۇ بىر كۈنى بېشىنى قويۇش بىلەنلا ئۇخلاپ كېتىدۇ، شۇ ئەسنادا: «تۇر، سوق، ئال!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلىنىدۇ. سەئىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ياتاقلارغا ئوت قوي-غانلىقىنى كۆردۇ-دە، تېزدىن ئوقدانىنى باغلاپ تەييار بولىدۇ ۋە ئوق ئېتىشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئاتلىق ئىدى. سەئىد-خاننىڭ ئادەملىرى پىيادە ئىدى، قاراڭغۇلۇقتا ھەر ئىككى ياقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. سەئىدخانغا ھۇجۇم قىلغان بۇ دۈشمەنلەرنىڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇلار مىرزا ئابابەكرى تەرىپىدىن موغۇلىستان سەھرالىرىدا كىمنى تاپسا شۇنى تۇتۇشقا ۋە ئۆلتۈرۈپ بۇلاپ-تالاشقا بۇيرۇلغان لەشكەرلەر ئىدى. مىرزا ئابابەكرى-نىڭ بۇ لەشكەرلىرى ھەممە يەرنى داۋاملىق ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، كەڭ سەھرالارنى پاراكەندە قىلاتتى. سەئىدخان بۇ-لار بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئاخىر، سەئىدخان بالا-چاقىلى-رىنى ئاتقا مىندۈرۈپ يولغا سالماقچى بولىدۇ، بۇ چاغدا

تاڭمۇ ئاتىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى-ئۈچ ئايالدىن باشقىلار-
نىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. سەئىدخان
ئاياللارنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ئارقىسىدا ماڭىدۇ. دۈشمەن
ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ئۇزۇنغىچە قوغلايدۇ. خان ھامان
زەربە بىلەن ئۇلارنى ئارقىسىغا قايتۇراتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال
ئاستىدا سەئىدخان قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي قالى-
دۇ. ئۇ جاڭگاللاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ قوراللىرىنى يوقى-
تىدۇ. بىر ساغداقتا بىر تاللا يۇلغۇن ئوقىدىن باشقا ئوق
قالمىغانىدى. جاڭگالدا ئوقسىز مۇنداق ياشاش ئەسلا مۇم-
كىن ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ، موغۇل خانلىرىنىڭ ئامان-
گاھى بولغان دەشت قىپچاققا بېرىشنىمۇ ئويلايدۇ. بۇنىڭ-
دىنمۇ ئوقسىز ماڭماق قىيىن ئىدى. قەشقەرگە بېرىش ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئۆز پۇتى بىلەن گۆرگە بېرىش ئىدى. مەنسۇرخان بى-
لەن تېخى يېقىندىلا جەڭ قىلىشقان، ھەممە بالانىڭ مەنبەسى
مەنسۇرخان ئىدى. ئەنجانغا ئىسلا بېرىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. شەيبانىخان موغۇل سۇلتانلىرىنى چوقۇم يوقىتىدىغان
ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئاللىقاچانلا مەلۇملۇق ئىدى. شۇنداق
تىمۇ سەئىدخان پەرغانە ھاكىمى جانىبەك سۇلتاننىڭ قېشىغا
بېرىش قارارىغا كېلىدۇ.

سەئىدخان ئەنجانغا بېرىپلا بىر ئاددىي ئايالنى ئۆز نىكا-
ھىغا ئېلىپ خىزمىتىگە سالىدۇ ۋە ئەنجان تەۋەسىدىكى «سۇ-
لات كەنت» كە كېلىپ ئۆز نامىنى ۋە نەسەبىنى يوشۇرۇپ
مەھمۇت سۇلتان، خېلىل سۇلتانلارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ-تىڭلاي-
دۇ. پۇقرالاردىن بارلىق موغۇل خانلىرىنىڭ يوقىتىۋېتىلگەنلى-
كىنى ئۇقىدۇ. بۇ چاغدا ئەنجانغا شەيبانىخاننىڭ ئىشەنچلىك
ئادەملىرىدىن خوجا ئېلى باتۇر دېگەن كىشى ھاكىملىق قىلى-
ۋاتقانىدى. خوجا ئېلى باتۇر ئادەم ئەۋەتىپ سەئىدخاننى
تۇتتۇرۇپ كېلىپ، ئەنجان سېپىلى دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى

بىر ھۇجرىغا قاماپ قويىدۇ، كېيىن خوجا ئېلى باتۇر سەئىدخاننى كىشەنلەپ ئوخشىغا جانىبەك قېشىغا ئەۋەتىدۇ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا جانىبەك سۇلتان ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ يارىلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال سەئىدخاننىڭ تىرىك قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ.

جانىبەك سەئىدخاننى كۆرۈپ: «مەن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان جاللات ئەمەسمەن» دەپ تۆيۈقسىز قاتتىق ۋارقىراپ سالىدۇ ۋە دەرھال خوجا ئېلى باتۇرغا: «موغۇل سۇلتانى كەلگەن بولسا ھېچ كىم ئۇنى ماڭا كېپىللىككە بەرگەن ئەمەس، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش توغرىسىدا بۇيرۇقمۇ يوق. ئۇنى ئامانلىق سەھراسىغا قويۇۋېتىپ بېرىڭلار. خالىغان جايىغا كەتسۇن» ① دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. ئەتىسى سەئىدخان سولاقتىن بوشىنىپ چىقىپ، بابۇر شاھنىڭ قېشىغا قاچىدۇ. سەئىدخان قارا تېكىن يولى بىلەن مېڭىپ، ئاخىر بەدەخشان خانى مىرزا خاننىڭ قول ئاستىدىكى «قەلئە زۇپەر» دېگەن جايغا يېتىپ كېلىدۇ.

سەئىدخان «قەلئە زۇپەر» دە 18 كۈن تۇرۇپ ئۆزىنى سەل - پەل رۇسلىۋالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقىپ كابۇلغا يېتىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىن 18 كۈن ئىلگىرى مىرزا ھەيدەر (تارىخىي رەشىدىنىڭ ئاپتورى) مۇ بابۇر شاھنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغانىدى.

سەئىدخاننىڭ كابۇلغا كەلگەن ۋاقتى ھىجرىيە 914 - يىلى (1508 — 1509) ئىدى. بابۇر شاھ تاغىسى سەئىدخاننى ئىنتايىن ئەزىزلەپ كۈتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چوڭ ھۆرمەت - ئىكراملارنى بىلدۈرىدۇ.

سەئىدخان بابۇر شاھ قېشىدا تاكى شەيبانىخان شاھ

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

ئىسمائىل شاھنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، يەنى ھىجرىيە 916 - يىلى (1510 — 1511) رامىزان ئايلىرىغىچە تۇردى. مۇشۇ مەزگىللەردە سەئىدخاننىڭ ئايالىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يېتىپ كېلىدۇ. بابۇر شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەئىدخانغا: «ئوغۇلنىڭ نامىنى ئابدۇرىشىتخان قويۇڭ، سەئىدخان بىلەن قاپىيە بولسۇن» دەيدۇ. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 915 - يىلى (1509 — 1510) ئىدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە ماۋارا ئۈننەھرىدىن شەيبانىخاننىڭ ئىسمائىل شاھنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىرمۇنچە جايلارنىڭ ئىسمائىل شاھ تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كېلىدۇ. ۋەزىيەتتىكى زور ئۆزگىرىش بابۇر شاھنىڭ ماۋارا ئۈننەھرنى تارتىۋېلىش قارارىغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇندۇزغا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر سەئىدخانغا بىر مەخپىي مەكتۇپنى يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «شاھ ئىسمائىل شەيبانىخاننىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزبېكلەر پاتىپاراق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە بابۇر شاھنىڭ بۇ جايلارنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇ ۋەجىدىن، بىز مىرشەبىرەم، قۇلنەزەر مىرزا، جاھانگىر مىرزا، يادىگار مىرزا، قۇتلۇق مىرزىلار شۇنداق مەسلىھەت قىلدۇقكى، بۇ جايلارغا ئۇ ھۆكۈمران بولغاندىن كۆرە، سىزنىڭ ئىگە بولغىنىڭىز تۈزۈك. بىز 20 مىڭدەك ئادەمنى سىزگە ياردەمگە تەييار قىلىپ قويدۇق. بۇنىڭغا رازى بولسىڭىز، بىز بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىڭ.» سەئىدخان ئۇلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، «شەيبانىخان دەۋرىدە، ھەممە جاينى قارا تۈتەكلەر قاپلاپ كەتكەن. كۈرمىڭلىغان موغۇل

مۇسۇلمانلىرى تۇتقۇن قىلىنىپ، شەھىد قىلىنغان. ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى خالىغانچە خارلىنىپ، سەرگەردان بولۇپ كەتكەن. ئۆزۈممۇ ئەنجاندىن قېچىپ كابۇلغا كېلىپ بابۇر شاھ بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۇ مېنى ئىززەتلەپ، كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا ۋاپاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەرسەم، موغۇلىستان خەلقىگە قايسى يۈزۈم بىلەن قارىيالايمەن؟ بابۇر شاھنىڭ ھاكىمىيەت ئىگىلىشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قوللايمەنكى، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئاسىيلىق قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ھەمدە بۇ ئەھۋالنى بابۇر شاھقا مەلۇم قىلىدۇ. سەئىدخاننىڭ ئاقكۆڭۈللۈكىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن بابۇر شاھ ماۋارا ئۇننەھرنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا، سەئىدخاننى بىرمۇنچە ئەسكەر بىلەن ئەنجانغا ئاتلاندۇرىدۇ. سەئىد خان ئەنجانغا يېتىپ بارغاندا، سەئىد مۇھەممەت مىرزا (مىرزا ھەيدەرنىڭ تاغىسى)، پەرغانىنى قايتۇرۇۋېلىشتا زور قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن سۇلتان ئېلى مىرزا، بەگچەك بەكرى مىرزا، ئىشتاچى مىرزا قاتارلىقلار سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ. سەمەرقەندتىكى ئۆزبېكلەر سەئىدخاننىڭ ئەنجاننى تايانچ بازا قىلىباقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جانىبەك سۇلتان، سۇيۇنچىلىك سۇلتان قاتارلىقلار ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ ئەنجانغا يۈرۈش قىلىدۇ.

سەئىدخان ئەنجانغا تېخى ئەمدىلەتىن كەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قوشۇنىنى تېخى تولۇق تەشكىللەپ بولالمىغان بولسىمۇ، جانىبەك سۇلتانلارنىڭ ئەنجانغا يۈرۈش قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىدۇ. سۇلتان ئېلى مىرزا قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇنىنى كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى چىڭىتىشقا ئەۋەتىدۇ. دېگەندەك، ئۇلارمۇ ھەربىي كۈچىنى ھەممىدىن ئاۋۋال كاسان قەلئەسىنى ئېلىشقا قاراتقانىدى.

سەئىدخان يەنە بىر بۆلۈك ھەربىي كۈچنى دەرھال كاسان تاغلىرىغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويىدۇ. سەئىدخانىنىڭ بۇ تاكتىكىسى جانىبەك سۇلتانلارنى زور دەرىجىدە ھودۇقتۇرۇپ، ئالاقزادە قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھال كاسان قەلئەسىدىكىلەرگە بىر ئاز قۇۋۋەت بېرىدۇ. سەئىدخانىنىڭ جانىبەك سۇلتان بىلەن كاسان قەلئەسى ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلغانلىق خەۋىرى قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرىگە يېتىدۇ. ئۇمۇ پەرغانىگە ئۇزۇندىن بېرى كۆز تىكىپ كەلگەچكە، مۇشۇنداق ئەپلىك ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەردىن زور قوشۇن تەشكىللەپ پەرغانىگە يۈرۈش قىلىدۇ ۋە پەرغانىنىڭ مەشھۇر ۋىلايەتلىرىدىن بولغان ئۆزكەند بىلەن ئوش شەھەرلىرىنى بېسىۋالىدۇ.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرى ئۆزكەند بىلەن ئوشنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھال ئەنجانغا يۈرۈش قىلىپ ئەنجان قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىۋالىدۇ. بۇ خەۋەر سەئىدخانغا يەتكەندىن كېيىن، كاسان قەلئەسىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان بىر بۆلۈك كۈچنى ئەنجانغا ياردەمگە ئەۋەتىدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا جانىبەك سۇلتانلار كاسان قەلئەسىگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ، كاسان قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىنى يېمىرىپ تاشلايدۇ. قەلئەدىكىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئاخىرى ئۇلار قورۇقلۇق تەرەپتىكى دەرۋازىدىن قېچىشقا باشلايدۇ. قەلئەدە قالغانلىرى تامامەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. قەلئەدىن قېچىپ چىققان كىشىلەر سەئىدخان قايتا ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇن بىلەن قوشۇلۇپ ئەنجانغا چېكىنىدۇ. سەئىدخانىنىڭ قوشۇنلىرى «تونبۇق» دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ جەڭدە سەئىدخانىنىڭ قوشۇنلىرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۈچ مىڭدەك ئەسكىرى سەئىدخانىنىڭ

قوشۇنلىرى تىزدىن ئەسىر ئېلىندۇ، سەئىدخان ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە ئەسكەرلىرىگە پەرمان چۈشۈردۇ. ئۇنىڭ پەرمانىدا مۇنداق دېيىلگەندى: «مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش قەشقەرنى قەتلىئام قىلغانلىق بولىدۇ. بۇلارنى ئۆلتۈرمەي، ساقلاپ قېلىش، ئالدىمىزدا قەشقەرنى ئېلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شۇڭا، بۇلارنى ساقلاپ قېلىش بىزگە يەنىلا پايدىلىق.» ① سەئىدخاننىڭ مىرزا ئابابەكرى قوشۇنىدىن ئەسىرگە ئېلىنغانلارغا قوللانغان مۇئامىلىسى قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغايدۇ. سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھۇجۇمىنى ئۇزۇل - كېسىل تازمار قىلغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 917 - يىلى (1511-1512) جامادىيەل ئاۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئەنجاندىن يۈرۈپ ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ چوڭراقى بولغان سۈيۈنچىلىك خانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. سەئىدخاننىڭ قوشۇنى بەشكەنت دېگەن جايدا سۈيۈنچىلىك خاننىڭ قوشۇنى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ جەڭدە سەئىدخان سۈيۈنچىلىك خاندىن يېڭىلىپ قېلىپ ھىجرىيە 918 — يىلى ماھى رەجەپ ئېيىدا (1512 – 1513) پەرغانىگە چېكىنىدۇ.

سەئىدخان بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئەنجان قەلئەسىنى سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا، ئوخشى قەلئەسىنى مىرغۇلى بارلاسقا، مەرغىلان قەلئەسىنى مىرايىم ئېلىگە تاپشۇرۇپ، كۆچىنى ئەنجان ۋىلايىتىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارغا يۆتكەپ كېتىپ، بىر قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدۇ. سۈيۈنچىلىك خانمۇ سەئىدخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ھىجرىيە 918 - يىلى (1512—1513) باھاردا، ئۆزبېكلەر ماۋارا ئۇننەھرنى قايتا بېسىۋالدى. كېرەي خان-نىڭ ئوغلى بۇرۇندۇق خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قازاقلار خانى قاسىم خان دەشتى قىپچاقنى ئىگىلەپ، لەش-كەر سانىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ، بۇرۇندۇق خان ئىگىلىۋا-لالمىغان جايلارنى بېسىۋالدى ۋە زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ ئۆزبېك خانى سۈيۈنچىلىك خانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى تاشكەنت قەلئەسىگە قوغلاپ كېلىدۇ. سۈيۈنچىلىك خان تاشكەنت قەلئەسىگە قامىلىپ قالىدۇ. قاسىم خان تاشكەنتنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ سايرامغىچە بارىدۇ. سەئىدخان بۇ ۋاقىتتا تاشكەنتنىڭ مۇھىم جايى ھېسابلانغان «ئاھاڭگىرات» دېگەن جاينى ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

سەئىدخان سۈيۈنچىلىك خاننىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بېرىش ئۈچۈن يەنە تاشكەنتكە ئاتلىنىپ «كوندەرلەڭ» قىش-لىقىغا يېتىپ كەلگەندە، قاسىمخاننىڭ قايتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئوخشىغا كېلىدۇ. سەئىدخان سۈيۈنچىلىك خانغا تەلتۆكۈس زەربە بېرىش ئۈچۈن قازاقلار خانى قاسىم خان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش مەقسىتىدە موغۇلستاننىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان جۇدەگە يېتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا قاسىم خاننىڭ يېشى 70 كە يېقىنلاپ قالغان بولۇپ، سەئىدخان 36 — 37 ياشتىكى قىران يىگىت ئىدى.

سەئىدخاننىڭ جۇدەگە كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان قاسىم خان سەئىدخاننى چوڭ داغدۇغا بىلەن قارشى ئالىدۇ. قاسىم خان دەشتى قىپچاقنىڭ خانى بولۇپ، ئۇ 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا ئىگە ئىدى. قاسىم خان يېشى چوڭ-يىپ قالغانلىقتىن، سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقالمىغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتىپ خانىش خان، غىش خان، مائاش خان، جان ھەيدەر سۇلتان، قارشى سۇلتان قاتارلىق ۋە جۈجى خان

ئەسەبىدىكى سۇلتانلاردىن 40 سۇلتاننى سەئىدخاننىڭ
ئالدىغا چىقىرىدۇ. سۆھبەتتە، ھەر ئىككى خان ھازىر شەيبا-
نىخان ئۈستىگە يۈرۈش قىلىش ۋاقتى ئەمەس، يازنى ئوبدان
ئۆتكۈزۈش، قىشنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىش لازىم، دېگەن
پىكىرگە كېلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى خان ئوتتۇرىسىدىكى
سۆھبەت ئاخىرلىشىدۇ. قاسىم خان سەئىدخاننى قازاق
خەلقىنىڭ ئادىتى بىلەن كاتتا كۈتۈۋېلىپ، خانغا
قايتىش رۇخسىتىنى بېرىدۇ. سەئىدخان قاسىم خاندىن رازى
بولۇپ، ئەنجانغا قايتىپ كېلىدۇ. ئالىي بارگاھنىڭ ئالىملىرى-
دىن بىرى بۇ ۋەقەنى «ئاشتى قازاق» (قازاق دوستلۇقى)
جۈملىسى بىلەن سالنامىگە پۈتۈپ قويغان، بۇ ۋەقە ھىجرىيە
913 - يىلى (1507—1508) بولغانىدى (ئەبجەت ھېسابىدا
ئالىپ بىر، ش — 300، ت — 400، ي — 10، ق — 100،
ز — بىر، ئېلىپ — بىر، ق — 100، جەمئىي 913 بولىدۇ)،
سەئىدخان قازاقلار خانى قاسىم خان بىلەن ئۇچرىشىپ
قايتقاندىن كېيىن، مىرزا ھەيدەرگە ئۆز ھەمشىرىسىنى
بېرىپ ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىدۇ. ھىجرىيە 919 - يىلى
(1513—1514) دىن باشلاپ، مىرزا ھەيدەرگە «كوراگان»
(كۈيئوغۇل) لىق مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ. سەئىدخان بۇ تويى مۇرا-
سىمىنى ئۇخسى تەۋەسىدىكى «سەھران» دېگەن جايدا ئۆتكۈزىدۇ.
بابۇر شاھ 2 - قېتىم سەمەرقەنت سەلتەنىتىدە سەككىز
ئاي ئولتۇرۇپ، ئاخىرى ئۆزبېك سۇلتانى ئۇبەيدۇللاخان
بىلەن «كۆل مەلىك» دېگەن جايدا بولغان بىر قېتىملىق
سوقۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ ھىسارغا چېكىنىدۇ ۋە ئۇ يەردىن
قۇندۇزغا ماڭىدۇ. ئارقىسىدىن ئۆزبېكلەر ھىسارنى ئىگىلەيدۇ.
شاھ ئىسمائىلمۇ ئىراققا قايتىدۇ. قاسىم خانمۇ ئۆز جايىغا
قايتىدۇ. بابۇر شاھ قۇندۇزدىن كابۇلغا قاچىدۇ. ماۋارا-
ئۇننەھردە بولغان بۇ چوڭ ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن سەئىدخان

ئۆزبېكلەرگە يالغۇز تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇ.

ھىجرىيە 920 - يىلى (1513—1514) ئۆزبېك سۇلتانلىرى پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ ئەنجانغا يۈزلىنىپ، سەئىدخان بىلەن ئېلىشماقچى بولىدۇ. سەئىدخاندا ئۆزبېك سۇلتانلىرىغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك كۈچ بولمىغانلىقتىن ئەمدى شەيبانىخان زېمىنىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ - دە، دەرھال قەشقەرگە يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىپ، پەرغانىدىكى پۈتۈن چاغاتاي ئەۋلادىغا مەنسۇپ كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، 4 مىڭ 700 دەك ئەسكەرنى ئېلىپ، ھىجرىيە 920 - يىلى (1514—1515) نارىنغا يېتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم قەلئەسى ھىسابلانغان يېڭىسار قەلئەسىنى، كېيىن قەشقەر، يەكەننى ئىشغال قىلىدۇ.

ھىجرىيە 907 - يىلى (1501—1502) دىن تاكى ھىجرىيە 920 - يىلى (1514—1515) غىچە بولغان 12 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر جەريانىدا سەئىدخان ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سان - ساناقسىز قىيىنچىلىقلار ئۇنى ھەر جەھەتتىن چېنىقتۇرىدۇ. ئۇنى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەر خىل زوراۋانلىقلىرى، توختىماستىن جەڭگى - جېدەل قىلىپ، تەپرىقىچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە دۆلەتنى مۇنقەرز بولۇش گىردابىغا ئەكېلىپ قويغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ؛ ئۇ ئېغىر جاپالىق كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق چىداملىق، قابىل تەشكىلاتچى ۋە تالانتلىق ھەربىي قوماندان بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى مەزگىللەردە سەئىدخاننىڭ سەئىدىيە خانلىقىنى بەرپا قىلىپ چىقالىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2 - بۆلۈم سەئىدخاننىڭ قەشقەر، يەكەننى تارتىۋېلىشى

سۇلتان سەئىد خان ھىجرىيە 919 - يىلى (1513—1514)، ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پەرغانىنى بوشىتىپ، ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىغا چېكىنىدۇ. ئۆزبېكلەر تاشكەنتكە يۈرۈش قىلىدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سۇلتان سەئىدخان يەنە پەرغانىدىن قەشقەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شۇ مەزگىلدە قەشقەردە مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمى چېكىدىن ئاشقان بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان خەلقىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئاساسى ئاجىزلاپ قالغانىدى. شۇڭا، سەئىدخان ئۆز كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تىغ ئۇچىنى قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش تەرىپىگە قارىتىدۇ. مۇشۇنداق قىلىش ۋەزىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. ھىجرىيە 920 - يىلى (1514—1515) سەئىدخان قەشقەرگە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. مىرزا ئابابەكرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال سەئىدخانغا قارشى پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىدۇ.

ئۇ «قەشقەردە يېتەرلىك ئەسكەر كۈچى ۋە نەچچە يىللىق ئوزۇق - تۈلۈك ۋە ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى تەييارلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى يۈسۈپنى بۇ قەلئەنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىپ، قوماندانلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن يېڭىسارغا باردى. يېڭىسار قەلئەسىنىمۇ نەچچە يىل يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ۋە

قورال - ياراغ بىلەن تولدۇردى.» ① مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەزەرىدە يېڭىسار قەلئەسى قەشقەر قەلئەسىدىنمۇ مۇھىمراق، مۇستەھكەم قەلئە بولغانلىقتىن ئاتالىق ئەمىرلەرنى، ئوردا بەگلىرىنى ۋە ھەربىي جەھەتتىمۇ ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچىنى يېڭىسار قەلئەسىگە توپلىغانىدى. ئۇ «يېڭىسار قەلئەسىنى قوغداش ئىشىغا ئىمىن دورغا دېگەن ئوردا بېگىنى ھاكىم قىلىپ بەلگىلىدى.» ② ئۇنىڭغا قوماندانلاردىن جان ھەسەن، ئاختا مىرۋەلى، شاھدانە مۇھەممەد بەگ قاتارلىق قوماندانلارنى مەسئۇل قىلىپ، ئاندىن يەكەنگە قايتىپ كەتتى.

يەكەندە ئۇ پۈتۈن ھەربىي كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش مەقسىتىدە، ئەسكەر ئېلىش، قورال - ياراغ تەييارلاش ئىشىنى باشلايدۇ. ئۇ كابۇللۇق ئۇستا ئابدۇل شەيخنى يېڭىدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ، قورال - ياراغ تەييارلاشقا مەسئۇل قىلدى.

سەئىدخاننىڭ مىرزا ئابابەكرىگە قارشى ھەربىي يۈرۈشىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئەسكىرى 4700 بولۇپ، سانى كۆپ بولمىسىمۇ، خىللانغان، ھەربىي جەڭلەردە تەجرىبىگە ئىگە، ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىگە ئىگە ئەسكەرلەر ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرگە جەڭلەردە سىنالغان، تەجرىبىلىك، باتۇر سىيىت مۇھەممەد مىرزا، قارا قۇلاق مىرزا، شاھ نەزەر مىرزا، مىرزا ھەيدەر قاتارلىق ئەمىرلەر قوماندانلىق قىلاتتى.

سەئىدخان ئۆزى ئىقتىدارلىق ۋە ھەربىي قوماندانلىق سەنئىتىگە ئىگە كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەرگە يۈزلىنىشتىن ئىلگىرىلا قەشقەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ۋە ھەربىي سترا-

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» دېگەن كىتابقا قولىيازما.

② شاھ ماھمۇد جوراس: «تارىخ» قولىيازما.

تېگىشلىك ئورنىغا قاراپ ھەربىي كۈچنى — ئوڭ ۋە سول قانات قىسىم، دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلايدىغان ئايغاقچى قىسىم دەپ ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلگەنىدى. ھىجرىيە 920 - يىلى (1514—1515) ئەتىيازدا، سەئىدخان قەشقەر تەۋەسىدىكى ئاتۇشنى ئىشغال قىلدى.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەمىر - ئەسكەرلىرى سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرىنى يىراقتىن كۆرۈپ، 15 مىڭ كىشى دەپ قىياس قىلىپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. بۇ خۇددى كىشىلەر تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا دۈشمەن قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەندە، «كىمكى ۋەھىمە بىرلە لەشكەر سانار، بىرى يۈز، يۈزى مىڭ بولۇپ تۇيۇلار» دەپ يازغىنىدەك بىر ئىش ئىدى.

سەئىدخان «ئۈچ بۇرھان» ئارقىلىق قەشقەر تەۋەسىدىكى خوجا قۇتبىدىن مازىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سەمەن كېچىكى ئارقىلىق تۈمەن دەرياسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ساغان توقىدىكى (ھازىرقى سۇللۇق تەرەپ) سۇلتان ئابابەكرى مىرزا ياساتقان باغقا چۈشتى، سەئىدخاننىڭ چارلىغۇچىلىرى قەشقەر قەلئەسىنىڭ يېقىن ئەتراپىغىچە كېلىپ چارلاپ، قەلئەنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى، ھەربىي ستراتېگىيىلىك ئورنىنى كۆزەتتى. دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاش ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن، ئوڭ - سول قانات قىسىملىرىنى ھەربىي ھۇجۇمغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر قەلئەسى ئەتراپىدا سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن قەلئەنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان يۈسۈپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىملىق جەڭ باشلاندى.

سەئىدخاننىڭ جەڭگە ئاتلانغان ئوڭ - سول قىسىملىرىدىكى ئەسكەرلەر كۈندۈزدىن كېچىگىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى. ئەتىسى سەئىدخاننىڭ سول قانات قىسىملىرى ھەممىدىن ئاۋۋال ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يۈسۈپ بەگ قوماندانلىقىدىكى

قوشۇنغا قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ بەگنىڭ قوشۇنى ئېرىق - ئۆستەڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ جەڭ قىلدى، سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى ئېرىق ئىچىگە يوشۇرۇنغانلارنى تازىلاش ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. سەئىدخاننىڭ قىسىملىرىدىكى خۇراسان ئۇيغۇرلىرى جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، يۈسۈپنىڭ قوشۇنىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. يۈسۈپنىڭ قوشۇنلىرىنى قەشقەر قەلئەسىگىچە قوغلاپ - سۈرۈپ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى يوقاتتى. قالغانلىرى قەشقەر قەلئەسى ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى. سەئىدخان قەشقەر قەلئەسىنى ئىشغال قىلىشنىڭ ئاچقۇچى يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىش دەپ ھېسابلىدى. مىرزا ئابابەكرىمۇ ئۆزىنىڭ كۆپرەك ھەربىي كۈچىنى يېڭىسار قەلئەسىگە قويغانىدى. يېڭىسار قەلئەسىنى قوغداش - قوغدىيالماسلىق مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىغا ئالاقىدار مەسىلە ئىدى. سەئىدخان دۈشمەننىڭ بۇ مۇھىم قەلئەسىنى تارتىۋېلىش قارارىغا كەلدى. سەئىدخاننىڭ قوشۇنلىرى يېڭىسارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن قەشقەرنىڭ توققۇزاق ۋە قارا تازغۇن سۈيىدىن ئۆتۈپ «ئوتتۇرا تېرەك» دېگەن جايغا ئورۇنلاشتى. سەئىدخان بىر قىسىم ھەربىي كۈچىنى بۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، قالغان زور ئەسكىرىي كۈچىنى يېڭىسار قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلىشقا قاراتتى.

يېڭىسار قەلئەسىنىڭ قوماندانى ئىمىن بەگ مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىدىن ئىدى. سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى يېڭىسار قەلئەسىنى ئىككى ئايدىن كۆپرەك مۇھاسىرە قىلدى. بۇ ۋاقىتتا قىرغىزلارنىڭ باشلىقى مۇھەممەت قىرغىز ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەئىدخانغا كېلىپ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدخاننىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى. سەئىدخان بىر تەرەپتىن ئەسكەرلىرى ۋە قوماندان-

لىرىدىن قەھرىمانلىق ھەم جۈرئەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا،
يەنە بىر تەرەپتىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى ئەھۋا-
لىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ ئەسكەر كۈچى ئەھۋالىغا قاراپ
ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن قارشى
تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، مۇھەممەت قىرغىزنى
يەكەنگە ماڭغۇزدى. ئۇلار يەكەنگە ئىككى پەرسەخ كېلە-
دىغان يەردىكى «ئارسلان باغ» ① قا چۈشۈپ، مىرزا ئابا-
بەكرىنىڭ يەكەندىكى ھەرىكىتىنى چارلاش ئارقىلىق مىرزا
ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى پۇقرا، باغۋەنلەردىن مەجبۇرىي
ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ توپلىغان ئادەم-
لىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى
بىلىۋالدى.② سەئىدخان بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ۋەزىيەتنى
مۇنداق تەھلىل قىلىپ: «مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەكەندىكى
ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئەمىر ۋە
ئەسكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئۇنىڭ تەختى
لىڭشىپ قالغان، ئۇنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنى يوق بولغانلىقتىن،
ئالدىراپ – تېنەپ كۈچ توپلاشقا تىرىشقانلىقتىن، ھازىرچە
يېڭىسار قەلئەسىگە ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتەلمەيدۇ. شۇڭا، بىز
مىرزا ئابابەكرىنى تېخىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش
ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن بىر قىسىم كۈچىمىز بىلەن ئۇ ياقتىن
شەپە بېرىپ، بۇ ياقتىن زەربە بېرىش تاكتىكىسىنى قوللى-
نىپ مىرزا ئابابەكرىنى يەكەنگە بەند قىلىپ قويۇشىمىز
كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاساسىي كۈچىمىزنى يېڭىسارنى

---

① «ئارسلان باغ» مىرزا ئابابەكرىنىڭ يەكەندە بىنا قىلدۇرغان چار بېغى بولۇپ، يەكەن شەھرىگە يېقىن بىر يېزىغا جايلاشقان. ھازىرمۇ «ئارسلان باغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ئىگىلەشكە قارىشىپ، يېڭىسار قەلئەسىنى تېزلىكتە ئېلىشىمىز لازىم» دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەئىدخان قوماندانلىرىغا قەلئە ئەتراپىدىن لەخمە كولاپ، قەلئەنى پارتلىتىشقا بۇيرۇق بەردى.

سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن، قەلئە ئەتراپىدىن لەخمە كولايدىغان زەربىدار قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەلئە ئەتراپىغا ئوت ئاچقۇچى قىسىملارنى، نەيزىۋازلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

يېڭىسار قەلئەسى ئېگىز بىر جىرا ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، شىمال تەرىپى تام - سېپىل بىلەن ئېگىزلىتىلگەن، جىرادىن لەخمە كولاش ئەپسىز ئىدى، لەخمە كولىغاندىمۇ قەلئەگە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. قەلئەنىڭ ئەتراپىغا چوڭقۇر خەندەك كولانغانلىقتىن قەلئەگە چىقىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سەئىدخان ھىجرىيە 920 - يىلى (1514 - 1515) يازدا يېڭىسار قەلئەسىگە ھۇجۇم قوزغىدى. سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى بەش كېچە - كۈندۈز قەلئە ئاستىدىن لەخمە كولاپ، تۆت تەرەپتىن لەخمىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن پىلتىگە بىر - بىرلەپ ئوت ياقتى. شۇ ئەسنادا قەلئەنىڭ بىر قىسمى تىترەشكە باشلاپ قەلئە ئۆلى بىر - بىرىدىن ئاجراپ يىقىلىشقا باشلىدى. مۇستەھكەم قەلئە دېيىلگەن يېڭىسار قەلئەسى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. قەلئە، سەئىدخاننىڭ باتۇرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئىمىن بەگنىڭ قوشۇنى پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشتى.»① يېڭىسار قەلئەسىنىڭ ئېلىنىشى مىرزا ئابابەكرى

② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

ھاكىمىيىتىنىڭ قەشقەر، يەكەندىكى ھەربىي كۈچىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. مىرزا ئابابەكرى يېڭىسار قەلئەسىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، يەكەن ئاھالىسىدىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 60 مىڭ كىشىنى باشلاپ يېڭىسارغا ئالدىراپ - تېنەپ يولغا چىقتى. بۇ ئەسكەرلەر قىلىچىمۇ ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئالمىغان، قىلىچ - نەيزە تۇتۇپ جەڭ قىلىپ كۆرمىگەن، ھەتتا ئات مەشقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر بولغاچقا، يېڭىسار قەلئەسىگە قاراپ ئاتلىنار - ئاتلانمايلا تۇرۇپ، ئالدىنقى قىسمى قېچىشقا باشلىدى. دەل شۇ كۈنى يېڭىسار قەلئەسى قولدىن كەتتى دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرى تېخىمۇ قورقۇپ ئىككى قولىنى چىشلەپ يەكەنگە چېكىندى. يېڭىسار قەلئەسىنىڭ سەئىدخان قولىغا چۈشكەنلىكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ يېرىم يولدىن يەكەنگە قايتقانلىق خەۋىرى «قەشقەر خەلقىگە ئاڭلىنىش بىلەن ئەمىرلەرمۇ قەشقەر قەلئەسىنى بىكار قىلىپ بەدەر تىكىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.» ① مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىدىن بىزار بولۇپ پۇرسەت كۈتۈپ كەلگەن «قەشقەر خەلقى مىرزا ئابابەكرىگە قارشى كۆتۈرۈلدى» ②.

سەئىدخان قەشقەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال شۇ يىلىنىڭ ماھى رەجەپ ئېيىنىڭ (7 - ئاي) ئوتتۇرلىرىدا قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. خەلق قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغان يۇسۇپ بەگ قەشقەر قەلئەسىدىكى ئەسكەرلىرىنى باشلاپ سەئىدخانغا تەسلىم بولدى. سەئىدخان قەشقەرنى بېسىۋېلىپ، قەشقەر ۋەزىيىتىنى

---

①② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما

مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ يەكەنگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «يەكەننى چوڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىغا بېرىپ، خوتەن ئارقىلىق تىبەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇربولدى.»① مىرزا ئابابەكرى يەكەندىن ئورغۇن دۇنيا - دەپىنىلەرنى ئېلىپ، خوتەنگە قاچتى. جاھانگىر مىرزا يەكەن تەختىدە ئىلگىرى - ئاخىر بەش كۈن ئولتۇرالدى. ئۇ سەئىدخاننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قېچىش تەييارلىقىغا كىرىشتى. ئۇ پۈتۈن خەزىنە - ئامبارلارنى ئېچىپ، كۆتۈرۈش مۇمكىن بولغانلىرىنى ئۆزى ئېلىپ، «كىم نېمىنى خالىسا شۇنى ئالسۇن دەپ، قالغىنىنى بۇلاپ ئېلىشقا ھۆكۈم قىلدى.»② ئۇ سانجۇغا قېچىپ بېرىپ تاغنىڭ ئىچىگە يېكىنىۋالدى.

جاھانگىر مىرزا يەكەندىن قېچىپ كېتىپ تۆت كۈندىن كېيىن سەئىدخاننىڭ قوماندانى خوجا ئەلى باتۇر يەكەنگە يېتىپ كەلدى ۋە شەھەرنى ئۇرۇشسىز ئىشغال قىلدى.

ھىجرىيە 920 - يىلى (1514 — 1515) شەئبان ئېيى (8 - ئاي) دا سەئىدخان يەكەنگە تەنتەنە بىلەن كىرىپ ئورۇنلاشتى. مىرزا ئابابەكرىگە قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئەمىر - لەشكەر دائىم ئەلى بىلەن بەگ مۇھەممەدنى خوتەنگە دەرھال ماڭغۇزدى. ئارقىدىنلا يەنە قارا قۇلاق مىرزا، ھاجى مىرزا، سۇلتان ئەلى مىرزا، نەزەر مىرزا، قەمبەر مىرزا، بەكرىمەت قۇل ئەلى، ئاغايى بەگ باشلىق يەتتە باتۇرنىمۇ يېتەرلىك ئەسكەر بىلەن ماڭدۇردى. ئۇلار خوتەنگە

---

① مەۋلانا مىرسالىخ كاشغەرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ.

② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

يېتىپ كېلە ـ كەلمەيلا، مىرزا ئابابەكرى خوتەن قەلئەسىنى بوشىتىپ قاراڭغۇ تاغقا تىكىۋەتتى. سەئىدخاننىڭ قوماندان ۋە ئەمىرلىرى مىرزا ئابابەكرىنىڭ خوتەندىكى قالدۇق كۈچلىرىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تار مار قىلىپ خوتەننى ئىشغال قىلدى.

خوتەن خەلقى مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلمىنى يېرىم ئەسىردەك تارتىپ، جېنىدىن جاق ـ جاق تويغانىدى. بالايىئاپەتنىڭ يىلتىزى بولغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ خوتەندىن قاراڭغۇ تاغقا قاچقان خەۋىرىنى ئاڭلىغان خوتەن خەلقى، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، سەئىدخاننىڭ قوشۇنىنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى. خوتەن ئاھالىسى سەئىدخاننىڭ قوماندان ـ ئەمىرلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، خوتەن خەزىنىسىدە ساقلانغان مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ۋە يىلقا ـ چارۋىلارنى ئۇلارغا تاپشۇردى. دائىم ئەلى بەگ، بەگ مۇھەممەد باشچىلىقىدىكى قوماندانلار خوتەن ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر بۆلۈم ئەسكىرىنى كۈچىنى باشلاپ مىرزا ئابابەكرىنى قوغلاپ، قاراڭغۇ تاغقا يېتىپ باردى. مىرزا ئابابەكرى دەرھال قاراڭغۇ تاغدىن قېچىپ يولغا چىقتى. «قاراڭغۇ تاغنىڭ يولى ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە تار بولغانلىقتىن، مىرزا ئابابەكرى ئېلىپ ماڭغان ئېغىر يۈكلىرىنى بولۇپمۇ 900 خېچىرغا ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان ماللىرىنى ئېلىپ ماڭالماي، دىشۋارچىلىق ئىچىدە قالدى. ئۇ ھەممە ماللىرىغا ئوت قويۇۋەتتى» ①. يۈز نەچچە خۇرجۇن، تۇلۇم ـ تاغارلارغا قاچىلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن، كىمخاب، كىيىم ـ كېچەك، روم ۋە جۇڭگونىڭ داڭلىق رەختلىرى ۋە مەرۋايىت قاتارلىق قىممەتلىك جاۋاھىر، زىبۇ ـ زىننەتلەر پاك ـ پاكىز كۆيدۈرۈ-

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ۋېتىلدى. ئارقىدىن قوغلاپ بارغانچىلار بۇ كۆل دۆۋىلىرىنى ئاختۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ئالتۇن، تىللالارنى يىغىپ ئېلىشتى.

مىرزا ئابابەكرى ئوزۇقىنى ئېلىپ تىبەتكە قاراپ قاچتى. ئۇ تىبەتكە بارغاندىن كېيىن، ئالدىن ماڭدۇرغان ئوزۇق - ئاشلىقلارنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى، تىبەت قەلئەسىگە يېتىپ بارغاندا نەرسىلىرىنىڭ تامامەن تىبەت قەلئەسىنى ساقلىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرلەردە، قىلغان شۇملۇق ۋە زوراۋانلىقى ئۇنىڭغا شۇنداق ئېچىنارلىق ئاقىۋەتنى كۆرسەتتىكى، تىبەتتىمۇ تۇرۇشقا ئامال تاپالمىدى ياكى ئۇ جايدىن ھىندىستانغىمۇ كېتەلمىدى.

مىرزا ئابابەكرى ئاخىر تەقدىرگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ: «مەن قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ھامان مېنى ئۆلتۈرەر، ئەگەر شۇنداق بولسا مېنىڭ جەسىتىمنى ئۆتكەنكىلەر مازارىغا قويۇشار. ئۆلتۈرمەي قالسا، بىر ئامال بولار» دەپ بالا - ۋاقىلىرى بىلەن خوشلىشىپ نېمە بولسام، ئۆز يۇرتۇمدا بولاي دەپ يەكەنگە قايتىشقا قارار قىلىپ يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى. سەئىدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىشى ئەۋەتتى. سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى مىرزا ئابابەكرى بىلەن يولدا ئۇچراشتى. مىرزا ئابابەكرى «مېنى خاننىڭ قېشىغا — سەئىد مۇھەممەدنىڭ قېشىغا تىرىك ئېلىپ بېرىڭلار (مىرزا ئابابەكرى بىلەن سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئانا بىر، دادا بۆلەك تۇغقان ئىدى)، نېمە قىلسا شۇ قىلسۇن، دەپ ئىلتىماس قىلدى»①. سەئىدخاننىڭ ئادەملىرى ئۇنى خاننىڭ ئالدىغا تىرىك ئېلىپ بېرىشقا ۋەدە قىلدى.

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى» قولىيازما.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، بىر قونالغۇغا
چۈشتى. «ئۇيغۇر ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى» دېگەندەك، ھەممە
ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئۇلار سانىنىڭ ئالدىغا مىرزا ئابابەكرىنىڭ
بېشىنى ئېلىپ بېرىشقا كېلىشتى - دە، ئۇنىڭ بېشىنى
كېسىپ خانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. كىم خەلقنى زۇلۇم
تىغىنى كۆتۈرسە، زۇلۇم تىغى كۆتۈرگۈچىنىڭ بېشىغا تېگىدۇ.
مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئەنە شۇنداق بولدى. «سەن
پاشا ئاندا قۇتۇلغايسەن ئۆلۈپ، ياشىماي ئۆلسەڭ قۇتۇلغاي
باشقىلار». قاراڭغۇ تاغدىن قايتقان ئەمىرلەرنىڭ ھەربىرى
«بىرمەن» ① ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كېلىدىغان «ئالتۇن
قاچا، ئالتۇن - تىللالارنى سەئىدخانغا تارتۇق - پېشكەش
قىلىشتى». سەئىدخان يەكەن خانلىقىنىڭ تەختىدە ئول-
تۇرۇپ، يەكەننى تىنجىتقاندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرىنىڭ
ئوغلى جاھانگىرنىڭ سانجۇدا بېكىنگەنلىك خەۋىرى كەلدى.
سەئىدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانداق يول
بىلەن بولسۇن ئۇنى ئېلىپ كېلىشنى سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا
تاپشۇردى. سەئىد مۇھەممەد مىرزا سانجۇغا دەرھال
يېتىپ باردى. مىرزا جاھانگىر سەئىد مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا چى-
قىپ، نۇرغۇن تارتۇق - پېشكەشلەرنى قىلىپ شۇنداق دەپ ئېيتتىكى:
«ئاتامنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە مەن ھەمىشە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە
بۇلۇڭىدا بولدۇم. ئۆزى ھالاكەتكە يۈزلەنگەندە مېنى بۇلۇڭدىن
تارتىپ چىقىرىپ تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. مەن 42 يىل قور-
قۇنچنى ئۇتلاپ كەلگەن تۇرسام قانداق قىلىپ بۇ كىچىككىنە
سەلتەنەتتە ئۇنىڭغا تىكلىنىپ تۇرالايمەن. ئەگەر ئۇنى قوبۇل
قىلمىسام، ئۇ ماڭا شىرۋىنىڭ خۇسراۋغا قىلغىنىنى ياكى

① بىر مەن — ئەنجاننىڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكىدە 64 چارەك
ئالتۇن بولۇپ، ھەربىر چارەكى 400 مىسقال كېلەتتى.

ئايغۇلېتىپ مىرزىنىڭ ئۇلۇغبەگ مىرزىغا قىلغىنىنى قىلالىتتىم؟ ئۇ خاراب قىلىپ كەتكەن سەلتەنەتنى مەن قانداق قىلىپ ئاباد قىلالايمەن، ئۇنىڭ ھەممە ئىشىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق. زۇلۇم ئاتامدىن يەتكەن. مېنى گۇناھكار قىلسا، ئاتامنىڭ گۇناھىغا تارتىلىمەن، شۇڭا، سەئىدخان خىزمىتىدە ئىشلەش بىلەن قالغان ھاياتىمنى ئۆتكۈزسەم.» سەئىد مۇھەممەد مىرزا جاھانگىرنى سەئىدخان ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ سەئىدخاننىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەئىدخان جاھانگىر مىرزا بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى مىرزا ئابابەكرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پەرقلەندۈردى. سەئىدخان جاھانگىر مىرزىنى خىزمەتكە قويدى. كېيىن ئۇ يېڭىساردا بىر كېچىدىلا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىشنىڭ كىم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمىدى. ئېھتىمال مىرزا ئابابەكرىدىن قىساس ئالغۇچىلار تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مىرزا ئابابەكرىنىڭ جاھانگىر مىرزىدىن باشقىمۇ پەرزەنتلىرى بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللىرىدە ئوغۇللىرىنىمۇ ھەر خىل جىنايەت ۋە بەدناملارنى چاپلاپ، ۋەھشىيلەرچە قاتتىق ئازابلاپ ئۆلتۈرگەنىدى. ئەمما، مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەھمۇدنىڭ قىزىدىن بولغان يەنە ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى تۇرئەنگىز، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بوستانگىر ئىدى.

سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ تىبەتتىكى خوتۇنىنى ئالدۇردى. ئۇنىڭ خانزادە بېگىم دېگەن خوتۇنى چوڭ ئوغلى تۇرئەنگىزنى قەشقەرگە ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلدى. تۇرئەنگىزمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تۇرئەنگىزنىڭ ئىنىسى بوستانگىر ئانىسى خانزادە بېگىم بىلەن قەشقەرگە

كەلمەي تىبەتتىن كەشمىرگە قاچتى. ئۇ كەشمىردىن يەنە هىندىستانغا بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، بەدەخشاندىكى تاغىسى مىرزاخاننىڭ قېشىغا كەتتى. ئەمما مىرزاخاننىڭ مىرزا ئابابەكرى بىلەن قاتتىق ئاداۋىتى بولغانلىقتىن، بوستانگىر مىرزىغا تاغىلىق هۆرمىتى بىلەن مۇئامىلە قىلمىدى. بوستانگىر مىرزا بەدەخشاندىن قېچىپ، ئۆزبېكلەرنىڭ هىمايىسىگە ئۆزىنى ئاتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئاتىسى مىرزا ئابابەكرىنىڭ هالاكەتلىك تەقدىرىگە ئوخشاش ئۆلۈم ۋە سەرگەردانلىق بىلەن تاماملاندى. ①

## 3 - بۆلۈم سەئىدخاننىڭ بىرلىككە كەلگەن سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇشى

سۇلتان سەئىدخان هىجرىيە 920 - يىلى (1514 — 1515) يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇپ، يەكەن شەھىرىنى خانلىقنىڭ پايتەختى قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرى هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كۈرىشىدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىن يەكەن خانلىقى هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى.

سۇلتان سەئىدخان سەئىدىيە خانلىقى هاكىمىيىتىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن، سەئىد مۇهەممەد مىرزىنى ئەمىركەبىر (سەئىدىيە خانلىقى قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى)، قوشۇمچە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەزىرى ۋە قەشقەرنىڭ ۋالىي-

① مىرزا هەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى» قوليازما.

سى قىلىپ تەيىنلىدى. يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئىسسىق كۆل ئەتراپى ۋە يەتتىسۇ ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي ۋە ھەربىي ئەمەلدار، ئوردا بېگى، ۋەزىر، ياساۋۇل، مىراب، مۇتەۋەللى، تۇغ بېگى، ئەمىر قاتارلىق ئەمەلدارلارنى تەيىنلىدى. بۇ مەزگىلدە كۆ- چادىن قۇمۇل، بېشبالىق ۋە غۇلجىغىچە سوزۇلغان رايون- لار سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاكىسى مەنسۇرخاننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولۇپ «ئۇيغۇر تۇرپان خانلىقى» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

مەنسۇرخان دەسلەپتىلا سەئىدىيە خانلىق ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلماي، دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلگەنىدى چۈنكى، مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ كىچىك ئىنىسى سۇلتان خەلىلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە، سەئىدخاننىڭ قاماققا چۈشۈشى ۋە قاماقتىن قېچىپ كابۇلغا بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا سەۋەبچى بولغانىدى. ئىلگىرى مەنسۇرخان بىلەن سۇلتان سەئىدخان ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق نىزا - ماجىرالار، سۈركىلىش ۋە جەڭ- لەر بولغانلىقتىن، ئۇ سۇلتان سەئىدخاننى بۇ كونا ئۆچىنى ئەلۋەتتە مەندىن ئالىدۇ دەپ جەزىم قىلغانىدى. لېكىن سەئىدخان «بىر تۇغقانلار بىر تۇغقان بولمىسا پارە بولۇر، بۇ ھەممە دۈشمەندىنمۇ دىشۋارچىلىقى يامان ئىش» دېگەننى تونۇپ يەتكەچكە، غەربىي يۇرتنىڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئىچكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش، مەسىلىنى ئۇرۇش يولى بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە تىنچ، سۈلھى يولى بىلەن ھەل قىلىپ تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەرگە خاتىمە بېرىپ ئۇنى بىرلەشتۈرۈشنى قۇۋۋەتلىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەشەببۇسى پۈتۈنلەي غەربىي يۇرتنىڭ تىنچلىقىنى، خەلققە قەددىنى رۇسلىۋېلىش پۈرسىتىنى بېرىشتەك مەركىزىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇرۇشتىن سۈلھىنى مۇھىم بىلدى. سەئىدخان چوڭ ئاكىسى مەنسۇرخانغا

ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن «ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىدى». ①
«مەنسۇرخانمۇ سەئىدخاننىڭ خانلىقىنى تونۇغان ۋاقىت-
دىكى بىر قاتار سىياسەتنى تونۇپ دەرھال بىرلىشىش مەق-
سىتى بىلەن ئۆز ئىنىسى ئىمىن خوجا سۇلتاننى سەئىدخاننىڭ
قېشىغا ئەۋەتتى»①. بىر بۆلۈك ھەربىي كۈچىنى كۈچادا
قويۇپ، سەئىدخاننى سىناش ئاساسىدا، ئەلچى ماڭدۇرۇپ
بولۇپ، ئەگەر سەئىدخان ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بولسا،
مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغۇزدى.
ئەمما ئىمىن خوجا سۇلتان بېرىپ ئاكىسى سەئىدخان بىلەن
يۈز كۆرۈشۈپ خۇشال بولۇپ يېنىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن
داغلارنى يېپىلاندى.

سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 921 - يىلى (1516 -
1515) نىڭ ئاخىرىغىچە دەرھال مەنسۇرخانغا قارشى ئۇرۇش
ياكى سۇلھى تەدبىرىنى قوللانمىدى. ئۇ مەنسۇرخاننىڭ ئەلچىسى
ئىمىن خوجىنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا ھەرىكەت قىلدى.
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىتىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى. ئۇ:
«بىز خىزمەت ئۆتەشتە، ھەرىكەت قىلىشتا كەمچىلىك تۈگۈز-
دۇق. بىز قۇدرەت تاپقان چاغدا كەمچىلىكىمىزنىڭ ئورنىنى
شۇنىڭغا لايىق خىزمەت بىلەن يۇيۇشىمىز كېرەك»، «چوڭ
ئاكىمىزنى ئاتا ئورنىدا كۆرىمىز» دېدى. ③ ئۇنىڭ بۇ سۆزى
ئىمىن خوجىنى تەسىرلەندۈردى.

ئىمىن خوجا ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن زىيارەت ئۈچۈن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە كەلدى. سۇلتان

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.
② شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما.
③ مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

سەئىدخان ئىمىن خوجىنى ئاقسۇ ۋە كۇچا ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئاكىسى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىگەندىن كېيىن، مەنسۇرخانغا ئەلچىلەرنى ئارقىسىمۇ ئارقا ئەۋەتىپ تۆھپىلەرنى تەقدىم قىلدى. «جان لىۋىڭگە، ئىمان تىلىغا كېلەي دەپ قالغان» مەنسۇرخان بۇنى ئاڭلاپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى ۋە ئىككى ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش (ئىككى خان) ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئىشنى ھەل قىلىشقا قارار قىلىشتى. مەنسۇرخان تۇرپان، كۇچانى بېسىپ ئۆتۈپ بايىغا كەلدى. ۋە مىر جاپپارنى ئالدىن سۇلتان سەئىدخان قېشىغا ئەۋەتتى. سۆھبەت نەتىجىسىدە «ئابات چول» دە ئۇچرىشىش قارارلاشتۇرۇلدى.

سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرى بىلەن بىر قىسىم قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ھىجرىيە 922 - يىلى (1516) ھوشۇر ئېيىدا ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى ۋە قەشقەر ئارقىلىق ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى. ئىمىن خوجا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىغا چىقىپ داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى. ئاندىن ئاقسۇدىن ئۆتۈپ جامغا كەلدى. مەنسۇرخانمۇ بىر بۆلۈك ئەسكىرىي كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ جامغا كېلىپ چېدىر قۇردى. سەئىدخان جامدىن ئاۋاتقا كەلدى. بۇ چاغدا مەنسۇرخاننىڭ قېشىدىن جاپپار بەردى بەگ يېتىپ كېلىپ قەدىمكى قائىدە ـ يوسۇن بويىچە، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئەسكەر بېشى تەييار تۇرىدىغان، ھەر ئىككى تەرەپتىن بەلگىلەنگەن كىشىلەر كېلىپ لەشكەرلەر ئارىسىدا تۇرىدىغان، ئىككى خان ھەرقايسىسى 30 كىشى بىلەن كېلىپ سەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىدىغان بولۇپ كېلىشتى. مۇشۇنداق جايلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن سۇلتان سەئىدخان تەرەپتىن مىرزا ھەيدەر

كوراگانى باشلىق دۆلەت ئەرباپلىرىدىن بىرنەچچە كىشى مەنسۇرخان ئالدىدا بارىمتاي (كاپالەت ئۈچۈن) سۈپىتىدە تۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مىرزا ھەيدەر كوراگانى قاتارلىق كىشىلەر مەنسۇرخاننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى.

مەنسۇرخان تەرەپتىن جاپپار بەردى بەگ مەنسۇرخاننىڭ قېيناتىسى دەۋلەت بېگىم، مەنسۇرخاننىڭ ھەمشىرىسى ماھىم خانىم باشلىق 30 ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ سەئىدخان ئالدىدا بارىمتاي بولۇش ئۈچۈن، ئۇچرىشىش بەلگىلەنگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. مەنسۇرخانمۇ تەييار قىلىنغان سايىۋەن ئاستىغا بېرىپ چۈشتى. ئاندىن سەئىدخان كېلىپ ئۇچرىشىدىغان جايدىن سەل يىراقراق بولغان بىر مەھەللىگە چۈشتى.

ھەر ئىككى خان كۆرۈشۈشكە يېقىن بارغاندا، خانلارنىڭ كۆرۈشۈش قائىدىسى بويىچە بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدىسى بويىچە، سۇلتان سەئىدخان سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىزلاندى. بۇ ۋاقىتتا مەنسۇرخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇلتان سەئىدخاننى قۇچاقلىدى. سەئىدخانمۇ مەنسۇرخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تەخت تەرەپكە يۈزلەندى. مەنسۇرخان تەختتە ئولتۇرغاندا سەئىدخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال تىزلانغان ئورۇنغا بېرىپ، ئالتۇن تاج، ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن تون، كەمەر، سىرغا، كۆمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن يۈگەنلىك ئاتلار، ئالتۇن قاپلىق شەمشەرلەرنى تارتۇق - پېشكەش ئورنىدا مەنسۇرخانغا سوۋغات قىلدى. مەنسۇرخان تەقدىم قىلىنغان سوۋغاتلار قوبۇل قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئېھتىرام بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى قوشتۇرۇپ تۇردى. ئىككى خان تەختلىرىدە ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخان: «توققۇنۇش ۋە ئىختىلاپلار نەتىجىسىدە كۆرگەن ئاچچىق جاپا، دەردلىرىمىزنى

بۇ بىرلىكىمىز ئۇنتۇلدۇرۇپ كېتىدۇ» دېدى. مەنسۇرخانمۇ جاۋابەن سۆز قىلىپ: «گەرچە ياشتا مەن سىزدىن چوڭ بولسام‌مۇ، مەرتىۋىدە سىز مېنىڭ ئاتامدۇرسىز» دېدى. ئىككىيىن مەنىلىك سۆز بىلەن باشلانغان سۆھبەت مانا مۇشۇنداق سەمىمىيلىك بىلەن داۋام قىلدى. سۇلتان سەئىدخان «مۇھىمى بۇ بىرلىكنى تەرغىب قىلىشتا دوستلۇق زەنجىرلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرۇش» دەپ تەكىتلىدى. ھەممە خۇتبىنى ئۇنىڭ نامىغا ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخاننى پۈتۈن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ چوڭ خانى دەپ ئېتىراپ قىلدى ۋە سىياسەت تۇغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنىڭ دائىم سەلتەنەت مەركىزىگە تەۋەلىك بىلدۈرۈشكە ۋە ۋاپادار بولۇشقا قەسەمياد قىلىپ مۇناسىۋەتنى چىڭىتىشقا ئەھد قىلدى. سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخاننى پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلىق (ھوقۇقلۇق) ئومۇمىي ۋالىي سۈپىتى بىلەن كۇچادىن قۇمۇل، بېشبالىق ۋە غۇلجىغىچە سوزۇلغان شەرقىي جايلارنىڭ ھۆكۈمدارى دەپ تونۇدى ۋە بۇ ھۆكۈمدارلىق مەنسۇرخاننىڭ ئەۋلادىنىڭ ھەققىي (مىراسى) بولۇپ قېلىشىنى، مەزكۇر ئۆلكىلەرنىڭ پۈتۈن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىقتىسادىي ئىشلىرىدا مەنسۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ مۇستەقىل بولۇش ھەققىدىكى شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى.

كۈن ئاخىرلاشقاندا، مەنسۇرخان سۇلتان سەئىدخانغا تاللانغان ياخشى ئاتلار ۋە 100 تۆگىگە لايىق تۈرلۈك ئېسىل ماللارنى تارتۇق قىلدى. سەئىدخان بۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى. سۆھبەت ئاخىرلاشقان، ھەر ئىككى خان خوشلاشقان چاغدا، يەنە بىر قېتىم قۇچاقلىشىپ، ئېلىپ كەلگەن

سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ شاھلىق تونلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىيدۈرۈپ، مىنىپ كەلگەن ئاتلىرىنى بىر ـ بىرىگە مىندۈرۈشتى. مەقسەتلىرى راۋا ھالدا دوستانە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشىپ، ھەر ئىككىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتتى. ۋاقىتلىق بارىمتايلىققا قويۇلغان ھەر ئىككى تەرەپتىكى خانلىق ئەرباپلىرى ئۆزئارا قايتۇرۇلدى. مەنسۇرخان سەئىدخاندىن ئايرىلىپ تۇرپانغا قاراپ قايتتى. سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇغا كەتتى①.

ھىجرىيە 923 ـ يىلى (1517)، سۇلتان سەئىدخان ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن كېيىن، لەشكەر توپلاشقا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئەسكەرلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئەنجاندىكى سۈيۈنچىلىك خاندىن ئىنتىقام ئېلىشقا تەييارلىق كۆردى. سۇلتان سەئىدخان ھەممە ئەسكىرىي كۈچىنى قەشقەرگە توپلىدى. قەشقەردىن يۈرۈپ ئاتۇشنىڭ تويۇن بېشىغا بارغاندا، ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە شىكارنى ھەربىي مەشق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ مانېۋىر قىلىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. شىكاردىن بوشىغاندىن كېيىن، تويۇندىن مېڭىپ چېدىركۆلگە كېلىپ چۈشكۈن قىلدى. ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا ساياھەت قىلىپ ئوۋ ئوۋلاش شەكلى بىلەن پەرغانە چېگرىسىغا يېقىن جايلارنى چارلاپ ئۆزبېك سۇلتانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. دەل بۇ چاغدا، باباچاق سۇلتان (سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنىسى، ئوخشاشلا مەنسۇرخاننىڭمۇ ئاتا بىر، ئانا بىر ئىنىسى) نىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاڭلاندى. سۇلتان سەئىدخان مەنسۇرخان بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ مەنسۇرخاننىڭ لەشكەرگاھىدا باش بولۇپ كېلەلمىگەندى. ئۇ مەنسۇر خاندىن ئىجازەت ئېلىپ كۇچادىن يولغا چىقىپ قەشقەرگە كەلگەندە، سۇلتان سەئىد-

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

خان ئۆزبېك سۇلتانى سۇيۇنچىلىك خان بىلەن سوقۇشۇش ئۈچۈن ئەنجانغا ماڭغان خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئارقىسىدىن تېز يۈرۈپ چېدىر كۆلىدە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.

ھىجرىيە 924 - يىلى (1518)، سۇلتان سەئىدخان قىشنى يەكەندە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىيازدا خوتەنگە قايتىپ بېرىپ چەرچەن - چاقىلىقنىڭ ئاھالىسى بولغان سېرىق ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر بۆلۈك ھەربىي كۈچىنى ئەۋەتتى. قەدىمكى چاغلاردا سېرىق ئۇيغۇرلار جۇرجانلار دېيىلەتتى. بۇلار يېرىم كۆچمەن چارۋىچى بىر خەلق بولۇپ، تېخى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانىدى. ئۇلار مەركىزىي ھاكىمىيەتكە بويسۇنمايتتى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ بارغىچە سېرىق ئۇيغۇرلار مال - چارۋىلىرىنى ئېلىپ يىراق تاغلارنىڭ ئىچىگە، جاڭگاللىقلارغا قېچىپ كەتكەچكە، سۇلتان سەئىدخان تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئەمىر ۋە ئەسكەرلەر ئىككى ئاي ماچىن چۆللىرىدە يۈرۈپ سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ھېچ نام - نىشان تاپالماي، بىر قىسىم ئولجىلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە قايتىپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 924 - يىلى (1518) تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە نارىن، بارسخان (ھازىرقى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى قاراقول) قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، بۇ يايلاقلارغا ماكانلىشىپ قالغان قىرغىزلارغا مۇھەممەت قىرغىزنى ۋالىي قىلىپ قويغانىدى. دەل سۇلتان سەئىدخان خوتەندىكى كۈنلىرىدە، «مۇھەممەت باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار تۈركىستان ۋە تاشكەنت، سايراملارغا پات - پات ھۇجۇم قىلىپ تۇردى.» ①

سۇلتان سەئىدخان قەشقەر، يەكەنلەرنى ئىشغال قىلىش-

---

(76) ئاكادېمىك بارتولدنىڭ «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

تىكى جەڭگە ئاشۇ مۇھەممەت قىرغىزمۇ قاتناشقانىدى. يەكەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، سەئىدخان ئۇنى قىرغىزلارنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۆز جايىغا قايتۇرغانىدى. سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشكەن مۇھەممەت قىرغىزنىڭ ئۆزبېك خانلىرى بىلەن «دوستلۇق» ئورناتماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۈچۈن جازا يۈرۈش قارارىغا كەلدى.

ھىجرىيە 924 - يىلى (1518)، سۇلتان سەئىدخان قەشقەردىن ئەسكەر باشلاپ يولغا چىقتى. «يەزىك» (ئالدىنقى قاراۋۇل) قوشۇنىغا خوجا ئېلى باتۇرنى قوماندان قىلدى. ئوڭ ۋە سول قىسىملارغا ئىمىن خوجا سۇلتانلارنى قوماندان قىلدى. قوشۇن يۈرۈش قىلىپ ئاقسۇغا بېرىپ ئۇ يەردىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بارىس قاۋۇن يولى بىلەن مېڭىپ بارىس قاۋۇن داۋىنىدىن ئۆتكەندە، ئىككى قىرغىزنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇلاردىن ئالدىدىكى «قىرغىزلارنىڭ بارىس قاۋۇن داۋىنى ئاستىدىكى سايدا خاتىرجەم تۇرغانلىقى»نى ئاڭلاپ «ھۇجۇم» دېگەن ئىغىزغا كېلىپ چۈشتى. سۇلتان سەئىدخان بىر قانچە ئەمىرلەر بىلەن ئالدىنقى سەپكە بېرىپ قىرغىزلارنىڭ جايلىشىش ئورنىنى، ھەربىي كۈچى ۋە چېدىر - بارگاھلىرىنى كۆزەتتى. جەڭنى ئورۇنلاشتۇردى. تاڭ سۈزۈلەر - سۈزۈلمەي، جەڭگە بۇيرۇق بېرىلىۋىدى، بىردىنلا ناغرا - كاناي چېلىنىپ جەڭ باشلاندى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەسكەرلىرى قىرغىزلارنى مۇھاسىرە قىلىپ قولغا چۈشۈردى. خوجا ئېلى باتۇر مۇھەممەت قىرغىزنى باغلاپ سۇلتان سەئىدخان ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، سەئىدخان «سېنى تۆرە قائىدىسى بويىچە ئۆلتۈرۈش لازىم بولسىمۇ، لېكىن مەردلىك يۈزىسىدىن رەھىم قىلدىم، دەپ بەند (قاماق)

ۋا تارتىپ سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا تاپشۇرۇپ بەردى.» ①
مۇھەممەتنىڭ قەبىلىسىنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى.
ئاندىن ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قويۇپ بەردى. سۇلتان سەئىدخان
ئۇلارنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقمايدىغان
دەرىجىدە جازالاپ، مۇھەممەت باشلىق ئاسىيلارنى ئەسىر ھا-
لىتى بىلەن ئېلىپ كېلىپ شۇ يىلى قىشتا يەكەنگە قايتىپ
كەلدى.

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى
يوقىتىپ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكى جايلارنى
ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن، قەشقەر ھاكىمىيىتى
تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىغان ۋىلايەت سۈپىتىدە بەدەخشاننى
ئىمىر مىربەك مۇھەممەتكە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى، ئۇ
بەدەخشانغا ماگىماقچى بولغاندا بەدەخشان خانى ئىسيان
كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يەكەن خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى
جاكارلىدى.

ھىجرىيە 925 - يىلى (1519) تومۇزدا سۇلتان
سەئىدخان ئاسىيلارنى جازالاش ئۈچۈن بەدەخشانغا يۈرۈش
قىلىپ، مىرزاخاننىڭ لەشكەرلىرىنى تارمار قىلىپ تاشلىدى.
ئاخىرى مىرزاخان «زۇپەر قەلئەسى» گە كىرىپ بېكىنىۋالدى.
«مىرزاخان سەت ئىشنى قىلىپ قويغانلىقىدىن قولىنىڭ ئارقى-
سىنى پۇشايمان چىشى بىلەن چىشلەپ»، سۇلتان سەئىد-
خانغا تەسلىم بولدى. سۇلتان سەئىدخان بەدەخشاننى ئىدارە
قىلىشقا ئۆز ئەمەلدارلىرىنى بەلگىلىدى ۋە بەدەخشان مەسىلى-
سىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پايتەخت يەكەن-
گە قايتتى.

ھىجرىيە 925 - يىلى (1519) نىڭ تومۇز ئېيىدا

① ئاكادېمىك بار تولدنىڭ «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار»
دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن.

سۇلتان سەئىدخان ئاقسۇغا يېتىپ باردى. سۇلتان مەنسۇرخانمۇ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىپ سۇلتان سەئىدخان بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش تەدبىرلىرىنى بىرقۇر مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن مەنسۇرخان تۇرپانغا قايتتى. سۇلتان سەئىدخان ئۆز ۋىلايەتلىرىنىڭ ئىشىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ بولۇپ يەكەنگە قايتىپ كەلدى. ھىجرىيە 928 - يىلى (1521 - 1522)، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ياشىغۇچى قىرغىز ۋە موگغۇل خەلقلىرى ئارىسىدا ئوتلاق تالىشىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ بىر قاتار مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلمىغاندا خەلقنى خاتىرجەم قىلغىلى بولمايتتى، مۇھىمى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايتتى. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەن سۇلتان سەئىدخان مەركىزي ھاكىمىيەتنىڭ بۇ جايلارغا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخاننى سۇلتان ئۇنۋانى بىلەن ئىسسىق كۆل رايونلىرىغا ئومۇمىي ۋالىي، مىرزا ئەلى تاغايى (ئۇلۇس بېگى) نى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن قىلىپ بەلگىلىدى. بۇ رايوندا زور بىر تۈركۈم ھەربىي كۈچ تۇرغۇزدى. مۇھەممەتنى يەكەن تۈرمىسىدىن تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىپ، يەنىلا قىرغىزلارنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى، مۇھەممەت ئوردا تەرىپىدىن ئۆزىگە بېرىلگەن ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا يېتىپ بېرىپ زور كۆپچىلىك قىرغىزلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى. قىرغىزلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇھەممەتكە ئىتائەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئازراق قىسمى قېچىپ موغۇلىستاننىڭ يىراق جايلىرىغا كەتتى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھەربىي قوشۇن بىلەن ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى قوچقار دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ ئورۇنلىشىپ قىرغىزلا جايلاشقان ئورۇنلارنى ئىدارە قىلدى. سۇلتان سەئىدخان شۇ يىلى

خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قوچقارغا يېتىپ باردى ۋە قوچقاردا قىشلىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئابدۇرەشىتخان بىلەن مۇھەممەت قىرغىز موغۇلىستاننىڭ يىراق جايلىرىغا قېچىپ كەتكەن قىرغىزلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ مۇۋاپىق يايلاقلارغا ئورۇنلاشتۇردى. سۇلتان سەئىدخان بىر تەرەپتىن ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى جايلارغا بولغان ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، قىرغىزلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئوتلاق تالىشىش ماجىراسىنى كېڭىشىش ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلدى. سۇلتان سەئىدخان موغۇلىستاندىكى ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىككىنچى يىلى باھاردا قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. سۇلتان سەئىدخان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موغۇلىستاننى ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، شۇنداقلا سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ سۇلتانلىقتىكى ئابروي ۋە ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى قىشتا قوچقارغا كېلىپ سۇلتان ئابدۇرەشىتخان بىلەن بىللە قىشلايدىغان بولدى.

سۇلتان مەھمۇد بىن سۇلتان يۇنۇسخان دەۋرىدە ئىمىل-ئالتاي رايونىدا ياشىغۇچى قالماقلار چاغاتاي خانلىقى ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىپ كەلگەنىدى.

ھىجرىيە 930 - يىلى (1523—1524) ئىمىلدىكى قالماقلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىمالىنى بېسىۋالدى. سۇلتان سەئىدخان يەتتىسۇنىڭ شىمالىدا ئىسيان كۆتۈرگەن قالماقلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئېرتىش دەرياسىغا يېقىن بولغان «قەبى قالار» ياكى «قەبىل قاقلار» دېگەن جايغا (ئىسسىق كۆلدىن ئون كۈنلۈك يىراقتا) يېتىپ باردى.

بۇ ۋاقىتتا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نائىبى (سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قەشقەرگە قويۇلغان ۋەكىل) ئەمىر كېبىر

سەئىد مۇھەممەت مىرزا تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن بىر كىشى كېلىپ تاشكەنت ۋە پەرغانە ھۆكۈمدارى سۈيۈنچىلىك خاننىڭ ئۆلگەنلىكى، ئۆزبېكلەرنىڭ باشچىسىز قالغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرى تەخت تالىشىپ ئۆزبېكلەر ئىچىدە غەۋغا چىققانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. بۇ ھال ئۆزبېكلەر بىلەن سوقۇشنى قايتا باشلاش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى.

ھىجرىيە 931 - يىلى (1524 - 1525)، سۇلتان سەئىدخان تېزلىكتە قايتىپ، ئىسسىق كۆل بويىدىكى ھەربىي كۈچىنى قايتا تەشكىللەپ «قوڭۇر ئۆلەن» دېگەن يەر ئارقىلىق ئەنجانغا يۈرۈش قىلدى ۋە ئەمىر كېبىر سەئىد مۇھەممەت مىرزىغا پۈتۈن ھەربىي كۈچ بىلەن ئوشقا ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بېرىپ، ئۆزى ئەنجان ۋە ئۆزكەندكە ھۇجۇم قىلدى. ئەمىر كېبىر سەئىد مۇھەممەد مىرزىمۇ قەشقەردىن سەئىدىيە قوشۇنلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئىككى قوشۇننىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمى ئاستىدا ئۆزكەند قەلئەسى تېزلا ئېلىندى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئۇ جايدىن ئەنجان ئارىسىدىكى مەشھۇر قەلئە «مادوكىرە»گە يېتىپ كېلىشتى. بۇ قەلئە پەرغانە ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ مۇستەھكەم قەلئە ھېسابلىناتتى. بۇ قەلئەمۇ لەشكەرلەرنىڭ غەيرەت - ھىممىتى بىلەن ئاسانلا ئېلىندى. ئۇلار ئۇ جايدىن يەنە ئوشقا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ جايدىكى ئۆزبېكلەر سۈيۈنچىلىك خان ئۆلدى، ئەمدى ئۆزبېكلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىشىشىگە خېلى ۋاقىت كېرەك، بىز ئەنجاننى ئىشغال قىلىپ مەھكەم مۇداپىئە قىلساقلا ئۇلار بىزنى يېڭەلمەيدۇ، قەلئەنى قامالمۇ قىلالمايدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. لېكىن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەنجاننى ئىشغال قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئۆزبېكلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرىنى پۈتۈنلەي قايرىپ قويۇپ ھەممىسى بىرلەشتى. ئۇلار 100 مىڭ

كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەنجانغا قايتا ھۇجۇم باشلىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ قولىدا ئارانلا 25 مىڭ كىشىلىك كىچىك بىر قوشۇن بار ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، سۇلتان سەئىدخان دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماي ئىشغال قىلغان يەرلەرنى بوشىتىپ، قەشقەرگە چېكىندى.

قازاق خانى قاسىم خاننىڭ جىيەنى تاھىرخان (1533—1583) ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قازاق خەلقىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئىچىدە ئېكسپلاتاتسىيىنى كۈچەيتتى. ئۇ قازاق خەلقىگە ئادەتتىن تاشقىرى زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن، قازاق قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشقان ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ يىراق جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ھىجرىيە 932 - يىلى (1525 — 1526) ماڭغىت قەبىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار تاھىرخاننى مەغلۇپ قىلىپ غەلىبە قىلدى. تاھىرخان بىر قانچە مىڭ قازاق بىلەن قېچىپ «قوچقار بېشى» غا كېلىپ ئابدۇرېشىت خاننىڭ ھىمايىسىگە ئۆلاشتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىت قازاقلار خانى تاھىرخاننى ھۆرمەتلىدى ۋە ئۇنىڭغا يەر ۋە يايلاق بەردى. تاھىرخان بىر تەرەپتىن، سۇلتان ئابدۇرېشىت خاندىن ماڭغىتلارغا قارشى كۆرەش قىلىشتا ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سەئىدىيە ھاكىمىيىتىدىن زەربە يېگەن قىرغىزلارنى ئۆزىگە تارتىشقا ھەرىكەت قىلدى. بۇ چاغلاردا قىرغىزلار تېخى تىنچىمىغان ئىدى، ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا سۇلتان سەئىدخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش نىيىتىدە بولۇپ كېلىۋاتقانىدى. تاھىرخان قىرغىزلار بىلەن خۇپىيانە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ئۇلار بىلەن بىرلەشتى. ھىجرىيە 933 -

يىلى (1526—1527) تاھىرخان قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، «قوچقار بېشى» دېگەن جايدا سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مەغلۇپ بولدى. ئۇ قوچقار بېشىدىن قېچىپ، ئات بېشىغا قايتىپ كەلدى. بۇ خەۋەر سۇلتان سەئىدخانغا يەتكەندىن كېيىن، دەرھال يەكەندىن مىرزا ھەيدەر، باشقا ئەمىر ۋە قوماندانلار باشچىلىقىدا ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتتى. سەئىدىيە قوشۇنى يۈرۈش قىلىپ ئات بېشىغا كەلدى. قازاقلار قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە ئىلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆنەس يايلاقلىرىغىچە بېسىپ كەلدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، سۇلتان سەئىدخان قازاق ۋە قىرغىزلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن، كۆنەسكە ئەسكەر يۆتكىدى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى تاھىرخان ۋە قىرغىزلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى كۆنەستىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەسىرگە ئالدى، 100 مىڭدىن ئارتۇق قوي ۋە كالىلىرىنى ئولجا ئېلىپ قايتتى. بۇ قېتىمقى ۋەقەدىن ساۋاق ئالغان سۇلتان سەئىدخان ئىلى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى پۈتۈن قىرغىزلارنى ئات بېشى ئەتراپىغا يىغىپ، بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشتۇردى. يەنە بىر قىسمىنى يۇمغان ۋە قوچقار بېشىدىن ئات بېشىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ جايلاشتۇردى. بىراق، قىرغىزلار زادىلا تىنچىمىدى، ھېلى شىمالدا قازاقلارنىڭ دۈشمەنلىك ھەرىكىتى يۈز بەرسە، ھېلى غەربتە ئۆزبېكلەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ چېگرىسىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ تۇردى. سۇلتان سەئىدخان، مۇبادا شىمالدىكى جايلاردا كۈچلۈك ھەربىي قىسىم بولمىسا قازاق، قىرغىز قەبىلىلىرىنى ئىدارە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، قەشقەردىن بىر قىسىم ھەربىي كۈچنى شىمالغا يۆتكەپ، ئۇنىڭغا سۇلتان ئابدۇرېشىتخان

بىلەن مىرزا ھەيدەرنى مەسئۇل قىلدى. 5000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇن بىلەن مىرزا ھەيدەرنى سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا ھەمراھ قىلىپ، قىرغىزلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا پەرمان قىلدى. قىرغىزلار بۇ چاغدا ئېرتىش بويىدا تۇراتتى. خاننىڭ پەرمانى بىلەن ئۇ جايغا يېتىپ بارغاندا، قىرغىزلار- نىڭ بۇ جايدىن يېڭى كۆچكەنلىكى، بەزى ئۆي، چېدىر، ئەسۋاب- سايمانلارنى تاشلاپ كەتكەنلىكى بىلىندى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يۈرۈش قىلغاندا، بىر- مۇنچە ئۆلۈك جەسەتلەرنىڭ ۋە ئوق تەگكەن ئاتلارنىڭ يولدا ياتقانلىقى، سۇنغان قورال ئەسۋابلارنىڭ تاشلانغانلىقى ئۇچرىدى. بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە باباچاق سۇلتان كۆسەندىن (كۇچادىن) كېلىپ قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ قاتتىق مەغلۇپ بولغانلىقى، ياتقان جەسەت، ئات - ئۇلاغلارنىڭ، ئەسۋاب - قوراللارنىڭ شۇلارنىڭ ئىكەنلىكى، قىرغىزلارنىڭ زور قىسمى ئۆزبېكلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىپ، بىر قىسمى باباچاق سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەن- لىكى مەلۇم بولدى. قىرغىزلارنىڭ ئۆزبېكلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، مىرزا ھەيدەر ۋە سۇلتان ئابدۇرېشىتخانلار سۇلتان سەئىدخاننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. تاھىرخاننىڭ كېيىن يەنە ئۆزبېكلەر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتى- شى ئۇنىڭ بارغانسېرى زاۋاللىققا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تاھىرخاننىڭ ئىشەنچلىك دەپ قارالغان ئادەملىرى ئۇنىڭدىن بىزار بولغانىدى. ئۇنىڭ زۇلمى ۋە زالىملىقى دەستىدىن قازاقلار ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوبۇلقاسىمغا قارشى چىققانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئاران 20 مىڭدەك ئەسكىرى قالدى. كېيىنكى چاغلاردا تاھىرخان ئۆزى يالغۇز ئوغلى بىلەنلا قالدى، بارلىق قازاقلار قىرغىز- لارغا قوشۇلۇپ كەتتى. كېيىن يەنە ئۆزبېكلەرگە قوشۇلۇپ

كەتتى.

سۇلتان سەئىدخان بۇ خەۋپلىك ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، «دۈشمەن دۈشمەن بىلەن مەشغۇل بولغاندا، سەن ئارامدىل ئولتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بويىچە، بۇ جايلارنى ۋاقتىنچە تاشلاپ بېرىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە چېكىنىپ كەتتى.

ھىجرىيە 934 - يىلى (1527 — 1528)، سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرېشىتخان ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگانىنى تۆرغۇن ئەسكەرلىرى بىلەن بىلۇجىستان (ھازىرقى كانجۇت ۋە گىلگىت، چىتىرال قاتارلىق جايلار) قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلىشقا ئەمىر قىلدى.

بىلۇجىستان شەرقتە قەشقەر بىلەن يەكەنگە، شىمالدا بەدەخشانغا، غەربتە كابۇل بىلەن، جەنۇبتا كەشمىرگە چېگرىداش ئىدى. ھەممە تەرىپى تاغ ۋە قارلىق دالا بىلەن ئورالغان بولۇپ، تۈزلەڭ يەر يوق ئىدى.

بىلۇجىستاندا باغۇەنچىلىك خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھەممە مېۋىلىرى دېگۈدەك بار، ئانار كۆپ چىقاتتى؛ بۇ يەرنىڭ ئانىرى باشقا جايلاردا چىققان ئاناردىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. بۇ يەردىن چىققان ئانار دانىسى ئاق ھەم سۈزۈك ۋە شېرىن تەملىك ھەم ياخشى سۈپەتلىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگانى قوماندانلىقىدىكى ھەربىي قوشۇن ھىجرىيە 934 - يىلى (1527—1528) قىش پەسلىدە بىلۇجىستانغا يۈرۈش قىلىپ بەش - ئالتە ئاي داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش ئارقىسىدا بىلۇجىستان ھۆكۈمرانلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ ۋاخان كارىدورى ئارقىلىق خوتەنگە قايتىپ كەلدى.

ھىجرىيە 935 - يىلى (1528—1529)، سۇلتان

سەئىدخان بەدەخشانغا ئىككىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. بەدەخشانغا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، مىرزاخان بىن سۇلتان ماھمۇد بىن ئەبۇ سەئىد مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە بەدەخشاننىڭ بىر قىسمى قەشقەر ھاكىمىيىتىگە تەۋە بولۇپ، مىرزا ئابابەكرى تەرەپتىن ئىدارە قىلىنىپ كېلىندى. بەدەخشان ھۆكۈمدارى مىرزىخان ئۆزبېك خانلىرىنىڭ بەدەخشاننى داۋاملىق تالان ـ تاراج قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بابۇر شاھنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. بەدەخشان بابۇر شاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن مەزگىللەردە، بابۇر شاھ بەدەخشانغا ئۆز ئىنىسى ناسىر مىرزىنى نائىب قىلىپ قويغانىدى. ناسىر مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بابۇر شاھنىڭ چوڭ ئوغلى ھومايۇن شاھ بەدەخشانغا نائىب بولدى. ھىجرىيە 934 - يىلى (1527—1528) كۈزدە بابۇر شاھ ئەسكىرىي كۈچىنى بەدەخشاندىن ھىندىستانغا يۆتكەپ كەتتى. مۇشۇ چاغدا بابۇر شاھ ئوغلى ھومايۇن شاھ مىرزا بىلەن كامىران مىرزىنى قەندىھارغا نائىب قىلىپ تەيىنلىدى ۋە بەدەخشاندا ئەسكەر قالدۇرمىدى. بۇ ۋاقىتتا مىرزاخان بابۇر شاھنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ھىندىستانغا يۆتكەتكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھىمايىسىدە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. بەدەخشان ئەمىرلىرىنىڭ سەئىدخانغا يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «...ھومايۇن مىرزىنى ھىندىستانغا ئېلىپ كەتتى، بۇ ۋىلايەتنى ئەلىگە تاپشۇردى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئۆزبېك خانلىرى ئالدىدا ئىناۋىتى يوق، بۇنداق بولغاندا، بەدەخشاندا ئەمىنلىك ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخان كېلىپ، بەدەخشاننى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالسا، خان كەلمىسە ئۆزبېك خانلىرىنىڭ كېلىش ئېھتىمالى بار،

ئۇلار كەلسە بەدەخشانغا ئاپەت يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، خانىنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلمىز، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بەدەخشان ۋىلايىتى خانىنىڭ (سۇلتان سەئىدخانىنى دېمەكچى) چوڭ ئانىسى شاھ بېگىم تەرەپتىن خانغا مىراس ئورنىدا تەگكەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە بۇ مىراسقا خاندىن لايىقراق كىشى يوق.» ①

سۇلتان سەئىدخان يەكەندە ئوغلى ئابدۇرېشىتخانىنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ كۆيئوغلى مىرزا ھەيدەر كوراگانىنى ئېلىپ ھەربىي قوشۇن بىلەن بەدەخشانغا قاراپ يولغا چىقتى.

سۇلتان سەئىدخان قوشۇنلىرى بەدەخشانغا يۈرۈش قىلىپ سەرخ چوپانغا كەلگەندە، مىرزا ھەيدەر كوراگانىنى تۇرشاۋۇل قىسىملىرىغا قوماندان قىلىپ ئالدىدا ئاتلاندۇرۇپ، ئۆزى ئارقىدىن ماڭدى. بۇ چاغدا، ھومايۇن شاھنىڭ ھىندال مىرزىنى (بابۇر شاھنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى) نى كابۇلدىن ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. مىرزا ھەيدەر كوراگان قوماندانلىقىدىكى تۇرشاۋۇل قوشۇن بەدەخشانغا يېتىپ كېلىشتىن 11 كۈن ئىلگىرى، ھىندال مىرزا بەدەخشاندىكى زۇپەر قەلئەسىگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سۇلتان سەئىدخان، بۇ قېتىمقى بەدەخشانغا قىلغان يۈرۈشتىن ئەپسۇسلانىدى. 12 - ئاي كىرىپ قالغانلىقتىن، ئارقىسىغا قايتىپ كېتىشكە ئەپسىز ئىدى. ۋاخان ئىنتايىن قۇرغاق ۋە تارجاي بولغانلىقتىن، ئۇ جايدا قىشلاپ قېلىشقا مۇمكىن بولمايتتى. سەئىدخان ئامالنىڭ يوقىدىن سۈلھە بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا ھىندال مىرزىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ھىندال مىرزا سۇلتان سەئىدخانىنىڭ بۇ تەلىپىنى ھىيلە - مىكىر دەپ قاراپ، قوبۇل

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى، «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

قىلمىدى. ئاخىر جەڭ قىلىشقا توغرا كەلدى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن زەپەر قەلئەسى ئەتراپىدا ھىندال مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى تامامەن مەغلۇپ قىلىپ، زەپەر قەلئەسىنى ئۈچ ئايغىچە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا، سۇلتان سەئىدخان بابۇر شاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «بىز ئەھۋالنى خاتا مۆلچەرلەپ كېلىپ قاپتۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ مەررەتە خىجىلمىز. شۇڭا، بىز قەشقەر دىيارىغا قايتتۇق» دېدى ۋە دەرھال يەكەنگە قايتتى.

ھىجرىيە 936 - يىلى (1529 — 1530)، سۇلتان سەئىدخان چوڭ ئوغلى ئابدۇرېشىت سۇلتاننى ئۆزىگە ۋەلىئەھد قىلىپ بەلگىلىدى. شۇ يىلى ئىمىن خوجا سۇلتاننى (سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىنىسى) ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىدىن بوشىتىپ، ئورنىغا ئابدۇرېشىت سۇلتاننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ بەلگىلەش يارلىقىنى چۈشۈردى.

غەربىي تىبەت (ھازىرقى ئالى ۋە لاداخ ئەتراپلىرى) قاتارلىق جايلار مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە قەشقەرگە تەۋە بولۇپ كەلگەندى. مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن، بۇ جايلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالغاندى. غەربىي تىبەتنىڭ شىمالىدا بىلۇجىستان بولۇپ، بەدەخشانغا تۇتىشاتتى. ئۇنىڭ شەرقى يەكەنگە، غەربى كەشمىرگە تۇتىشاتتى.

تىبەتنىڭ ئىقلىمى ئىنتايىن سوغۇق بولغانلىقتىن، كۆپ جايلاردا ئوت - چۆپلەر ئىككى ئايلا كۆكىرىپ تۇراتتى، تىبەتتە چامغۇر ۋە ئارپىدىن باشقا زىرائەتلەر ئاسانسەن بولمايتتى. ھاۋاسى ئىنتايىن سوغۇق بولغانلىقتىن، دەرەخلەرمۇ ئۆسمەيتتى. تىبەت خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇددا دىنى مىلادىيدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە، ھىندىستان ئارقىلىق

خوتەنگە تارقالغاندىن كېيىن، ساكلار ئارقىلىق يەنە تىبەتكە تارقالغاندى. تىبەتلەرنىڭ قىشلاقتا ئولتۇراقلاشقانلىرى «ۋرايول»، سەھرادا ئولتۇراقلاشقانلىرى «جىنسبە» دېگەن نام بىلەن ئاتىلاتتى، ئۇلار ياپلاقلارغا كۆچۈش مەزگىلىدە قويدىن ئاساسلىق قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىناتتى.

«جىنبە» نامى بىلەن ئاتالغان خەلقنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بىرقانچە قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقانىدى. «دولبە» قەبىلىسىنىڭ خەلقى 50 مىڭ تۈتۈنگە يېتەتتى. جىنبە قەبىلىسىدىكى خەلقنىڭ 10 مىڭدىن ئوشۇق يۈك توشۇيدىغان قويى بار ئىدى.

تىبەتتىكى بالتىستان ۋىلايىتى بىرقەدەر چوڭ ۋىلايەت بولۇپ بورىك، خابولە، ئىشكار، ئەسكارغا ئوخشاش ناھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ۋىلايەتنىڭ قەلئەلىرى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى. تىبەتتىكى «ئورساڭ» تىبەتنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئورۇندا بۇددىزمنىڭ چوڭ لامالىرىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئورنى ۋە چوڭ بۇتخانىلار بار ئىدى. تىبەت ئالتۇن كۆپ چىقىدىغان يەر بولغانلىقتىن، «ئالتۇنچى تىبەت» نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى. تىبەتنىڭ هاۋاسى سوغۇق بولغانلىقتىن ئالتۇن كانلىرىدا ئىشلەش ۋاقتى هەر يىلى 40 كۈندىن ئاشمايتتى. ئالتۇن كانلىرىدا ئىشلەيدىغانلار ئالتۇن قېزىشتا ئۆزى قېزىپ، ئۆزى توپا تارتىپ، ئۆزى توپا چايقايتتى. بىر كۈندە 20 خەلۋەر توپا چايقىغاندا ئاران ماش ۋە نوقۇتتەك چوڭلۇقتا ئالتۇن ئالغىلى بولاتتى.

ھىجرىيە 938 - يىلى (1531 — 1532)، قۇربان ھېيت ئېيىدا سۇلتان سەئىدخان مىرزا ھەيدەر كوراگانىنى قوماندان قىلىپ بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسكەندەر سۇلتاننى قوشۇپ 2000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى باشلاپ سانجۇ يولى بىلەن توبرامار يولى (ھازىرقى لاداخ)

ما يۈرۈش قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. ئۆزى 3000 كىشىلىك قوشۇننى ئېلىپ خوتەن يولى بىلەن «دولبە» گە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنى سەپەر ئېيىدا (كونا 2 - ئايدا) تىبەتنىڭ توبىرە دېگەن يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ بۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. شۇ يىلى قىش پەسلىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنى كەشمىرگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلاندى.

دەل مۇشۇ چاغدا، سۇلتان سەئىدخان قوماندانلىقىدىكى قوشۇندىن ياساۋۇل ئابدال قۇل مىرزا ھەيدەر كوراگانغا «سۇلتان سەئىدخان پولۇر يولىدا نەپەس سىقىلىشقا ئۇچراپ، سالامەتلىكىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان» لىقى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى.

ئەسلىدە سۇلتان سەئىدخان ئۆزى قوماندانلىقىدىكى قوشۇننى يېتەكلەپ خوتەن يولى بىلەن «دولبە» گە قاراپ ماڭغان سەپىرىدە، قاتمۇ قات تاغلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قىيىن، تار-جىرالاردىن ئۆتۈپ بىر ئايدەك يول يۈرگەن، بۇ يول بىلەن مېڭىشنىڭ قىيىنلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، پولۇردىن يەنە خوتەنگە قايتىپ سانجۇ يولى بىلەن توبرامار يولى (مىرزا ھەيدەر كوراگانى ماڭغان يول) بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولغان. يولدا تاغ ئېگىز، ھاۋا شالاڭ بولغانلىقتىن، نەپەس سىقىلىشقا ئۇچراپ سالامەتلىكىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر قىلغان. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتاقلىق ئوردا تېۋىپلىرىدىن نۇرىدىن ئابدۇۋاپىت زۇھۇرى قازى، شەمشىدىن ئەللەر سەئىدخاننى جىددىي داۋالىغاندىن كېيىن بىرئاز ياخشىلىنىپ يەنە ھەربىي يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ توبىرا (لاداخ) دەرياسى بويىدىكى مار يولغا سالامەت يېتىپ باردى. سۇلتان سەئىدخان لاداختا بارلىق مۇھىم ئەرباب، ئەركان ۋە بارلىق ئەمىر - بەگلىرىنى يىغىپ جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. بۇ

كېڭەشتە بۇ جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر شارائىتى تولۇق مۇھاكىمە قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئالغاندا، 1000 كىشىدىن ئارتۇق ئادەم قىشلايدىغان جايمۇ يوق، شۇڭا سەئىدىيە خانلىقى قوشۇنلىرىغا كەشمىردىن باشقا تۇرار جاي يوق. بىراق، كەشمىرگە بارىدىغان يولنىڭ داۋانلىرى ئېگىز بولغانلىقتىن، بۇنداق جايدىن خان ئۆتۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. مىجەزى ئۆزگىرىپ قېلىشى تەبىئىي، ئەگەر خان بۇيرۇق بەرسە، سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىر قىسمى (1000 كىشى) بالتىستان تەرەپكە يۈرۈش قىلسا، چۈنكى بالتىستاندا نەپەس سىقىلىشقا دۇچ كېلىدىغان ئېگىز داۋانلار يوق. مىرزا ھەيدەر كوراگانى قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ يەنە بىر قىسمى (4000 كىشى) كەشمىرگە داۋاملىق يۈرۈش قىلسا، دېگەن قارار قوبۇل قىلىندى.

ئەمىر دايىم ئەلى، بابا سادىق مىرزا ۋە باشقا ئەمىرلەر خانغا ھەمراھ بولۇپ 1000 كىشىلىك تاللانغان قوشۇننى باشلاپ، نوبرا يولى بىلەن يۈرۈش قىلىپ ئىككىنچى يىلى مىزان ئېيىدا بالتىستانغا يېتىپ باردى.

سۇلتان سەئىدخان بالتىستان ۋىلايىتىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. بالتىستان باشلىقلىرىدىن بولغان بەھرام ئۇرۇشتا تەسلىم بولدى. ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن بالتىستاننىڭ پايتەختى بولغان ئىشكار قەلئەسى بىر قېتىملىق ھۇجۇم بىلەنلا ئىشغال قىلىندى.

ھىجرىيە 939 - يىلى (1532 — 1533)، جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ بېشىدا (6 - ئايدا)، مىرزا ھەيدەر كوراگانى ۋە ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدىكى 4000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇن لاداخ يولى بىلەن كەشمىرگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن كەشمىرنىڭ «زۇجى» داۋانىدىن توسالغۇسىز ئۆتتى. كەشمىر پادىشاھلىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنـ

نىڭ كېلىۋاتقان خەۋىرىنى ئاڭلاپ «لار بوغىزى» دا تۇرغۇن لەشكەر توپلاپ مۇداپىئەگە تەييارلاندى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۈمەن باھادىر قالاچ قوماندانلىقىدىكى 400 ئەسكىرى كەشمىر قوشۇنلىرىغا ئۇدۇل تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان، قالغان قوشۇن مىرزا ھەيدەر كوراگانى ۋە ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدا تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەشمىر قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى.

تۈمەن باھادىر قالاچ قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنى كەشمىرلىكلەرگە ئۇدۇلدىن چاقماق تېزلىكىدەك ھۇجۇم قىلىپ، «لار بوغىزى» دا مۇداپىئەدە تۇرغان كەشمىرلىكلەرنى چېكىندۈردى.

مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى تاڭ ۋاقتى بىلەن تاغدىن ئۆتۈپ كەشمىرلىكلەرنىڭ ئارقا سېپىنى كېسىپ تاشلاپ، كەشمىرلىكلەرنى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ تامامەن مەغلۇپ قىلدى. بۇ جايدىن يەنە ئىلگىرىلەپ مېڭىپ، كەشمىرنىڭ پايتەختى سىرىنگىر شەھىرىگە يېتىپ باردى.

مىرزا ھەيدەر كوراگانى باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى جامادىيەل ئاۋۋال ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا سىرىنگىر شەھىرىدىكى «راجىدان» (كەشمىر تىلىدا ھۆكۈمران ئوردىسىنى راجىدان دەيتتى) ئوردىسىنى ئۇرۇشمايلا ئىشغال قىلدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدىكى قوشۇن سىرىنگىر شەھىرىدىكى «راجىدان» غا ئورۇنلاشتى. بۇ جايدا 24 كۈن تۇرۇپ كەشمىرنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالىنى ئەتراپلىق كۆزەتتى.

كەشمىر لەشكەرلىرى بۇ چاغدا سىرىنگىر شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا شەھەردىن ئىككى پەرسەخ كېلىدىغان «لاي» دېگەن جايدىكى مۇستەھكەم بىر قەلئە ئىچىگە ئورۇنلىشىۋالغانىدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانلار كەشمىر
لەشكەرلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى
مۇستەھكەم قورغان ئىچىدىن تۈزلەڭلىككە چىقىرىپ، ئۇلار بى-
لەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك دەپ ھېسابلىدى ۋە مۇشۇ
تاكتىكا بويىچە، سەئىدىيە قوشۇنلىرى سىرىنگىر شە-
ھىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەشمىرنىڭ شەرقىدىكى «بىكالى»
دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ جايدا جامادىيەل ئاخىرى-
دىن بارات ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا سەئىدىيە
قوشۇنى كەشمىرلىكلەر ھۇجۇم قىلسا قېچىش، چېكىنسە قوغلاش
ھىيلىسىنى ئىشقا سالدى. بۇنىڭغا كەشمىرلىكلەر ئالدىنىپ
قېلىپ يۈرەكلىك ھالدا ئۆز ئىستىھكاملىرىدىن چىقىپ تۈزلەڭلىك-
تىكى «باغ بون» دېگەن جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە دەرھال
سەئىدىيە قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مىرزا ھەيدەر
كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدىكى سەئىدىيە
قوشۇنلىرى تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يالغان-
لاتتىن چېكىندى. كەشمىر لەشكەرلىرى بۇ ھىيلىگە ئالدىنىپ
يوشۇرۇنغان مۇستەھكەم قەلئەلىرىدىن دەرھال چىقىپ سەئىدىيە
قوشۇنلىرىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن ئىسكەندەر سۇلتان سەئىدى-
يە قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ كەشمىرلىكلەرنى تۆت
تەرەپتىن قورشىۋالدى. بۇ جەڭدە كەشمىر لەشكەرلىرىنىڭ
قوماندانلىرىدىن ئەللىك مىر باشلىق بىر تالانچە قوماندان،
لەشكەر باشلىقلىرى ئەسىرگە چۈشتى. بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلدى.
كۆپ قىسمى ئېگىز تاغ ئىچىگە چېكىنىپ كەتتى.

بۇ قېتىمقى جەڭدە بىر قىسىم كەشمىر يۇرتلىرى ئىگىس-
لەنگەن، نۇرغۇن دۈشمەن ئۆلتۈرۈلۈپ، نۇرغۇنلىرى ئەسىر
ئېلىنغان بولسىمۇ، تاغ جىلغىلىرى يەنىلا كەشمىرلىكلەرنىڭ

قولىدا ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەت بىر مەزگىل داۋام قىلدى.

دەل شۇ چاغدا سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىق تەركىبىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قوماندانلىقنىڭ ئەسلى تۇتۇش تاكتىكىسىغا قارشى چىقىپ، ئۇرۇش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق تەشەببۇسنىڭ ۋەكىلى مىرزا ئەلى تاغاي ئىدى. ئۇ: «كەشمىر لەشكەرلىرى بۇ ئېتىمقى جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ تاغقا چىقىۋالدى. ئۇلار كۈچ توپلاپ، ئۆزىنى مۇستەھكەملەيدۇ. دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، تاغقا چىقمىغاندا، ئۇلار تۈزلەڭلىككە چۈشمەيدۇ. ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلسا بىزگە پايدىسى بولمايدۇ،» دەپ يا قوغلاش، يا كەشمىردىن چېكىنىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا قوماندانلىق پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى مۇشۇ خاتا تاكتىكا بويىچە «جادۇ» ناملىق جايغا يېتىپ كەلگەندە، كەشمىرلىكلەر سەئىدىيە قوشۇنىغا ئىككى تەرەپتىن قىسىپ زەربە بەردى. سەئىدىيە قوشۇنلىرى چوڭ تالاپەتلەرنى بېرىپ چېكىندى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى كەشمىرلىكلەر بىلەن سۈلھ قىلىش قارارىغا كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا كەشمىر سۇلتانلىرىدىن بولغان ئابدال مەكرى، لوھور مەكرى، كاجى چەك، رىكى چەكلەر سۈلھ قىلىشقا قوشۇلۇپ ۋەكىل ئەۋەتتى. ھىجرىيە 940 - يىلى (1533 — 1534) سەئىدىيە خانلىقى بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدا مۇنداق تۆت ماددىلىق سۈلھ ئىمزالاندى:

(1) كەشمىر رايونى سەئىدىيە خانلىقىغا تەۋە بولۇش، كەشمىرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى كەشمىرلىكلەرنىڭ قولىدا بولۇش؛

(2) كەشمىردە سەئىدىيە خانلىقى نامىدا پۇل چىقىرىش؛

(3) ھەر يىلى كەشمىرنىڭ پۈتۈن بىر يىللىق مالىيە كىرىمىنىڭ بىر ھەسسىسىنى سەئىدىيە خانلىقىغا تاپشۇرۇش؛

(4) كەشمىر شاھى مۇھەممەت پادىشاھ قىزىنى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى، ئىسكەندەر سۇلتانغا ياتلىق قىلىش.

بۇ شەرتلەر ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەت شاھ باشلىق كەشمىر ھۆكۈمدارلىرى مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتاننى زىيارەت قىلدى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانمۇ مىرزا دايىم ئەلى، مىرزا ئەلى تاغاي، بابا سادىق مىرزا، مۇھەممەت مىرزا قاتارلىق، ئەمىر بەگلىرىنى باشلاپ، مۇھەممەت شاھنى جاۋابەن زىيارەت قىلدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانلار كەشمىر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن «لاركا» يولى بىلەن يولغا چىقىپ تىبەتكە قايتىپ كەلدى. كېيىن تىبەتتىن يەنە بالتىستانغا قاراپ يول ئالدى. بۇ چاغدا، بالتىستان بىلەن كەشمىر ئارىسىدىكى تاغلارغا قېلىن قار يېغىپ چەك قىلىشقا ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن، سۇلتان سەئىدخان بالتىستاندا قىشلىغانىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدىكى قوشۇن بالتىستاندا سۇلتان سەئىدخان بىلەن تەنتەنىلىك ھالدا ئۇچراشتى.

مىرزا ھەيدەر كوراگان بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانلار كەشمىر مەسىلىسىنىڭ سۇلھ بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى سەئىدخانغا دوكلات قىلدى ۋە مۇشۇ سۇلھكە بىنائەن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ نامىغا سوقۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش پۇلنى ۋە ئېسىل كەشمىر ماللىرىنى تارتۇق قىلدى. سۇلتان سەئىدخان بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن مەمنۇن بولدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشنىڭ ستراتېگىيىلىك پىلانى ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. پىلان بويىچە

مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسكەندەر سۇلتانلار يەنىلا قوماندان بولۇپ قوشۇن تارتىپ تىبەتكە داۋاملىق يۈرۈش قىلىدىغان بولدى.

مىرزا ھەيدەر كوراگانى ۋە ئىسكەندەر سۇلتان قوماندانلىقىدىكى قوشۇن، تىبەتنىڭ ئورساڭ (لىخاسا)، دولبە - كوكو ئۆلكىلىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. سۇلتان سەئىدخان ھەربىي يۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ بۇ جايلارغا ھەربىي ۋە مەمۇرىي بەگلەرنى بەلگىلەپ، بالتىستاندا يېتەرلىك دەرىجىدە قوشۇن قالدۇرغاندىن كېيىن، بالتىستاندىن لاداخقا قايتتى.

ھىجرىيە 933 - يىلى (1526 — 1527) رابىيەل ئاۋۋال ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سۇلتان سەئىدخان بالتىستاندىن تۆت كۈن يول يۈرۈپ، ساقرى داۋىنىدىن ئۆتۈپ، لاداخنىڭ مەركىزي ھوندا قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمايلا ماربول ئارقىلىق يەكەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كۆكئارت داۋىنىغا كەلگەندە، ئېگىز تاغ رېئاكسىيىسى يۈز بېرىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ تەن - سالامەتلىكى بىردىنلا ياماناللىشىپ كەتتى. سەئىدخاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى، ئەمرا - ئۇمرالىرى خاننى دەرھال بۇ يەردىن يۆتكەپ كەتمىگەندە، خاننىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، خاننى شىرغىغا ياتقۇزۇپ ھاۋاسى ياخشىراق بولغان جايغا قاراپ دەرھال ئاتلاندى. مۆلچەرلەنگەن جايغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە سەككىز كۈن يول بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما ئۇلار يۇتۇن مۇساپىنى تۆت كۈندىلا بېسىپ ئۆتۈپ، كۆزلەنگەن مەنزىلگە كېلىپ چۈشتى. يول ئېگىز - پەس بولغانلىقتىن، ئۇلىنىڭ ئۈستىگە خاننىڭ تەن - سالامەتلىكى تولىمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن، جىددىي داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، ھىجرىيە 939 - يىلى (1532 — 1533)، رەجەپ ئېيىنىڭ 16 - كۈ-

نى، 49 يېشىدا بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئۆلۈمى زور داغدۇغا بىلەن ئۆزنىشلىندى، پۈتۈن خانلىق بويىچە 40 كۈن ماتەم تۇتۇلدى. ئۇنىڭ جەسىتى يەكەندە — سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىنىڭ «چاھار بېغى» غا دەپنە قىلىندى. ھازىر بۇ يەر «ئالتۇنلۇقۇم مازىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

## 4 - بۆلۈم سۇلتان سەئىدخاننىڭ قابىلىيىتى ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىرى

ئەھمەت بىن سەئىد (سەئىدخان) ھىجرىيە 896 - يىلى (1490 — 1491) موغۇلىستان① غا قاراشلىق تۇرپاندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ھىجرىيە 920 - يىلى (1514—1515)، يەكەندە تەختتە ئولتۇردى. تارىختا ئۇ قۇرغان بۇ خانلىق ئۇنىڭ نامى بىلەن «سەئىدىيە خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى سۇلتان ئەھمەتخان [ھىجرىيە 908 - يىلى (1465 - 1503)] مۇ تەرەققىيپەرۋەر،

(79) موغۇلىستان — چاغاتاي دەۋرىدە قوللىنىلغان جۇغراپىيەۋى نام. «ئىستان» دېگەن پارسچە سۆز بولۇپ ماكان، زېمىن دېگەن مەنىدە. «موغۇلىستان» مىلادى 1348 - يىلى چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان تۇغلۇق تېمۇرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان، ئالمالىق شەھىرى (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) نى پايتەخت قىلغان بىر خانلىقنىڭ نامى ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى شىمالدا ئېرتىش دەرياسى بىلەن ئېمىل دەرياسىدىن تىيانشان تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا چالىش (قارا شەھەر) ۋە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنى ۋە پەرغانە ئويمانلىقىغىچە بولغان جايلارنى، غەربتە بالقاش كۆلى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي - جەنۇب تەرىپىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئوقۇمۇشلۇق زات بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىللەردە ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەپ كەلگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئىلىم ئىگىسى، شائىر ھەم بۈيۈك ھەربىي ستراتېگىيىچى بولۇپ يېتىشىپ چىقالىشى، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى يۇنۇسخان، ئۆز دادىسى سۇلتان ئەھمەتخاننىڭ ۋە شۇ دەۋردىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرىنىڭ تەربىيىسىدە بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئاتاقلىق شائىر، سىياسىئون بابۇر شاھ بىلەن شەيخۇلئىسلام نامى بىلەن تونۇلغان مەخدۇمى نۇرانى (ئۇ ئەنجاندىن ھىجرىيە 931 ـ يىلى «1524 ـ 1525» يەكەنگە كېلىپ سۇلتان سەئىدخانغا ئۇستاز بولغان)، ئاتاقلىق ئالىم مەۋلانا شەرىپىدىن ئەلى يەزدى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن بىۋاستە تەسىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۆزبېك خانى شەيبانىخان بىلەن بولغان بىرقانچە قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشلاردا، ئۇ ئەمەلدە ۋە قەلەمدە يېتىلىپ توغرا پىكىرلىك ۋە يىراقنى كۆرەلەيدىغان ھەربىي ستراتېگقا ئايلاندى. ھىجرىيە 920 ـ يىلى (1514 ـ 1515) سەئىدخاننىڭ ئابابەكرى مىرزىنىڭ يىرىم ئەسىر داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغانلىقى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ غەربىي يۇرتنىڭ ئۇزاق مۇددەت پارچىلىنىپ تۇرۇشتەك ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى. بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش ئىدى.

بىرلىككە كەلگەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە نەزەر سالساق، مۇنۇلارنى كۆرىمىز:

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزبېك خانى شەيبانىخان مىلادى 1500 ـ يىلىدىن باشلاپ، تېمۇرىيلەر ئەۋلادىنىڭ ئىلكىدىكى

ماۋارائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلىۋېلىپ، سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت، پەرغانە قاتارلىق جايلارنى ئارقا - ئارقىدىن بېسىۋالدى. كېيىنچە تېمۇرىيلەر ئەۋلادىدىن بولغان بابۇر شاھنى ماۋارائۇننەھردىن قوغلاپ چىقىرىپ، پۈتۈن ماۋارائۇننەھرنى ئۆگچە ئىگىلىۋالدى.

بۇ چاغدا، مىڭ سۇلالىسى ئىچكى ئۆلكىلەردە يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى تۈپەيلىدىن غەربىي يۇرتنى تېخى بىرلىككە كەلتۈرەلمىگەنىدى. قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلار مەنسۇربىن ئەخمەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئابابەكرى مىرزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇردى. تەپرىقىچى يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن، تۇرپان، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق قەدىمىي مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋە گۈزەل ۋادىلار خارابىلىققا ئايلانغانىدى. غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقى تىنچ، مۇقىملىققا ۋە بىرلىككە موھتاج ئىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىككە موھتاجلىقى ۋە تەشنالىقىدىن ئىبارەت ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ۋەكىللىك قىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس زېمىنى بولغان شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىدەك زور تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندىدى. غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق ئىجتىمائىي ئىگىلىك يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈلدى.

ئەسلىدە تېمۇرىيلەر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەن بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئىسسىق كۆل رايونى، شەرقتە موغۇلىستانغىچە ۋە بەدەخشان - كەشمىر، تىبەتنىڭ بىر قىسمى قاتارلىق جايلارنى يېڭىدىن قۇرۇلغان سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىش، سەئىدخان ئورۇنلاشقا تېگىشلىك يەنە بىر تارىخىي ۋەزىپە ئىدى. بۇ ھەقتە بىز ئالدىنقى بۆلۈملەردە سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە كۆپ توختالمايمىز.

سۇلتان سەئىدخان بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئورۇندىغاندىن كېيىن، يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن جايلارنىڭ ئىگىلىكىنى ياخشىلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، بىرلىك نەتىجىسىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئىككى ئىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتتى. ئۇنىڭ بىرى، «پۈتۈن پۇقرالارنى ئارامغا يەتكۈزۈش»؛ يەنە بىرى، «يامانلارنى سۇندۇرۇپ، بالانى قايتۇرۇش» ① ئىدى. مۇشۇ سىياسەت بويىچە، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال «پۇقرالاردىن ئېلىنىدىغان باجنى ئون يىل كەچۈرۈم قىلىش» تەك مەشھۇر پەرمانىنى ئېلان قىلىدى. ئۇ بۇنداق سىياسەت قوللىنىش ئارقىلىق «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى،»② دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىنى مۇقىملاشتۇردى.

ئابابەكرى مىرزا ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ۋەيران بولۇپ، چۆل - جەزىرىگە ئايلانغان ئاقسۇ شەھىرىنى يېڭىباشتىن قۇرۇپ چىقتى؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش مەقسىتى بىلەن ئۆز ئىنىسى ئىمىن خوجا سۇلتاننى مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى بولغان ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەپ، ئاقسۇنىڭ يېزا - ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈردى. ئابابەكرى مىرزا تەرىپىدىن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ۋەيران

---

① مىرسالىخ كاشغەرى: «قەشقەر تارىخى»، مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

② شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما.

قىلمىغان كۆچا، باي قاتارلىق رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىغا ئىنىسى باباچاق سۇلتاننى مەسئۇل قىلدى. بۇ جايلاردا مۇقىملىق ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ جايلاردا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېخىمۇ راۋاجلاندى. فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى.

غەربىي يۇرتتا مۇقىملىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ پەيدىنپەي مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. بولۇپمۇ قەشقەر تۈزلەڭلىكى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى جايلاردا مال-چارۋىلار ناھايىتى تېز كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ رايونلارغا جايلاشقان قىرغىز، موغۇل خەلقى ئارىسىدا يايلاق تالىشىش ماجىرالىرى پات-پاتلا كۆرۈلۈپ تۇردى. بۇ ماجىرالارنى مۇۋاپىق ھەل قىلمىغاندا، سەئىدىيە خانلىقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يېتىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. سەئىدخان يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق كېڭىشىش ئارقىلىق دەرھال ھەل قىلغانلىقتىن قىرغىز، موغۇل مىللەتلىرى ئارىسىدا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

سۇلتان سەئىدخان غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئومۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، «يامانلارنى سۈندۈرۈپ، بالانى قايتۇرۇش» تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. ئۇ خانلىقنىڭ بىرلىكىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلەتتى. ھىجرىيە 922-يىلى (1516) ۋە ھىجرىيە 925-يىلى (1519)، سۇلتان سەئىدخان ئاكىسى مەن-

سۇرخان بىلەن ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ سۆھبەتلەردە سۇلتان سەئىدخان: «ئۆتمۈشتىكى خىزمەتلىرىمىزدە كۆپ كەمچىلىك ـ نۇقسانلارنى ئۆتكۈزدۇق. ئەمدى بىز قۇدرەت تاپقانىدا، ئىلگىرىكى كەمچىلىك ـ نۇقسانلارنى خىزمەت بىلەن يۇيۇشىمىز لازىم. ئۆتمۈشتە ئارىلىقىمىزدا بەزى جېدەل، قان تۆكۈلۈشلەر بولغان. بۇنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋەتسەك، يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ بېلى شۇنىڭ بىلەن سۇناتتى» ① دېگەن مەشھۇر سۆزنى قىلغانىدى. مەنسۇرخان بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ھەمدە: «ھەر ئىككىيلەن بىرلىكنى تەرغىپ قىلساق ۋە دوستلۇق زەنجىرلىرىنى داۋاملىق چىڭىتىپ تۇرىدىغان بولساق، ئارىمىزدىكى يېڭى دوستلۇق نېمىشقا كۈچەيمىسۇن؟» ② دەپ جاۋاب بەردى ۋە ئۆزىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، پۈتۈن خانلىق مىقياسىدا تىنچ، ئاسايىشلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. پۇقرالار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن مەشغۇل بولىدى. دېمەك، سەئىدخان «خانلىقنى تۈزەپ، مۆمىنچىلىك قىلىۋەتكەندى. يۇقىرىسى بەگ ـ بىگات، تۆۋىنى پۇقرايى ـ پەقىرلەرغىچە ھەممە كىشى ئەدەپ، سۆلكەتلىك ئىدى. ئەلدە غەم ـ قايغۇ يوق ئىدى.» ③ ئۇنى ماۋۇ بېيىتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

بېيىت

«ئالەمگە شۇ خىل يايدى ئۇ سايەدىن
يوق ئەندىشە زاللەردە رۇستەملەردىن.

---

① ② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 308 ـ بەت.

ئى شاھ ئادالەت كۈنۈڭنىڭ ئىشى،
زاماندىن شىكايەت دېمەس ھېچ كىشى.» ①

سەئىدىيە خانلىقىدا «تىنچلىق - ئامانلىق ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. ھەرقانداق كىشى قۇمۇلدىن ئەنجانغا بارماقچى بولسا، يول ئۈستىدە باج تۆلىمەيتتى، ئۆزىگە ئوزۇق - تۈلۈك ئالمايتتى. بارغانلىكى جايدا مېھمانغا ئوخشاش كۈتۈلەتتى. ئوزۇقلىنىدىغان، ياتىدىغان جاينى تېپىۋالاتتى.» ② دېمەك، «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇ چاغلاردا تارقالغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئاتاقلىق سىياسىئون بولۇپلا قالماستىن ئۇ ھەم ئاتاقلىق ئالىم، شائىر، مۇزىكشۇناس ئىدى. ئۇ نەسىر ۋە نەزمىلەرنى ئۇيغۇر ۋە پارس تىلدا يازاتتى. ئۇ مەجلىس ۋە مۇھاكىمە سورۇنلىرىدا، سۆھبەتلەردە پىكىر قىلىپ ئولتۇرمايلا دەرھال نەزمە ئوقۇپ ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى. سۇلتان سەئىدخانىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئېيتقان نەزمىلىرىدىن ئۇنىڭ خېلى كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە يازغان شېئىرلىرىدىن مىساللارنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

........................................

«قايسى گۈلشەنىنىڭ يۈزىگىدەك بىر گۈلى رەناسى بار،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

ھورى بىرلەن جەننەتولمە ئىۋاسى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتولمە ئىۋاسى بار.

① «بابۇرنامە»، قوليازما.
② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى» قولىيازما.

يۈزى ئۈزرە كاكىلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگىلى،
ئى سەئىد ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار.

شۈكرى لىللا ھالىتىم زاھىر بولۇپتۇر يارغا،
ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسەتمەي ئەغيارغا.

گەر بەرسە قان يىغلاسام ئەيب ئەيلىمەك مەن رازى،
بەس، كىيىلسە ئامام بۇ نۇرى دىدە خۇلبارغا.

ئەھد قىلدىڭكى ۋاپا قىلغايسەن، يوقكى جانىمغا جانا قىلغايسەن،
ئاتا سەن غەفزە ئوقى بىرلەمنى، قورقادۇرمەنكى خاتا قىلغايسەن.
ماڭا دەرسەنكى ۋاپا قىلغۇچىدۇر، ئىلگە قىلغاچقا ماڭا قىلغايسەن.» ①

سۇلتان سەئىدخاننىڭ پارسچە يازغان شېئىرلىرىدىن «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەردە مۇنداق بىر نەقىل ئېلىنغان:

چەندگەيى بىگۇجانى كەسى،
راست ئۇ بەلكى توي خانى كەسى.

سۇلتان سەئىدخان سازلاردىن ئۇد (بەرباب)، ساتار-چارتا، غىجەك قاتارلىق سازلارنى ئادەمنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چالاتتى.

ئۇ مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۇستا خەتتات بولۇپ، نەفىخ تەئلىق ئۇسلۇبىدا خەتنى ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق يازالايتتى. رەسساملىق، كىتابلار ئالتۇن يالىتىش

① «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 99 - بەت.

سەنئىتى، مۆھۈر ئويۇش، تاش قىرىش، زەرگەرلىك، ئات جابدۇقلىرىنى ئىشلەش، قۇيمىچىلىق، ئوقيا ياساش، خەنجەر، شەمشەر ياساش، بىناكارلىق، ياغاچچىلىق قاتارلىق ھەر خىل ھۈنەر-سەنئەتلەردە ئۇستا بولۇش سۈپىتى بىلەن شۆھرەت قازانغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئۆزى يېتىلگەن ئالىم ۋە مەرىپەتپەرۋەر بولغانلىقىدىن ئىلىم-پەن تايانچىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ ئىشقا سالاتتى، ئۇ ئادەملەرنى ئىشقا سېلىشنى بىلگەن بىر تەپەككۇر ئىگىسى بولغانلىقتىن، «ئالىملارنى بۇرادەر تۇتۇپ بەك ھۆرمەتلەيتتى» ①. شۇڭا سۇلتان سەئىدخان مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن نۇرغۇن ئىقتىدارلىق ئالىملار سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان يەكەن شەھىرىگە توپلانغانىدى. شۇڭا، سەئىدىيە دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت گۈللىنىش مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى.

بۇ دەۋردە سەئىدىيە خانلىقىدا نۇرغۇن مەكتەپ، مەدرىس قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىلىم-پەنگە كەڭ يول ئېچىلغانىدى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخانىنىڭ جۇڭگو ئىلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا جۈملىدىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنى بېيىتىشقا قوشقان تۆھپىسىنى تەتقىق قىلىش ئالاھىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۇلتان سەئىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل غەربىي يۇرتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى مۇقىم ۋە بىرلىككە كەلگەن، بىر قەدەر تىنچ مۇقىم ۋەزىيەت يارىتىلغان، خەلق ئىگىلىكى راۋاجلانغان، ئىلىم-پەن يۈكسەك دەۋرگە قەدەم قويغان بىر دەۋر ئىدى. بىراق، سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتى فېئودال ھاكىمىيەت بولغاچقا، خانلىق ئىچىدىكى پومېشچىكلار

---

① مىرزا شاھ مەھمۇد چوراس: «تارىخ» قولىيازما.

سىنىپى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ بېرىۋاتاتتى. بولۇپمۇ مۇستەبىتلىك بىلەن ئەركىنلىك، ئىناقلىق بىلەن قالاقلىق، دىيانەتلىك بىلەن چىرىكلىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ مەسىلىلەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن حالدا مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، مۇنارخىيىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىدى.

تارىختا ئۆتكەن فېئودال خان، پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ساندىكىلىرى تەختكە چىقىپ ئۇزاققا قالماي راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، يۇرتدارچىلىق ئىشىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويىدۇ. سۇلتان سەئىدخانمۇ دەسلەپكى مەزگىللەردە بۇنداق ئىللەتلەردىن خالىي بولالمىدى. «ياشلىق ۋاقىتلىرىدا ھەممە ياشلاردا بولغىنىدەك، ئويۇن كۈلكىگە، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلدى. ياخشىنى ئىشلار بىلەن ئازراق شۇغۇللاندى.» ① ئۇ ھاراق-شارابقا مەستى-مۇستەغ بولدى. سۇلتان سەئىدخان تاكى ھىجرىيە 916-يىلى (1510 — 1511) دىن تارتىپ ھىجرىيە 928-يىلى (1521 — 1522) كەيپ-ساپا ئىشلىرىدىن زادى قول ئۈزمىدى ② بۇ مەزگىللەردە سەئىدىيە ئوردىسىدا ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا ئەۋجىگە چىققان يىللار بولۇپ، سۇلتان سەئىدخان كۆپ چاغلاردا ۋاقىتنى شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق ئەربابلار، مەشھۇر مۇقامشۇناسلار بىلەن ئۆز ئوردىسىدا بەز-

① ② مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

مە سورۇنلىرى قۇرۇپ، ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەت مۇقامىدا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ كەيىپ سۈرەتتى. بۇ خىل بەزمە مۇقام ئەھلى ئۈچۈن ئەربابلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سورۇنلار كۆپىنچە سۇلتان سەئىدخان شىكاردىن ۋە جەڭ مەيدانلىرىدىن قايتقاندا غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن تۈزۈلەتتى.

بېيىت

«ساقىيا! كەلتۈر قەدەھ پەيمانەنى ھەم مەينى بەر،
كەلدى دۆلەت خانىغا سۇلتانىكى قىلغانتى سەپەر.» ①

سۇلتان سەئىدخانمۇ تەكلىپكە بىنائەن كۆڭۈلگە لايىق ئىشرەت شارابىنى پاراغەت پەيمانىسى بىلەن قەدەھنى قولغا ئالغاندا مۇنداق دەپ بېيىت ئېيتاتتى:

بېيىت

كىمكى بولسا قولىدا ئەيشى خۇشاللىق جامى،
ئەگەر ئۇ ئىچسە قالغۇسى مالاللىق نامى. ②

سۇلتان سەئىدى مۇشۇنداق يامان ئىشنى باشلاپ بەرگەنلىكتىن، ساراي ئەھلى ۋە خانلىقنىڭ سىياسىي ئەربابلىرى ئارىسىدىمۇ كەيىپ ـ ساپاغا بېرىلىش ئىشى ئەۋج ئېلىپ، دۆلەت ئىچىدە يامان ئايلىنىش كېلىپ چىققىشقا

---

① ② مىرزا ھەيدەر كوراگانى، «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

باشلىدى: «مۇشۇنداق شاھانە بەزمە ئۈچۈن ھەر كۈنى بىر خەزىنە قۇرۇقدىلىپ قالاتتى.» ① بۇ ئىش ئەمەلدىلا ئەسلىگە كەلگەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ كۈچى ئاجىزلاشقا باشلىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ كەيپ - ساپاغا بېرىلىشى ۋە سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئەربابلار ئىچىدە بۇ كېسەلنىڭ يامراپ كېتىشىگە قارىتا سەئىدخان ئەتراپىغا توپلانغان ھەر قايسى ساپ نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋە ئىلىم ئەھلىدە قاتتىق نارازىلىق پەيدا بولدى، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەخلاقى، بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈش - ئۈزەلمەسلىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھايات - ماماتىغا ئالاقىدار مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى.

XI ئەسىردە ياشىغان پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» دە ھەر قانچە قۇدرەتلىك، مۇستەھكەم دۆلەتمۇ خان، ۋەزىرلەرنىڭ، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاقى جەھەتتىن بۇزۇلۇشى، چىرىكلىشىپ، چۈشكۈنلىشىشى تۈپەيلىدىن ئىچىدىن يېمىرىلىپ ۋەيران بولىدۇ، دەپ كۆرسەتكىنىدەك، سۇلتان سەئىدخانمۇ مانا مۇشۇنداق مۇھىم مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى مەخدۇمى نۇرانى ② دېگەن كىشى ئۇنى «ھەممە مەست قىلىدىغان نەرسىلەردىن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىلىش» غا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۇلتان سەئىدخان ئۆزىنى بىلىدىغان دانا خان

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما [illegible]

② مەخدۇم نۇرانى — شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ۋە ھېكىم بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى.

ئىدى. ئۇ تارىختا ئۆتكەن بەزى خان-پادىشاھلارنىڭ دۆلەتنى ياخشى، ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن باشقۇرغانلىقتىن دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزغانلىقى، ئەكسىچە دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولغانلىقىدەك تارىخىي ساۋاقلارنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقىدىن جەزمەن قول ئۈزۈپ، دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى. ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتىنى، تارىختا ئۆتكەن خاتالىقلارنىڭ تارىخىي ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلدى. سەئىدخان مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى ئەخلاق كۆز قارىشىنى ئۆزىگە تەدرىجىي سىڭدۈرگەنلىكتىن، ئىدىيىسىدە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى يامان ئىللەتلەرگە خەنجەر ئۇرۇپ خەلققە ياخشىلىق قىلىش تەرىپىگە بۇرۇلۇش ياسىدى. ئالتە-يەتتە يىل ئۆمرىنى ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ «ئۆمۈرنى ئەجەب زايا ئەتتىم» دەپ قاتتىق ئېچىندى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەيش-ئىشرەتتىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىنى نومۇس دەپ بىلگەنلىكى، ئۆتكۈزگەن خاتالىقىغا تەۋبە قىلغانلىقى، زېھنىي قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدارىنى خەلققە ياخشىلىق قىلىشقا سەرپ قىلغانلىقى، كۆپرەك ۋاقتىنى ئىلىم-مەرىپەتكە قاراتقانلىقى دۆلەت ئەربابلىرىغا، ئىلىم ئەھلىلىرىگە قاتتىق تەسىر كۆرسەتتى، ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. خەلقنىڭ ئالقىشى، ھىمايىسىگە ئېرىشتى.

سۇلتان سەئىدخان ئوردا نامىدىن ئېچىملىك نەرسىلەرنى قەتئىي مەنئى قىلىش ئۈستىدە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئېچىملىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى قاتتىق چەكلىدى. ئۇنىڭ يارلىقىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئادەمنىڭ پەزىلەتى پەقەت ئەخلاقى بىلەن بەرپا بولىدۇ. بىر خىل تۈزۈم بىر مۇنچە قانۇن-ئەخلاقلار بىلەن قۇرۇلغان بىر ئىمارەتكە ئوخشايدۇ. ئەخلاق جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش دۆلەتنىڭ

يوقىلىشقا ئېلىپ باردۇ. تۈزۈمدە يارلىق ھوقۇقى، ھوقۇق بولسا ئاۋامنىڭ ئەخلاقىغا تايىنىپ يولغا قويۇلىدۇ.» شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىدا قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاق - ئەردەمنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن بىر يۈرۈش قانۇن - نىزاملار تۈزۈپ چىقىلىپ يولغا قويۇلدى. ئىلگىرى شاھانە بەزمە نەغمىلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان خانلىق خەزىنىسى ۋە سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق يەرلەرنىڭ كىرىمى ئىلىم پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەدرىس، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان بولدى.

«تارىخى رەشىدى» دە كۆرسىتىلىشىچە، سۇلتان سەئىدخان ئەخلاقى جەھەتتە بۇرۇلۇش ياسىغاندىن كېيىن، ئالىملارنىڭ مۇھاكىمە - موتالىئەلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئالىملارنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغان. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايتتى: «ئالىملارنى ھۆرمەتلەش لازىم. ئالىملارغا يىراقتىن تەزىم قىلىش لازىمكى، ئالىملارغا تەزىم قىلىشتىن ساڭا ئاھانەت كەلمەيدۇ». «يوغانلىق، تەكەببۇرلۇق ئۆز جىنىمىزنى قىينىغانلىق بولىدۇ. ئىلىمغا تەكەببۇرلۇق قىلىش ئەقىلسىزلىك بولىدۇ.» يامان ئىللەتلەرنى چەكلەش، كىشىلەرنى ناچار مىجەز - خۇلقتىن توسۇش ئۈچۈن، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلۇغ شائىر ۋە ئالىم ئابدۇراخمان جامىنىڭ «ئەخلاق توغرىسىدىكى رىسالە» سىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئۇلۇغ پىرىمىز مەنسەپنى بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن تۇتۇش لازىم دېگەن، بۇ ئىسلام تەقۋادارلىرىنىڭ بۇرچى.»① دەيتتى. ئۇ يەنە «مەنسەپ ھەم ياخشى ھەم يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىزنىڭ ئارزۇيىمىز مەنسەپنى ياخشى ئاقىۋەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر.» دېگەنىدى.

①مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازمىسى.

سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا مۇنۇ بېيىتنى ئېيتقانىدى:

«تەلەپ قىلمىغىل ياخشى نامدىن بۆلەك.
كوھنارمايدۇ بۇ نام بىلمەك كېرەك.
پۇخرانىڭ ئىسلاھىنى سەن كۆزەت.
بولسۇن مەندىن ئۇل ساڭا يادىكار.»

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئۇستازى مەخدۇم نۇرانى خاننىڭ ئەخلاقىنى تېخىمۇ تۈزەش ئۈچۈن، خاندا قانداق شەرتلەر بولۇش لازىملىقى ھەققىدە سەئىدخانغا ئاتاپ مەخسۇس بىر «رىسالە» يازغان. «تارىخى رەشىدى» دە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ «رىسالە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئەگەر بىر كىشىگە يۇرتدارچىلىق ئىشى مۇناسىپ بولغان بولسا، پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرىنى بىلىش لازىم. ئۇ شەرتلەرسىز دۇنيادا سەلتەنەتتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇشبۇ سەلتەنەت شەرتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1- شەرت: ھەر ۋەقەگە دۇچ كەلگەندە ھاكىم، پادىشاھ ئۆزىنى بىر پۇقرا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى لازىم. ئۆزى راۋا كۆرمىگەننى (توغرا كۆرمىگەن) باشقىلارمۇ راۋا كۆرمىگەي.

2 - شەرت: پۇقرالىق ھاجىتىنى راۋا كۆرۈشنى خۇداغا قىلىدىغان تائەت - ئىبادەتتىن ئەۋزەل كۆرمەك لازىم...

3 - شەرت: يەپ - ئىچىشنى ئۆز ئادىتى قىلىۋالماسلىق كېرەك.

4 - شەرت: ھۆكۈمدە سۆزنى مۇددىئا بىلەن قىلىش، سەۋەبسىز قاتتىقلىقتىن ساقلىنىش، كۆپ ھۆججەتلەرنى كۆرۈشدىن قاچماسلىق لازىم. ئاجىز - مىسكىنلەر بىلەن سۆزلىشىش-

تىن نومۇس قىلماسلىق كېرەك.

5 – شەرت: خەلقىنىڭ رازىلىقىنى دەپ، ھۆكۈمدە سۈسلۈق قىلماسلىق، ھەر كىشىنىڭ خۇشلۇقىنى ئىزدەپ، شەرىئەتكە (قانۇنغا) خىلاپ ھۆكۈم قىلماسلىق لازىم. بىلىسۇنكى، ھۆكۈمەتنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ھەمىشە ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ھاكىمدىن خۇش بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى، دۈشمەننى ھەق بىلەن خۇش قىلغىلى بولمايدۇ. ئادىل ھاكىمنىڭ ھەممە ئادەمنى رازى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. غەرەزسىز بولسا، ھۆكۈمدە ھەقىقەتنى ئىزدىسە، ئادەملەرنىڭ ئاچچىقى كېلىشتىن قورقمىسا، ئەندىش قىلمىسا، خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ، خەلقمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولىدۇ.

6 – شەرت: ھۆكۈمەت ۋىلايەتلەرگە كېلىۋاتقان خەتەردىن بىخەۋەر بولمىغاي، شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئۇ قورال بىلەن سائادەتتە ئەبەدىي ياخشى نام ھاسىل بولىدۇ. زامانە ھاكىم ۋە شاھلارنىڭ تولىسى پانىي دۇنيانىڭ دۇغ ھاياتىغا مەغرۇر بولۇپ، ھاۋايى ھەۋەس، نەپسى – بالانىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئۆزىنى ۋەيران قىلغان، ئىمانىنى شامالغا بەرگەن. بۈگۈن ئىشتىياق تىزگىنىنى قولدا بار چاغدا دۇنيا ۋە دۆلەتنى ئاخىرەت گىردىپتارلىقىنىڭ ئوزۇقى قىلماسلىققا تىرىشىش لازىم؛ ئادالەت يولىدا خىزمەت قىلىشنى غەنىيمەت بىلىش كېرەك. ھەر كۈنى ئادىل ھاكىم ئەدلىيەنى ھەممە تائەتلار بىلەن ئۆلچەيدۇ.

7 – شەرت: ئالىملار سۆھبىتىگە رىغبەت قىلغۇچى بولۇش لازىم. گەرچە بۇ زاماندا مۇنداق كىشىلەر ئاز بولسىمۇ، بۇ تائىبەنى ئۆز ھاياتىنىڭ سائادىتى بىلگەي، بىلىمسىزلەر سۆھبىتىدىن ھەزەر قىلغاي، چۈنكى، مۇنداق قوۋم ئىلىمنى ۋەيران قىلىدۇ.

8 – شەرت: جەبىر – زۇلۇم، تەكەببۇرلۇق بىلەن

خەلقنى ئۆزىدىن ئۈركۈتمىگەي، بەلكى ئادىل ئىنساب بىلەن قول ئاستىدىكىگە شەپقەت قىلىش بىلەن، ئۆزىنى پۇقرانىڭ مەھبۇبى قىلغاي.

9 ـ شەرت: زالىملارنىڭ ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىپ تۇرۇش لازىم، بۇرە قىلىقلىق زالىملارنى پۇقرا ئۈستىگە قويمىغاي، بىرىدىن زۇلۇم ۋە خىيانەت كۆرۈلسە ئۇنى جاۋابكارلىققا تارتىپ ئازابلىغاي، شاھلىق سىياستىدە سۇسلۇق قىلماسلىق لازىم.

10 ـ شەرت: پادىشاھ ھەربىر ھادىسە، ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇنى چوڭقۇر ئويلاش لازىم. پەم ۋە ئەقىل بىلەن ھۆكۈم قىلىش، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تونۇش، ئەقىل كۆزى بىلەن مۇشۇنىداق ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قاراش كېرەك. ئەگەر ئۇ روشەن يورۇقلاردىن بولسا، مەسىلىنى قانۇن بىلەن ھەل قىلغاي، ئەگەر مەخپىي، چىگىش تەپسىلاتلاردىن بولسا، ئۇنىڭ سىرىنى پاراسەت نۇرى بىلەن تېپىش لازىم. بۇ مەنىدە چېقىمچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەسلىك كېرەك.

بىلگىنكى، پۇقرانىڭ پادىشاھتا ھەققى بار، بۇ ھەققنى ئادا قىلىش ھاكىم ـ پادىشاھلار ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. بۇ ھەق شۇكى، پۇقراغا سىيلىق ـ يۇمشاق بولغاي، ۋالىي ھۆكۈمرانلىق سەۋەبى بىلەن، ھېچقانداق پۇقراغا تەكەببۇرلۇق قىلمىغاي، خۇدا ئۆزىنى يوغان تۇتقۇچىلارنى، جەبىر قىلغۇچىلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ. پاسىقلار، غەرەز ئىگىلىرى سۆزىنى بۇزۇق غەرەز بىلەن سۆزلەيدۇ. كۆرەلمەسلەر ھەممە ھۈنەرنى ئەيىب دەپ بىلىدۇ» ①.

سۇلتان سەئىدخان قەلەم ۋە ئەلەمدە تەڭ يېتىلگەنىدى.

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ئۇ ئۆسمۈر باللىق چېغىدىلا ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 907 - يىلىدىن تاكى ھىجرىيە 918 - يىلى (1513—1514) غىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلاردا بېشىغا كەلگەن ھەر خىل دەھشەتلىك ھادىسىلەر ئۇنى ھەربىي بىلىمدىن خەۋەردار، باتۇر، يۈرەكلىك، يىراقنى كۆرەرلىك تارىخىي شەخس بولۇپ يېتىلدۈرگەنىدى.

سەئىدخان ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھەربىي بىلىم ۋە ئۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىشنى يەنە شىكار قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرەتتى. ئۇ پۈتۈن شىكار جەريانىنى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، جەڭدىكى قوشۇننىڭ سەپ تۈزۈلۈشى، سانغۇن - بەگلەرنى يېتىشتۈرۈش جەريانى قىلاتتى.

سەئىدخان شىكار قىلىشنى قوشۇنلارنى تەربىيىلەيدىغان مۇھىم پۇرسەت ھېسابلايتتى. سەئىدخان شىكارنى كۆپىنچە چاغلاردا پەسىلنىڭ باشلىرىدا باشلايتتى.

ئۇ، شىكار قىلىشقا يۈرۈشتىن ئىلگىرى تاللانغان ئوۋچىلارنى ئالدىن ئەۋەتەتتى. ئۇلار جاڭگال، تاغلارغا بېرىپ ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى، جايلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇن سەركەردىلىرىگە ئالدىن ئەھۋالدىن خەۋەر بېرەتتى. سەركەردىلەر خەۋەر ئالغاندىن كېيىن، تەپسىلىي ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلاتتى. خان قوشۇن سەركەردىلىرىگە خەۋەر قىلاتتى.

سەركەردىلەر قوشۇننى ئۇرۇش سېپى قائىدىسى بويىچە ئوڭ قول قوشۇن، سول قول قوشۇن، ئوتتۇرا (يۈرەك قوشۇن)، ئارقا سەپ قوشۇن قىلىپ تەرتىپكە سېلىپ چىقاتتى. ھەربىر جەڭچىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورنى بولاتتى. يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك، ئوت-چۆپ، قورال - ياراغ، ئەسلىھەلەر ئوۋ مەيدانىغا ئالدىن ماڭغۇزۇلاتتى.

خان بارلىق تەييارلىقلار پۈختا ئىشلەنگەندىن كېيىن، شىكارغا ئاتلىناتتى. شىكارغا قاتناشقانلار بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تەڭلا ھەرىكەتكە كېلىپ، ئوۋ ھايۋانلىرىنى سۈرۈپ كېلىپ، مۇھاسىرىگە ئالاتتى. بۇنداق مۇھاسىرىدىن بىرەر ھايۋانمۇ قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئەگەر تۇيۇقسىز ھالدا بىرەر ھايۋان قورشاۋدىن چىقىپ كەتسە، دەرھال كاناي بىلەن بەلگە بېرىلىپ ھايۋاننىڭ قايسى دائىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۇقتۇرۇلاتتى. ئوۋ سېپىدىكى ھەرقايسى جەڭگىۋار بىرلىكلەر ئادەتتە شەرتلىك بەلگە بويىچە ئايرىلاتتى. مۇشۇنداق قورشاۋ ئادەتتە «ھالقا قورشاۋ» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە قالغان يىرتقۇچ ھايۋانلار ئامالسىزلىقتىن، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

بۇنىڭدىن سەئىدخاننىڭ شىكار قىلىشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا ھەربىي ئۇرۇش قىلىش سەنئىتى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئوۋ قىلىشتا قاتتىق ھەربىي ئىنتىزام، تۈزۈملەرنى ئورنىتىشتىكى مەقسەت جەڭچىلەرگە ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆگىتىش، جەڭچىلەرنى ئۇرۇشقا ماھىر قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئىدى.

ھەر قېتىم شىكار ئاياغلاشقاندا، سەئىدخان ئوۋدىن خۇلاسە چىقىرىپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەيتتى. ئۇ شىكار ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق ئەمەلىي جەڭ، شۇنداق بولغانىكەن، قوماندان، سەركەردە، بەگلەر ئۇرۇشتىمۇ دەل مانا مۇشۇنداق قوماندانلىق قىلىشى كېرەك دەيتتى. ئۇ قوماندان، سەركەردىلەردىن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى:

(1) ياۋايى قۇش، جانىۋار، ھايۋانلارنى ئوۋ قىلىشقا باش بولغۇچى (قوماندان) ئاۋۋال قۇشلارنىڭ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئورۇنلاشقان ئورنىنى ئەتراپلىق بايقىشى، تېگى ـ

ئەكتىنى بىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى ئەپلەپ تۇتقىلى، تورغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇرۇشتىمۇ قوماندان ئۇرۇشتىن ئىلگىرى دۈشمەن تەرەپنىڭ تېگى - تەكتىنى، ئۇنىڭ جەڭ تەييارلىقىنى، دۈشمەن تەرەپ ئورۇنلاشقان جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ھاۋا رايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بەش قولنى بىلگەندەك بىلىدىغان بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، جەڭنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ، دۈشمەننى ئۇستىلىق ۋە چاققانلىق بىلەن يەڭگىلى بولىدۇ. دېمەك سۇلتان سەئىدخان يارامىلىق قوماندان، سەركەردە - بەگلەرنى ئادەتتىكى چاغلاردا تاللاشنىڭ، چېنىقتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى.

(2) سەئىدخان ئادەتتە «ئوۋ قىلىشنى بىلمىگەن كىشىدە جەڭ قىلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ» ① دەپ قارايتتى.

(3) شىكار قىلغاندا، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش لازىم، ھاڭۋاقتىلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ھاڭۋاقتى ئوۋچى قۇشقاچمۇ ئوۋلىيالمايدۇ. دۈشمەنگە زەربە بېرىشتىمۇ چاققانلىق، جۈرئەتلىك بولۇش ۋە پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق لازىم.

(4) شىكار قىلىشتا سەۋر - تاقەتلىك بولۇش، ھوشيار، چېچەن بولۇش لازىم. كىچىكىنى دەپ چوڭىدىن قۇرۇق قالماسلىق، ھەرخىل ئۆزگىرىشلەرنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇش لازىم. ئۇرۇشتا ھوشيار بولۇش قوماندانىنىڭ مۇھىم پەزىلەتلىرىدىن بىرى.

(5) سۇلتان سەئىدخان قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋار سەپ شەكلىگە تولىمۇ ئېتىبار بېرەتتى. ئۇ قوشۇننى ئوڭ قول قوشۇن، سول قول قوشۇن، قەلب قوشۇن (ئوتتۇرا قوشۇن) ئارقا سەپ قوشۇن شەكلىدە، سەپكە تىزىشنىڭ مۇھىملىقىنى

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

ئالاھىدە تەكىتلەيتتى. بۇ دەل سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۇنتىزىم قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزۈلۈشى ئىدى. بۇ تۈزۈلمە سۇلتان سەئىدخاندىن ئىلگىرىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ سەپ تۈزۈلمىسى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. شۇڭا، سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 920 - يىلى (1514 — 1515) مۇشۇنداق تاكتىكىنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ 4700 كىشىلىك ھەربىي قوشۇنى بىلەن ئاباباكرى مىرزىنىڭ قەشقەردە يىگىرمە ئەسىر داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانىدى.

# ئۈچىنچى باب

# سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى

## 1 - بۆلۈم ئابدۇرېشىتخان

ئابدۇرېشىت بىن سەئىدخان ھىجرىيە 915 - يىلى (1509 — 1510) تاشكەنتتە دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئۈچ يېشىغىچە ئانىسى ھەبىبە سۇلتانىنىڭ تەربىيىسىدە بولغاندىن كېيىن، ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان ئەمىر ھورى بارلاسنى ئابدۇرېشىتخان ئۈچۈن «ئاتالىق» قا تەيىنلىدى. ئەمىر ھورى بارلاس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئەلى مىراخور بارلاسنى ئابدۇرېشىتخانغا «ئاتالىق» قا تەيىنلىدى. ئابدۇرېشىتخان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردا سەدەر سۇدۇرى (باش يارغۇچىسى) بولغان مەھمۇد شىرازىدىن بىرقانچە يىل ئەرەب، پارىس ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆگەندى. مۇشۇنداق دانىشمەن سەردارلار ھۇزۇرىدا ئىلىم تەھسىل قىلدى. شۇنداقلا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى داڭلىق ھەربىي ئالىم ئەلى مىراخور بارلاس ۋە ئاتاقلىق سىياسىئون ۋە ھەربىي قوماندان، تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگانى قاتارلىق كىشىلەردىن ھەربىي ماھارەت تەربىيىسىنى ئالدى. شۇڭا،

ئابدۇرېشىتخان ئۆز دەۋرىدە تەگتۇشلىرى ئىچىدە «قاۋۋاللىۇقى، جاسارەتلىكلىكى، تىلىنىڭ پاساھەتلىكى، سۆھبەتكە ماھىرلىقى» بىلەن، قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىيجاناب پەزىلەتلىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

ئابدۇرېشىتخان ھەربىي ئىلىمدە ئاتىسى سەئىدخانغا ئوخشاش ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ «قەھرىمانلىق ئورنىدا شىرغا يول بەرمەيدىغان يولۋاس، جاسارەت دېڭىزىدا ئەجدىھا يەيدىغان لەھەڭ ئىدى.»، «ئۇنىڭ شېرىن سۆزلۈكلۈكى سۆھبەت دېڭىزىدا يېگانە ئىدى.» موللامۇسا سايرامى قەشقەرى، شاھ مەھمۇد جوراس ۋە موللامۇسا سايرامى قاتارلىق تارىخچىلار: «ئابدۇرېشىتخان ئالىم، شائىر ئىدى، ئۇ پارسى، ئۇيغۇر تىللىرىدا شېئىرنى ياخشى يازاتتى، مۇزىكا ئىلمىدە بىدساغۇدىسېپىدىنلا كېيىن تۇرىدىغان مۇزىكا ئۇستازى ئىدى. ئۇ «ئىشرەت ئەنگىز» دېگەن مۇقامنى ئىجاد قىلغانىدى. 12 مۇقام، 24 شۆئبىسىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ سازلاردىن دۇتار، ساتار، قالۇن، راۋاب، ئۇد، غىجەك قاتارلىق سازلارنى ياخشى چالاتتى.» دەپ تەرىپلەشكەنىدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ھامىيسى، مۇتەپەككۇر، داڭلىق شائىر، مۇزىكانت بولغانلىقتىن ئۆزىنىڭ كۈچ ـ ئىقتىدارىنى پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلدى.

ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى:

«زاھىدى خۇدبىن بىن بەر زاھىرى رەسۋايى ما،
مەنزىلى سۇلتان ئىشقەست ئىن دىلى شەيدايى ما.
دەر تەرەققى ئىشق لافى پاكى بازى مىزەنىم،
گەرچە مەست ئەزبادە ئالۇدە زىسەر تا پايى ما.

× × ×

ئى سەبا! ئىن نامەرا بادەستانى ما بەبۇر،
هالى دىلرا تاكۇنەد مەئلۇمى ئەز ئىنشايى ما.
زاهىد ئەز خىلۋەت گەرىفتە جا بىدىگەر گۇشەئى،
فەيرى كۇيى يار نەبۇۋەد مەنزىلۇ مەئۋايى ما.
ئى رەشىدى بەردەرى شاهى ئەزەل رەه يافتىم،
شۇكرى لىللا شەه كۇنۇن فىردەۋسى ئەئلا جايى ما. ①

× × ×

هەق يولىدا جان چېكىپ، بىر جۇستىجۇيى قىلمادىم،
تەۋبە سۇيىدىن تېنىمنى شۇستى شۇيى قىلمادىم.
ۋەه، نۇچۇك مەقبۇل بولغاي بۇ نەمازىم كىم مېنىڭ
چۇنكى جۇنابى جىنگەر بىرلە هۇزۇيى قىلمادىم.
ئۆتتى ئۆمرۈم دۇنيانىڭ مەسلەهەتىدىن، ۋادەرىغ!
ئاخىرەت ئەسبابىدىن بىر تار مويى قىلمادىم.
كېچەلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،
كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمادىم.

---

① ئەي ئۆزىنىلا كۆرىدىغان زاهىد، بىزنىڭ رەسۋا كۆرۈنۈشىمىزدىلا كۆزمە،
بىزنىڭ بۇ شەيدا كۆڭلىمىز، ئىشق سۇلتانىنىڭ مەنزىلىدۇر.
بىز ئىشقنىڭ يولىدا پاكىز ئويناش لايىقى ئۆرىمىز،
ئەگەر باشتىن ئاياغ شاراب بىلەن بۇلغانغان بولساقمۇ.
ئى سابا شامىلى بۇ نامەنى دوستلىرىمىزغا ئېلىپ بار،
تاكى بىزنىڭ بۇ يازغانلىرىمىزدىن كۆڭلىمىزنىڭ هالىنى بىلىپ قالسۇن.
زاهىد خىلۋىتىدىن بىر بۇلۇڭدا ئورۇن تۇتۇپتۇ،
ئەمما بىزنىڭ مەنزىل ۋە تۇرار جايىمىز يارنىڭ كويىدىن باشقا جاي ئەمەس.
ئەي رەشىدى ئەزەل پادشاهى (خۇدا) دەرگاهىغا يول تاپتۇق،
خۇداغا شۇكرەكى ئالىي جەننەت بىزنىڭ جايىمىز بولغاي.

ئەي رەشىدى، سەن ئۆزۈڭنى بەھۇدە ئاشىق دېمە،
ئىشقنىڭ مەيدانىدا بىر ھاي ـ ھۇيى قىلمادىڭ.»

× × ×

«ئەي پەيك سەبا، مېنىڭ پەيامىم يەتكۈر،
يارىمغا نىياز ئىلە سەلامىم يەتكۈر.
گەر سۇبھى ۋە گەر شام قاشىغا يەتسەڭ،
ئەلۋەتتە دۇئايى سۇبھى ـ شامىم يەتكۈر.»

× × ×

«مەھبۇب ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بولسە،
شېرىن ھەرەكەت خۇش ئۇسۇلى بولسە،
جان ئوترا سىدا ئانىڭكى يولى بولسە،
نى ئەيىب ئانىڭ ئەسلىسى ئۇلى بولسە.»

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەركىن مۇنازىرىسىنى قوللايتتى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي مۇنازىرىلىرىگە شەخسەن ئۆزى قاتنىشىپ، ئاڭلاپ ئىلىم ـ پەن يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. نەتىجە كۆرسەتكەن ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى يۇقىرى باھالاپ، مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنى تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ماددىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرگەنىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتاقلىق ئەدىب ئاياز بەگ قۇشچىنىڭ مول ئىجادىي ئەمگىكىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئاتمىش ساغداق كىشىنى يەر، سۈيى بىلەن مۇكاپات

قىلىپ بەردى.» ① بۇ ئىش ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى لەرگە زور تەسىر كۆرسەتتى. خۇددى سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىكىدەكلا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بولغان يەكەن بىلەن قەشقەر ئالىملار، شائىرلار توپلانغان مەشھۇر شەھەرلەردىن بولۇپ قالدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىلىم، مەرىپەتكە كەڭ يول ئېچىش ئۈچۈن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان يەكەن شەھىرىدە ۋە قەشقەر شەھىرىدە كۆلىمى ئىنتايىن كەڭ، ھەشەمەتلىك بولغان، پۈتۈن قۇرۇلۇشى خىش، ھەر خىل كاھىشلار بىلەن سىلىنغان. ئۇيغۇر ئويمىچىلىق تېخنىكىسى بىلەن بېزەلگەن «رەشىدىيە مەدرىسى» قاتارلىق خانلىق بويىچە ئەڭ چوڭ مەدرىسلەرنى سالدۇردى. رەشىدىيە مەدرىسىنىڭ 360 ھۇجرىسى، ئىككى قەۋەتلىك بىر مۇنچىلىرى بار ئىدى. ئۇلىمگىدىن باشقا يەكەندىكى «يېشىل مەدرىس»، قەشقەردە خانلىق مەدرىسى، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق شەھەرلەردە چوڭ مەدرىسلەرنى سالدۇردى. بۇ مەدرىسلەردە ئاتاقلىق ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلدى. شۇڭا، يەكەن بىلەن قەشقەر شەھىرى كىشىلەر تەرىپىدىن «سانى بۇخارا» (2 ـ بۇخارا) دەپ ئاتالغانىدى.

بۇ مەدرىسلەردە XII ئەسىردە ئۆتكەن شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان» دېگەن ئەسىرى، ئۇيغۇر شائىرى سەككاكىنىڭ (1393 ــ 1449) «غەزەللەر» دېگەن شېئىر دىۋانى، لۇتفىي (1366 ــ 1465) نىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامىنىڭ (مىلادىيە 1492 ـ يىلى ۋاپات بولغان) پارس تىلىدىكى مەشھۇر ئەسەرلىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋائى (مىلادى 1441 ــ 1501 ـ

① شاھ مەھمۇد جوراس، «تارىخى رەشىدى ـ زەيلى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

يىللىرى) نىڭ ئەسەرلىرى دەرسلىك قىلىناتتى. بۇ مەدرىسىلەردە يەنە ئەرەبچە، پارسچە نەھۋى (گراممatika)، «پىقھە» (ئىسلام شەرىئەت ئىلمى)، «ئۇسۇل پىقھە» (ئىسلام شەرىئەت ئاساسلىرىنىڭ پەلسەپىسى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىس، سۆزلىرى، قۇرئان كەرىم تەپسىرى)، ئەدەبىيات، پەلسەپە ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈلەتتى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدىكى ئۇلۇغ تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان قەشقەرى (1500 — 1551) تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدى» (مىلادى 1545 - يىلى) ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى ۋە «جاھاننامە» (ئەدەبىي تەخەللۇسى — ئاياز شىكەستە) ناملىق ئەسەرلىرى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەڭ يىرىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەر تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ دەسلەپكى دەۋرى (1329 — 1330) دىن تاكى ئابدۇرېشىتخان دەۋرىنگىچە (1545 — 1546) بولغان ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق دەۋرنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەردۇر.

مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرەسى، خانىش ئامانىساخان (ئەدەبىي تەخەللۇسى نەفىسە) يازغان «ئەخلاق جەمىلە» ناملىق دىداكتىك ئەسەر، «شۇرۇھۇلقۇلۇپ» (قەلبلەر كېڭىشى) دېگەن ئېستېتىك ئەسەر شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە نۇرغۇن پارسچە، ئەرەبچە ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى.

سۇلتان ئىلىنىڭ پارس تىلىدا يازغان «دەستۇرئىلاج» (داۋالاش يوللىرى) ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى.

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت گۈلزارىدىكى ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا قامۇسى بولغان 12 مۇقامنى رەتلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. مەشھۇر مۇقامشۇناس مەۋلانا يۈسۈپ قىدىرخان، شائىرە ئامانىساخان قاتارلىق مۇقامشۇناسلار سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر مۇقامشۇناسلار ۋە سازەندىلەرنى تەشكىللەپ ئۇيغۇر مۇقام داستانلىرى، مەشرەپلىرىنى بىر قېتىم رەتلەپ قېلىپلاشتۇرۇپ چىقتى، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ نامايەندە ئىدى. 12 مۇقام ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي بەدىئىي مىراسى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى. ئۇ ھەقىقىي مەنىسى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇپەسسەل ھالدا مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادە قىلغان چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس بولغانلىقتىن ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە ھېسابلىنىدۇ

## 2- بۆلۈم ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەختتە ئولتۇرۇشى

سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننى ھىجرىيە 928 - يىلى (مىلادى 1521 — 1522 - يىللىرى)، يەتتىسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ يەتتىسۇ رايونىغا كېلىپلا چېگرا رايون خىزمەتلىرىنى تەرتىپكە سالدى. ھىجرىيە 930 - يىلى (1523 — 1524)، سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرېشىتخاننى ئۆز ئورنىدا نائىب خان قىلىپ، مىرزا ھەيدەر كوراگانى بىلەن بەدەخشانغا ھەربىي

يۈرۈش قىلدى. ئابدۇرېشىتخان بۇ ۋەزىيەتنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئورۇنداپ سەئىدىيە ئوردىسىدا سەئىدخاندىن كېيىن تۇرىدىغان ئورۇنباسارخان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئىمىن خوجا، مىرزا ئەلى تاغايىلار ئاقسۇدا ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئوردا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئابدۇرېشىتخاننى ئاقسۇغا ئىسياننى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەنىدى. ئۇ ئىمىن خوجىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا قارشى قوزغىغان ئىسياننى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باستۇرۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلدى.

ئاقسۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى ۋە شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا ئۆتىدىغان يول ئېغىزىغا جايلاشقان، بىر مۇھىم قورغانىدى.

ئاقسۇنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئەنە شۇنداق مۇھىم بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپ بۇ جاي ئۇرۇشتا ئىككى تەرەپ جەزمەن تالىشىدىغان ئورۇن بولۇپ كەلگەنىدى. كىم ئاقسۇنى قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرالىسا، جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرالايتتى. ئاقسۇنى ئىشەنچلىك ئادەمنىڭ قولىغا تۇتقۇزمىغاندا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولمايتتى. شۇڭا سەئىدىيە ئوردىسى مۇشۇ ستراتېگىيىلىك ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ، ئابدۇرېشىتخاننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئابدۇرېشىتخان تاكى سۇلتان سەئىدخان ھىجرىيە 939 - يىلى (1532 — 1533) ۋاپات بولغانغا قەدەر، ئاقسۇدا ۋالىي بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۈنۈملۈك باشقۇردى.

سۇلتان سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇزۇندىن بىرى پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان قارانىيەت پىتنىخورلار جىددىي ھەرىكەت قىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاشقا كىرىشتى.

ھەسەنخور مىرزا ئەلى ئاغايى «شەيبانىلار ئانىسى» خوجا شاھ مۇھەممەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يالغان سۆزلەر بىلەن قۇراشتۇرۇلغان «خان ۋەسىيىتى» دېگەن بىر ئويدۇرمىنى ياساپ چىقتى، ساختا «خان ۋەسىيىتى» دە: «مەن تىبەتكە بېرىپ غازات قىلىش ئويىدا ئەمەس ئىدىم. تىبەتكە غازاتقا بېرىشنى ماڭا سەئىد مۇھەممەت مىرزا بىلەن مىرزا ھەيدەرلەر سايە قىلدى. مېنىڭ ھاياتىمنى يامان ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغۇچىلار دەل شۇلار، پەرزەنتىم ئابدۇرېشىتتىن ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرمىسە ھەرگىز رازى ئەمەسمەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش مېنىڭ قىساسىمدۇر، بۇلارلا بولىدىكەن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنىتى ساڭا مۇيەسسەر بولمايدۇ» دېيىلگەنىدى. ①

خانلىق ئوردىسىدىكى بارلىق مۆتىۋەر ئەربابلار، ئۆلىما، ئالىم، ئەمىر – سەركەردىلەر ھەممە بىردەك ئابدۇرېشىتخاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ھازىرلىق تەييارلىقىدا ئىدى، ئۇلار «ئابدۇرېشىتخاننىڭ كېلىش ۋاقتى يېقىنلاشتى، بۇ كۈن قۇربان ھېيت ئايىنىڭ چىقىش ئايىغى بولۇپ قالغانلىقتىن دەل يېڭى ئاينىڭ چىقىش كۈنى – چارشەنبە ئىكەن. بۇ كۈندە ئۇلۇغلارنىڭ چۈشۈشى ياخشى ئەمەس، شۇڭا ئابدۇرېشىتخاننىڭ بىر كېچە شەھەر ھودۇدىدا توختاپ ئەتە ھوشۇر ئاينىڭ بېشى – پەيشەنبە – ھىجرىيە 940 - يىلى (1533 — 1534) نىڭ باشلىنىشىدا شەھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلسا، ئابدۇرېشىتخان دەل مۇشۇ كۈندە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغىنى ياخشى» دېيىشتى. ئەمما، مىرزا ئەلى ئاغايى مەخپىي ھالدا ئابدۇرېشىتخان يېنىغا بېرىپ «خاننىڭ تۇز ھەققى گەدىنىمدە بولغانلىقتىن ئۆزلىرىگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەئىد مۇھەممەت مىرزا، دىۋان مەھكىمىسىدىكى ئەمىرلەر ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىپ جانابىلىرى بارغان ھامان

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ئاتىلىرى يېنىدىن جاي بېرىپ خانلىقنى تەبەتتە بولغان ئىسكەندەر (سەئىدخاننىڭ كىچىك ئوغلى) غا بەرمەكچى بولۇپ ۋاقىتنى قەستەنگە سوزدى. بىزلەردىن بۇ خۇسۇستا ئەھد ئالدى» دېگەنگە ئوخشاش بىرقانچە يالغانلارنى توقۇپ، ئابدۇرېشىتخاننى ئىشەندۈردى. ئابدۇرېشىتخان قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، ھىجرىيە 940-يىلى (1533 — 1534) ھوشۇر ئېيىنىڭ (1-ئاينىڭ) بىرىنچى پەيشەنبە كۈنى ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ مازىرىغا كەلدى. بۇ چاغدا سەئىد مۇھەممەت مىرزا ماتەم لىباسىنى كىيگەن ھالدا بېشىغا قارا سەللە يۆگەپ، ياقىلىرىنى يىرتىپ مەرھۇم خاننىڭ ياتقان جايى يېنىدا خەتمە - قۇرئان قىلىپ ئولتۇرغانىدى.

ئابدۇرېشىتخان ئاتلىق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە سەئىد مۇھەممەت مىرزا قارىلىقىنى گەدىنىگە تاشلىغان ھالدا يىغلاپ پەرياد كۆتۈرۈپ چىقىپ ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا يىقىلدى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇرېشىتخان: «تۇتۇڭلار بۇ ناكەسنى» دەپ بۇيرۇدى ۋە دەرھال ئۆلۈمگە بۇيرۇپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. سەئىد مۇھەممەت مىرزا سۇلتان يۇنۇسخان، سۇلتان ئەھمەتخان، سۇلتان سەئىدخانلاردىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد خان دەۋرىدە ئىنتايىن زور خىزمەت كۆرسەتكەن مۇھىم دۆلەت ئەربابى ئىدى. سەئىد مۇھەممەت مىرزا بىلەن قەتل قىلىنغانلار ئارىسىدا ئىبلى سەئىد كوكەلداش دېگەن ئاتاقلىق زاتمۇ بار ئىدى.

ئابدۇرېشىتخان بۇ ئىككى مۇھىم ئەربابنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ تۇپراق بېشىغا باردى. ھەرەمگە كىرىپ ھازا مۇراسىمىنى ئۆتىدى، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلدى.

ئەتىسى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەممە چوڭ مۇھىم ئەربابلىرى، ئەمىر، سەركەردە، قوماندانلىرى يىغىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ

قائىدىسى بويىچە كېڭەش (قۇرۇلتاي) ئۆتكۈزۈپ، ۋەلىئەھد ئابدۇرېشىتخاننى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەندە خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئارقىدىنلا قاتتىق قوللۇق سىياسەت قوللىنىپ «ئاسىيلارنى تازىلاش» دېگەن نام بىلەن سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ ئورنىغا پىتنىخور ۋە چېقىمچى، «شەيتانلارنىڭ ئانىسى» — مىرزا ئەلى تاغايىنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ بەلگىلىدى. تۇرپاننىڭ ۋالىيلىقى مەنسۇرخاننىڭ قولىدا بولۇپ، ئاۋۋالقى تەۋەلىكتە بولۇۋەردى. تىبەتكە ئىسكەندەر سۇلتاننى (ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىنىسى) يارلىق بىلەن ۋالىي قىلىپ بېكىتتى. مىرزا ھەيدەر كوراگاننى يارلىق بىلەن تىبەتتە تۇرۇشلۇق سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىقىدىن ئېلىپ تاشلىدى. تىبەتتىكى ئەسكەرلەرگە ئائىلىسىگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىپ تىبەتكە ھەسەن دىۋانبېگى باشچىلىقىدا يېڭى قوشۇن ئەۋەتتى.

مىرزا ئەلى تاغايى ئەمىر قەشقەرگە بېرىپلا سەئىد مۇھەممەت مىرزىنىڭ بالىلىرىدىن ھۆسەيىن مەنسۇر بىن مۇھەممەت مىرزىنى، سۇلتان ئابابەكرىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت مىرزا ۋە سەئىد مۇھەممەتلەرنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەۋلادلىرىنى مىرزا ئەلى تاغايىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. ھەتتا، سۇلتان سەئىدخاننىڭ خوتۇنى زەينەپ خانىمنى ئۇنىڭ ئاغا ۋە ھاممىلىرى بىلەن قوشۇپ سەئىدىيە خانلىقىدىن بەدەخشان ۋە باشقا جايلارغا سۈرگۈن قىلدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىس-

مىغا يوشۇرۇنغان سۇيىقەستچىلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ كېتىپ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىماي نۇرغۇن ياخشى ئادەملەرگە ئۆۋال قىلدى. يامان ئادەملەرنى بىر مەزگىل ئەتىۋارلىدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەئىد مۇھەممەت مىرزا قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخان دەۋرىدىكى ئىقتىدارلىق ئەمىر ـ سەركەردىلەر سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا بولغان ئىخلاسىدىن قايتىپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر مەھەل خاتىرجەمسىزلىك ۋەزىيىتى كېلىپ چىقتى. دەل مۇشۇ چاغدا، يېتىمخور سۇيىقەستچىلەرنىڭ باشلىقى مىرزا ئەلى تاغاي ئۆزىنىڭ جىنايى ھەرىكەتلىرىدىن قورقۇپ يوشۇرۇن ھالدا قارا تېكىن ئەتراپلىرىغا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مىرزا ھەيدەر كوراگانغا ئەۋەتكەن بىر مەكتۇپىدە «خاتالىقتا پۇشايمان قىلغانلىقىنى ئېيتتى»①. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان خاتالىقىنى تونۇغاندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئەسلىدە ئەندىشە ئىچىدە قالغان ياخشى نىيەتلىك دۆلەت ئەربابلىرى، ئەمىر ـ سەركەردىلەر، ئالىم، ئۆدىبلەر يېڭىباشتىن ئىخلاس بىلەن ئابدۇرېشىتخان ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىدا يېڭىباشتىن خاتىرجەملىك ئورنىتىلدى. سەئىدىيە خانلىقىدا ۋەزىيەت ياخشىلانغاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىشلىرى توغرا تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى ۋە مۇستەھكەملەندى. سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق جايلاردا سۇلتان سەئىدخان ۋاقتىدىكىدەك تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ئورنىتىلدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان ھۆكۈمـ

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

رانلىق قىلغان دەۋردىكىدەك، غەربىي يۇرتنىڭ بىرلىككە كەل-
گەن ۋەزىيىتىنى قوغدىدى ۋە مۇستەھكەملىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان تۇرپان ھۆكۈمدارى مەنسۇرخان ھىجرىيە 940 - يىلى (1533 — 1534) ئەتىيازدا، چالىش (قاراشەھەر) دىن نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاقسۇغا يۈرۈش قىلدى. ئاقسۇدا مەنسۇرخان بىلەن شىددەتلىك سوقۇش قىلىپ مەنسۇرخاننى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. مەنسۇرخان چالىش (قاراشەھەر) قا چېكىندى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بۇ قېتىمقى جەڭدە غالىب بولۇپ يەكەنگە قايتتى.

ھىجرىيە 943 - يىلى (1536 — 1537)، مەنسۇر خان ئاقسۇغا ئىككىنچى قېتىم يەنە ھۇجۇم قىلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مەنسۇرخاننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمىنى يەنىلا مەغلۇپ قىلدى ۋە چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. يەتتىسۇدىكى موغۇللار سەئىدىيە خانلىقىغا قىسقا ۋاقىت تەۋە بولغان بولسىمۇ، ئەمما، باشقا مىللەتلەر ھەمىشە قەشقەر ۋە تاشكەنت دائىرىسىدىكى يەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ماۋارا ئۇننەھردىكى ئۆزبېكلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ①

«ھىجرىيە 944 - يىلى (1537 — 1538)، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قازاقلارنى زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. مۇشۇ جەڭدە تاھىرخاننىڭ ئۇكىسى، قازاقلار خانى تۇغۇم ئۆزىنىڭ 37 سۇلتانى بىلەن ھالاك بولدى» ② سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قازاقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنى

---

①② ئاكادېمىك بارتولىد يازغان: «يەتتىسۇ تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن.

ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپنى ئاقسۇدىن يەتتىسۇغا ۋالىي قىلىپ يۆتكىدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش، مەركىزىي ھاكىمىيەت — سەئىدىيە ئوردىسىنىڭ نوپۇزىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، چېگرا رايونىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال موغۇللار ۋە ئۆزبېكلەر بىلەن بولغان ئىتتىپاقنى داۋاملاشتۇردى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 951 - يىلى (1544 — 1545) ئىسسىق كۆل ياقىسىدا تاشكەنت خانى نورۇز ئەخمەت (بۇراقخان) بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ بۇ قېتىمقى سۆھبەتتە، ئۆزىنىڭ غەربىي يۇرتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا چارۋىچىلىق قىلىپ كەلگەن قازاق، قىرغىز قوۋملىرى يەتتىسۇدىكى ھاكىمىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇزاققا قالماي ئاقسۇ رايونىغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. ئابدۇلېتىپخان قازاق، قىرغىز قوۋملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىش ئۈچۈن، قايتۇرما ھۇجۇم قوزغىدى. بىراق، «بۇ قېتىمقى جەڭدە ئابدۇلېتىپخان ئۆزىنىڭ ئەمىر - سەركەردىلىرى بىلەن قازاق، قىرغىزلار خانى ھەقنەزەر خاننىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. ھەقنەزەر خان ئابدۇلېتىپخاننى ئەمىرلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈردى». ھەقنەزەر خاننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بولىدىغان سودىسىغا تەھدىت بولۇپ قالدى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بۇ تەھدىتنى يوقىتىش ئۈچۈن، يەكەن، قەشقەردىن قوشۇن باشلاپ، قىرغىزلار ئۈستىگە جازا يۈرۈش قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە، سەئىدىيە قوشۇنلىرى ھەقنەزەرنىڭ 60 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ھەقنەزەر

ى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. يەتتىسۇدا ئەمسىلىك ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان يەكەنگە قايتتى.

«سۇلتان ئابدۇرېشىتخان مىرئەنۋەر، موللا مەھمۇد قاتارلىق ئەئىيانلىرى بىلەن بىللە ھىجرىيە 977 - يىلى (1569 — 1570) 2 - قېتىم خوتەن رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن بارغاندا، خوتەننىڭ جامە يېزىسىدا 56 يېشىدا تۇيۇقسىز ۋاپات بولدى».①
سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتىسى سۇلتان سەئىدخان دەپنە قىلىنغان يەكەن ئالتۇنلۇق مازىرىغا دەپنە قىلىندى.

## 3 - بۆلۈم يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۈرەشلەر

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىم بىن ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 977 - يىلى (1569 — 1570) يازدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەندە تەختتە ئولتۇردى.

سۇلتان ئابدۇكېرىم خان سەئىدىيە خانلىقىغا ئۈنۈملۈك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن، جايلارغا ئۆز ئىنىلىرىنى ھۆكۈمدار قىلىپ تەيىنلىدى: قەشقەرگە ئىبراھىم سۇلتاننى (سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ 3 - ئوغلى، تارىختا «سوپى سۇلتان» دەپمۇ ئاتالغان) ھۆكۈمدار قىلدى؛ يېڭىسارغا مۇھەممەت خان (ئابدۇرېشىتخاننىڭ 5 - ئوغلى) نى ھاكىم قىلدى. خوتەنگە ئەبۇ سەئىدخان (ئابدۇرېشىتخاننىڭ 6 - ئوغلى) نى ھاكىم قىلدى. ئۇرپانغا ئابدۇرېھىم خان (ئابدۇرېشىتخاننىڭ 11 - ئوغلى) نى ھاكىم قىلدى. ئاقسۇ ئۇچتۇرپانغا مۇھەممەت باقى سۇل-

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما

ئاتنى (ئابدۇرېشىتخاننىڭ 8 - ئوغلى) ھاكىم قىلدى.

ئابدۇكېرىمخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دا-ئىرىسىدىكى جايلارنى ئۆز ھاكىمىيتى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەممە ئەسكىرىي قوشۇن ۋە ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئوردىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇتارخىيلىك ھوقۇقنى كۈچەيتتى.

ئابدۇكېرىمخان سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۆلەتنى قانۇن - تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر قاتار ئىسلاھات-لارنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بىر تەدبىر ھاكى-مىيەت بىلەن دىننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئىدى. ئۇ بۇ تەدبىرنى بىر قاتار قانۇن - تۈزۈملەر بىلەن مۇستەھكەملىدى.

تۆشرە - زاكاتنى مائارىپ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىش ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە قوللىنىلغان يەنە بىر مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرى ئىدى. مۇشۇنداق ئىسلاھاتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدە بىر تۈركۈم ئالىملار، تەپسىرچىلار، شائىرلار، تارىخشۇناسلار، قانۇنشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. تارىخشۇناس مۇھەممەد نىياز يەكەندى، موللا ئالىم يەكەندى، موللا ئابدۇللا قازى، موللا ئارىپ، مەۋلانا فانامى، مەۋلانە شاھ مۇھەممەت بايداۋى يەكەندى، شائىر مىرزا، شائىر خوجا موللا ئابىت، دىنشۇناس باباخوجائاخۇند، ئابدۇۋايىت قازى، موللا ئابدۇراخمان يەكەندى، موللا سايىم يەكەندى، موللا شۇكۇر يەكەندى، راخمان سوفى يەكەندى، موللا ئابدۇلمىجىت قەشقەرى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى. ① دىل مۇشۇ مەز-گىلدە خوجا ئىسھاق سەمەر قەنددىن قەشقەرگە كەلدى.

---

① مىرخالدىن كاتىپ قازى ساھ كوچەك يەكەندى: «ھىرات نامە» قولىيازما.

خوجا ئىسھاق ھىجرىيە 936 - يىلى (1529 — 1530) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسان قەلئەسىنىڭ «دەھبىد» (يەتتە سۆگەت مەنىسىدە) دېگەن جايىدا دۇنياغا كەلدى. «ئۇ نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ ئىچىدىكى خوجىلارنىڭ «قاراتاقىيە» سۇلۇكىگە ئاساس سالغۇچى» ① ئىدى. ئۇ سەمەرقەندتە ئىلىم تەھسىل قىلىپ پارسچە، ئەرەبچە تىل - يېزىقىنى بىلگەندىن تاشقىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىش ۋە ئوقۇشنى بىلەتتى. ئۇ ئافغانىستان، ئىران قاتارلىق جايلارغا بارغان ئۆمرىدە 64 خەلىپە (ئىز باسار) يېتىشتۈرگەنىدى.

خوجا ئىسھاق قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تەرىقەتچىلىك ئەقىدىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتتى. كىشىلەر خوجا ئىسھاقنى ئۆزلىرىگە بەخت كەلتۈرىدىغان «ئەۋلىيا»، «پىر» بىلىپ، ئۇنى مۇقەددەس ئورۇنغا كۆتۈردى. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە بېرىپ ئابدۇكېرىمخان بىلەن ئۇچرىشىپ خانغا ئۆزىنىڭ تەرىقەت ئۇستازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئابدۇكېرىمخان گەرچە دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسھاق خوجىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرويىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ دىنىي بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراپ ئۇنى ئۆزىگە «ئۇستاز» تۇتتى. ئابدۇكېرىمخان دىنشۇناس، تەقۋادار بولغانلىقى ئۈچۈن خوجا ئىسھاقنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى، ئەلۋەتتە.

خوجىلار ھەرقايسى ئۆز مەسلىكىنى تارقىتىپ، ئۆزىگە نۇرغۇن مۇرىتلارنى توپلىدى. مۇرىتلار خوجا مۇھەممەد ئىمىن، خوجا ئىسھاقلارغا بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەر - زېمىنلىرىنى ئۇلار نامىغا ۋەخپە قىلدى.

---

① شاھ مەھمۇد جۇرراس: «تارىخ» قولىيازمىسى.

«يەكەندە ‹قارا تاقىيە›لىق خوجىلارنىڭ، قەشقەردە ‹ئاق تاقىيە›لىق خوجىلارنىڭ تېرىلغۇ مەيدانلىرى بار ئىدى». ① خوجىلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرىمۇ بارغانسېرى ئاشتى، ئاخىر بېرىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەردەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قول سالىدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپى بىلەن تەرىقەتچىلەر ئوتتۇرىسىدا يەنى خوجىلار بىلەن سەئىدىيە خانلىقى ئوتتۇرىسىدا تۇنجى قېتىم كەسكىن كۈرەش ئوتتۇرىغا كېلىپ چىقتى. خوجىلار سۈننىي مەزھىپىدىكىلەرنى «كاپىرلار» دەپ ھاقارەتلەشتى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ھىمايە قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاپ، ئاممىنى خۇراپاتلىق پاتقىقىغا تىقتى. بۇ خىل جىددىي كۈرەش سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

سۇلتان ئابدۇكېرىمخان ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراسىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تىنىچ ئامانلىقى ۋە بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى بۇ ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشكە جەسۇرلۇق بىلەن رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىغا خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقان ئاپەت يىلتىزىنىڭ ‹ئۇستازى› دىن كېلىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ خوجا ئىسھاقنى ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە خوتەن ئارقىلىق خانلىقتىن چىقىپ كېتىپ دەھبىستگە كېتىشنى «ئۇقتۇرغان» ئىدى. ئابدۇكېرىمخاننىڭ بۇ پەرمانى پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئوردىدىكى ۋە ئوردا سىرتىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان» قولىيازما.

بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ①.

خوجا ئىسھاق ئابدۇكېرىمخاننىڭ پەرمانى بويىچە يەكەندىن ئايرىلىپ خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا 12 يىل تۇرۇپ ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى قىرغىزلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ مۇرىت توپلاشقا كىرىشتى، كېيىنكى چاغلاردا سەمەرقەندكە قايتىپ مىلادى 1599 - يىلى ۋاپات بولدى.

ئابدۇكېرىمخان خوجىلارنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئۆز ۋاقتىدا توسۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملىگەن بولسىمۇ، ئەمما سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەر يەنىلا داۋاملىق كەسكىنلەشتى.

ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 — 1592) كۈزدە، سۇلتان ئابدۇكېرىمخان دۆلىتىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بارچۇق (مارالبېشى) قا يېتىپ كەلدى. بۇ جەرياندا شىكار قىلىپ، قايتىشىدا قابالى مىرزىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ساتقىن «ئوبۇل مەئانى ۋە مۇھەممەت قاسىملار 500 دەك قوراللىق كىشىلىرى بىلەن خان چۈشكەن ھويلىنى مۇھاسىرە قىلىۋېلىپ، ئابدۇكېرىمخاننىڭ خاس ساقچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئابدۇكېرىمخاننى شېھىت قىلدى» ① كىشىلەر سۇلتان ئابدۇكېرىمخاننىڭ جەسىتىنى بارچۇقتىن يۆتكەپ كېلىپ يەكەندىكى «ئالتۇنلۇقۇم» مازىرىغا دەپنە قىلدى.

ئابدۇكېرىمخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن،

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان» قوليازما.

② شاھ مەھمۇد جۇراس: «تارىخ» قوليازما.

خان بىن سۇلتان ئابدۇرېشىتخان (ئابدۇرېشىتخاننىڭ 5 - ئوغلى) ھىجرىيە 998 - يىلى (1589 — 1590) تەختتە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە سەئىدىيە خانلىقىدا شاھزادىلەر ئارىسىدا تەخت تالىشىش غەۋغاسى كۆتۈرۈلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ 7 - ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننىڭ تەرەپدارلىرى پائال ھەرىكەت قىلىپ، ئابدۇكېرىمخاننىڭ قاتىلى ئوبۇلمە ئانى ۋە مۇھەممەت قاسىملار بىلەن بىرلىشىپ قۇرەيش سۇلتاننى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزۇش قەستىدە بولدى. قۇرەيش سۇلتانمۇ ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى ھېسابلاپ، قورال كۈچىنى كۆز - كۆز قىلىپ ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدىكى مۆتىۋەرلەردىن خوجا لېتىپ (پېشقەدەم ۋەزىر)، ئۆلىمالاردىن يۈسۈپ قازى، ئاخۇن خوجا قازى، نەجمىدىن قازى، ئالىم مەۋلانا قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىنى ھىمايە قىلىشقا مەجبۇرلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئابدۇكېرىمخان دەۋرىدىكى ئىقتىدارلىق ئەمىر - سەركەردىلەرنى دۈشمەن ھېسابلاپ، چەت ئەللەرگە سۈرگۈن قىلىشنى پىلانلىدى. دەل مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، مۇھەممەدخان سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، پارچىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قۇرەيش سۇلتاننىڭ خانلىقنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ھەرىكىتىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىپ، قۇرەيش سۇلتانىنىڭ ئىسيانىنى قاتتىق باستۇردى.

«قۇرەيش سۇلتان ۋە شاھ مۇھەممەد خوجا، ئابدۇللا خوجا باشچىلىقىدىكىلەرنى سەئىدىيە خانلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىپ چەت ئەللەرگە سۈرگۈن قىلدى.» ① ئوبۇلمە ئانى ۋە مۇھەممەت قاسىم قاتارلىق قاتىللارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى ۋە تىنچ ۋەزىيەتنى قوغداپ قالدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى.

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما.

مۇھەممەدخان بىن سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 — 1592) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 — 1592)، ماۋارا-ئۇننەھرنىڭ ھۆكۈمدارى ئابدۇللاخان خوجام قۇل قوشبېگى باشچىلىقىدا زور بىر تۈركۈم قوشۇننى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. سۇلتان مۇھەممەتخان ئۆزبېكلەر خانى ئابدۇللاخاننىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يەكەن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى قوشۇننى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

ئۆزبېك قوشۇنلىرى «سارت» ① داۋانىدىن ئۆتۈپ قەشقەرنىڭ تۈمەن دەرياسىغىچە بېسىپ كەلدى. مۇھەممەدخان سەئىدىيە خانلىقى قوشۇنىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۆزبېكلەرنى تۈمەن دەرياسى يولىدا توسۇپ قاتتىق مەغلۇپ قىلدى، ئۆز-بېك قوشۇنلىرى زەربىگە ئۇچرىغانلىقتىن پەرىشان ھالدا چېكىنىپ كەتتى. مۇشۇ مەزگىلدە قەشقەر ۋالىيسى ئەبۇسەيىد سۇلتان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا شىجائىدىن ئەخمەدخان قەشقەرگە ۋالىيلىققا تەيىنلەندى. تەلەكەبى باي، بۇتاقارا باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ ئاقسۇنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى ۋە ئوردا ئۇچتۇرپانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىگەن مىرزا ھاشىمنى تۇتۇپ كەتتى. سۇلتان مۇھەممەت-خان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تەلەكەبى باي، بوتا-قارانىڭ لەشكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۇلارنى قات-تىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇچتۇرپان ھاكىمى مىرزا ھاشىمنى قىرغىزلار قولىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

---

① «سارت» قەشقەر بىلەن ئوش ئوتتۇرىسىدىكى داۋان — بۇ ئالاتاۋتاغ تىزمىسى ئارقىلىق ئالاي جىلغىسى بىلەن شىمالغا ماڭىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ.

ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. مىرزا ھاشىمنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىم، تۆمۈر سۇلتاننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، سۇلتان مۇھەممەدخان يەكەنگە قايتتى. قىرغىزلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئەمدىلا تىنچىتىلىپ تۇراتتى، قالماقلار تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزدى. شاھ خان (مەنسۇرخان ئوغلى) قالماقلار بىلەن بولغان جەڭدە قۇربان بولدى. قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدا بەردى (خۇدا بەردى سۇلتان مۇھەممەتخاننىڭ كۈيئوغلى ئىدى) قاراشەھەر (چالىش) دە سەئىدىيە خانىغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. سۇلتان مۇھەممەدخان قاراشەھەرگە دەرھال قوشۇن يۆتكىدى، خۇدابەردى تۇرپانغا قاچتى. سۇلتان مۇھەممەتخان دەرھال تۇرپانغا يېتىپ بېرىپ، تۇرپاندىكى ئىسياننى تېزلا باستۇردى. شۇنىڭ بىلەن قاراشەھەر بىلەن تۇرپان تىنچىدى. سۇلتان مۇھەممەتخان چالىش ۋە تۇرپانغا ئابدۇرېھىمخاننى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. ئابدۇرېھىمخان مىرزا شاھنى، خۇدا بەردىنى ياللاپ يەكەنگە ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. بىراق، «خۇدا بەردى يەكەنگە كېتىپ بېرىپ يولدا ئۆلۈپ كەتتى» ①.

سۇلتان مۇھەممەتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، شاھزادىلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن تاج ـ تەخت تىزالىرى بېسىقتۇرۇلۇپ ۋە يات قوۋمدىكىلەرنىڭ ھۇجۇملىرى مەغلۇپ قىلىنىپ ئىچكى ۋە تاشقى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە خاتىمە بېرىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىگىلىكى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلدى. سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. شەھەر ـ بازارلار ئاۋاتلىشىپ خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

ھىجرىيە 1011 ـ يىلى (1602 — 1603) شىنجاڭ

---

① موللامىر سالىھ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»

ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە ساياھەتكە ماڭغان پورتۇگالىيەلىك مىسسىئونېر بېنوفت يەكەنگە كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى مۇھەممەدخاننى زىيارەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ يەكەن ھەققىدىكى مەلۇماتىدا «بۇ يەردە سودىگەرلەر سايىنىڭ تېشىدەك كۆپ ئىكەن، ماللىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، بازارلىرى بەك ئاۋات ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇللۇ مۇھىم سودا شەھەرلىرىدىن ئىكەن» دەپ يازغانىدى. ①

«سۇلتان مۇھەممەدخان ھىجرىيە 1018 - يىلى (1609 — 1610) ۋاپات بولدى.» ② سۇلتان مۇھەممەدخان يەكەندىكى ئالتۇنلۇقۇم مازىرىغا دەپنە قىلىندى.

سۇلتان مۇھەممەتخان ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى شىجائىددىن ئەخمەت ھىجرىيە 1018 - يىلى(1609 — 1610)، ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى. كېيىن شىجائىددىن ئەخمەتنىڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ (ئاپاق خان) ھىجرىيە 1026 - يىلى (1617 -يىلى)خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھىجرىيە 1036 - يىلى (1626 — 1627) ۋاپات بولدى. كېيىن شىجائىددىن ئەخمەت ئوغلى زىيائىددىن (تۆمۈر سۇلتان دەپ مەشھۇر بولغان) ھىجرىيە 1036 - يىلى (1626 — 1627) ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى، كېيىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەنىلا سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

سۇلتان مۇھەممەدخان سەئىدىيە خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندا، سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ 11 - ئوغلى بولغان

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 330 - بەتكە قاراڭ.

② موللامىر سالىخ كاشغەرى: «چىڭگىزنامە»

ئابدۇرېھىمخان تۇرپان بىلەن قارا شەھەرگە ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. شۇ مەزگىللەردە تۇرپاننىڭ يېزا ـ ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىپ، ئىقتىساد زور دەرىجىدە راۋاجلانىدى.

شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخ» تا: «ئابدۇرېھىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە قۇمۇلدىن باشلاپ بۆگۈر، تۇرپانغىچە بولغان يۇرتلار مەنسۇرخان دەۋرىدىكىدىنمۇ ئاۋاتلاشتى» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، ئابدۇرېھىمخان تۇرپان، قارا شەھەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە كۈچلۈك ھەربىي قوشۇنغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. شۇڭا ئابدۇرېھىمخان سۇلتان مۇھەممەتخان سەئىدىيە خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىن تارتىپلا، يەكەن خانلىقىغا بويسۇنماي مۇستەقىل بولۇۋالدى. دېمەك، سەئىدىيە خانلىقى مۇشۇ مەزگىلدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تاج ـ تەخت ۋارىسلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن نىزالىرىدا ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلەشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەر بىلەن يەكەندە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتى (سوفىزىم) نى كەڭ تارقاتتى. ئۆزلىرىنى «ئەۋلىيا» قىلىپ كۆرسىتىپ، سۇلتان ـ خانلارنى ئۆزلىرىگە مۇرىت قىلىپ، خەلق ئىچىدە چوڭ ئابرويى قازانغانىدى. خوجا ئىسھاقنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتى ھاكىمىيەت ئىچىدە ۋە خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولدى. تەسەۋۋۇپچىلىق يالغۇزلا ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنى پارچىلاپلا قالماستىن، بەلكى خانزادىلەر ئىچىدىكى خانلىق تالىشىش كۈرەشلىرىگە قەدەر سىڭىپ كىرىپ، تەخت تالىشىش ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش 15 يىلىدەك داۋام قىلدى. مۇشۇ جەريانىدا ئىگىلىك ۋەيران بولدى. سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ قولىدىن ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ قولىغا ئۆتكەن مەزگىللەردە ئابدۇرېھىمخان مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ چىقتى ۋە سەئىدىيە خانلىقى دائىرىسىدىكى جايلارنى تارتىۋېلىش مەقسىتىدە نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى ئاقسۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە خانلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش يولىدا ئابدۇرېھىمخاننىڭ ھۇجۇمىنى قاتتىق زەربە بىلەن چېكىندۈردى. ئابدۇرېھىمخان مەقسىتىگە يېتەلمەي قارا شەھەرگە چېكىندى. ئۇ ياندۇرقى يىلى يەنە نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغاندا سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئاقسۇ قەلئەسىنى مەھكەم مۇداپىئە قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدا قاتتىق قانلىق جەڭ بولدى. ئاقسۇ ئابدۇرېھىمخاننىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىش مۇددىئاسىغا قارشى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى.

شۇ يىللىرى «قارا شەھەردە ۋابا تارقىلىپ نۇرغۇن خەلق ئۆلۈپ كەتتى.» ① ئاقسۇدا ئۇرۇش ئاپىتى بىلەن قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ نۇرغۇن ئاھالە قىرىلىپ كەتتى، تارىختا بۇ قەھەتچىلىك «مىرزا مۇناخنىڭ قەھەتچىلىكى» دەپ ئاتالدى. ② دېمەك، مۇشۇ مەزگىللەردە، ئاقسۇ يەنە بىر قېتىم تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ چېگرىسى بولۇپ قالدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە قۇمۇل ھاكىمى يۈنۈسبەگ ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاكىم بولغانىدى. ئابدۇرېھىمخان «ئىچكى ئۆلكىلەردىن سودىگەرلەر كېلىپ قۇمۇل-

① مۇللا مىر سالىخ كاشغەرى: «قەشقەر تارىخى» قوليازما، ئەسەرگە قارالسۇن.

② شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما.

دا تۇسۇلۇپ قالدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، قۇمۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن قاتناش راۋانلاشتۇرۇلىدى. ①

ئابدۇرېھىمخان مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ ئىدارە قىلغاندىن سىرت، جۇڭغارىيە ئويماتلىقىنىڭ شەرقىدىكى يەتتە ئۇلۇسنىمۇ بىر مەزگىل ئۆزىگە بويسۇندۇردى.

ھىجرىيە 1048 - يىلى (1639 — 1640)، تۇرپان ۋالىيسى ئابدۇرېھىمخان ۋاپات بولدى. ئۇ تۇرپان، قارا شەھەرگە 40 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شۇ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى زىيائىددىن ئەخمەتمۇ ۋاپات بولدى. ئابدۇرېھىمخاننىڭ ئوغلى ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خانزادىلەرنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغاشتىكى نىزالىرىغا خاتىمە بېرىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

ئابدۇللاخان ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638 — 1639) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن شەھىرىدە تەختتە ئولتۇردى. ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىللەردە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتكەن بولۇپ، ئىلگىرىكى سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق جايلاردىن پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىزلار، ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى قازاقلار سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىمىيەت قۇرغانىدى. سەئىدىيە خانلىقىمۇ ئىككى ھاكىمىيەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىيانشاننىڭ

① موللا مىر سالىخ كاشغەرى: «قەشقەر تارىخى» قولىيازما.

جەنۇبىدا خانزادىلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى جەنۇبىي شىنجاڭنى پاراكەندە قىلىپ ئىگىلىكنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. سەئىدىيە خانلىقى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئازغىنا كەم يېرىم ئەسىر ئىچىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچى ئاۋۋالقىدىن كۆپ ئاجىزلىشىپ كەتتى. تاشقى دۈشمەنلەر سەئىدىيە خانلىقىغا داۋاملىق تەھلىكە سېلىپ كېلىۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سەئىدىيە خانلىقىنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋەزىيەتنىڭ كۈچلۈك تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىدا تىنىچ ۋەزىيەتنى يارىتىپ، خانلىقنى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەئىدىيە خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن غەربىي يۇرتنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشكە قاراتتى. ئابدۇللاخان ئوردىنىڭ تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق جايلارغا بولغان باشقۇرۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى جايلارنى يېڭىباشتىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالدى.

ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئاقسۇدىكى سۇلتان مۇھەممەتخان ئەۋلادىدىن بولغان قىلىچ خان ئۈستىگە ھەربىي يۈرۈش قىلدى. «قىلىچ خان ئابدۇللاخاننىڭ ئاقسۇغا بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ساراسىمە ئىچىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى»①. بۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان ئۇرۇشسىزلا ئابدۇللاخانغا تەسلىم بولدى. ئابدۇللاخان ھەربىي قوشۇن بىلەن تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ كۇنەس دالاسىغا يېتىپ كەلدى ۋە جۇڭغارلار بىلەن شىددەتلىك جەڭ قىلىپ ئۇلارنى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى،

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما.

ئارقىدىنلا ئىلى ۋادىسى، بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە ئىسسىق كۆل رايونىدىكى قازاق، قىرغىزلارنى يېڭىباشتىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. ئابدۇللا خان بىر قاتار ھەربىي يۈرۈشلىرى ئارقىلىق سۇلتان سەئىد خان دەۋرىدىكى زېمىن دائىرىسىنى قوغداپ قالدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئابدۇللاخان تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە غەربىدىكى بۇ ئۇششاق تەپرىقىچى خانلىقلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ چېگرا رايونى ھېسابلانغان ئىلى ۋادىسى، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلارغا كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ چېگرا رايوننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغدىدى ۋە كۈچەيتتى.

ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 40·000 كىشىلىك ھەربىي قوشۇنىنى باشلاپ تاشكەنت، پەرغانىگە يۈرۈش قىلىپ، ئوش ۋىلايىتىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىرزا دەرۋازىسىدىكى قەلئەنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىنلا بۇ ئورۇندىن يۈرۈش قىلىپ «كولى تۆپە» دېگەن جاينى ئىشغال قىلدى.

ئابدۇللاخاننىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان پەرغانە، تاشكەنت خانلىقى دەرھال ئابدۇللاخانغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. تاشكەنت پەرغانە خانلىقلىرى سەئىدىيە خانلىقىغا ھەر يىلى مۇئەييەن مىقداردا سېلىق تۆلەپ تۇرىدىغان بولدى. ئابدۇللاخاننى ئۆزىنىڭ خانى دەپ تونۇدى ۋە «خۇتبە» نى ئابدۇللاخان نامىغا ئوقۇيدىغان بولدى.

ھىجرىيە 1052 - يىلى (1642 — 1643) پەرغانە ھۆكۈمدارى ئابلىزخان شەيخىم قولى باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنى نۇرغۇن تۆھپە، سوۋغا - پېشكەشلەر بىلەن سەئىدىيە خانلىقىغا ئەۋەتتى. سەئىدىيە خانلىقىمۇ جاۋابەن «مىرزا تىنىبەك

ئەلى، شاھ بەكلەر باشچىلىقىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئابلىزخان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئابلىزخان ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋېلىپ نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن قايتۇردى.» تاشكەنت، پەرغانە ھۆكۈمدارلىرى شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھىجرىيە 1054 - يىلى (1644 — 1645)، ئابدۇللاخان نۇرغۇن ھەربىي قوشۇن بىلەن بىلۇجىستان (ھازىرقى كانجۇت ۋە گىلگىت، چىترال قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) غا يۈرۈش قىلدى. شاھ بايرىن بۇ چاغدا بىلوجىستانغا ۋالىي ئىدى. ئابدۇللاخان بولۇر داۋىنىدىن ئۆتۈپ، بىلوجىستانـ يېتىپ باردى. شاھ بايرىن بىلۇجىستان لەشكەرلىرىنى توپلاپ ئۆزى بىلۇجىستاندىكى مۇستەھكەم دارا قەلئەسىگە بېكىنىۋېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سەئىدىيە قوشۇنى دارا قەلئەسىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغانلىقتىن، ئاخىر «ئوغلىنى تارتۇقلار بىلەن ئابدۇللاخان ئالدىغا چىقىرىپ تەسلىم بولدى» ① ئابدۇللاخان ئۇنىڭغا شاھانە ئىنايەت كۆرسىتىپ، بولۇرنى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك شاھ بايرىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى ۋالىي قىلىپ مىرخوشنى قازى رەئىسى قىلىپ بىلۇجىستاننى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تائەبەلىكىگە ئېلىپ قايتتى. بولۇر ھەر يىلى خانلىققا بەلگىلىك مىقداردا باج - سېلىق تاپشۇرىدىغان، خۇتبىنى ئابدۇللاخان نامىغا ئوقۇيدىغان بولدى. ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنلىرىنى يېڭىباشتىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداپ، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئىلگىرىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردا ۋەيران قىلىنغان مەر-

① موللا مىرسالىخ كاشغەرى: «قەشقەر تارىخى».

كىنىي شەھەرلەرنى، شەھەر - يېزا بازارلىرىنى ئاۋاتلاشتۇردى. خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى. شەھەرلەردە جامە (چوڭ مەسچىت)، مەدرىسلەرنى بىنا قىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان سودا يوللىرىدىكى ئۆتەڭ، قۇدۇقلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى، يېڭىدىن بىنا قىلدى.

ئابدۇللاخان قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە بىردىن چوڭ مەدرىس ۋە مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىپ، مەدرىسلەرگە نۇرغۇن تالىپلارنى قوبۇل قىلدى، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلانغان مەدرىسلەردە نۇرغۇن كىشىلەر تەربىيەلەندى. بۇ مەدرىسلەرگە بېغىشلاپ نۇرغۇن يەر - زېمىن ۋەخپە قىلىپ بېرىلدى. بۇ ۋەخپىلەردىن كېلىدىغان كىرىملەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئوقۇش راسخوتى قىلىندى.

ئاتاقلىق تارىخشۇناس مىرزا فازىل جۇرراس ئىبنى شاھ مەھمۇد جۇرراس (1626 — 1696) ئابدۇرېشىتخان، ئابدۇللاخان دەۋرلىرىگە ئائىت يازغان تارىخىي ئەسەرلىرىدىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگىنى ئۇنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەر ھىجرىيە 1086 - يىلى (1676 — 1677) يېزىلغان. ئۇنىڭ «بىلىم ھەۋەسكارلار دوستى» ناملىق ئەسىرى مىلادى 1696 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھازىر ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. شاھ مەھمۇد جۇرراسنىڭ بۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئادىر ئەسىرى مىرزا ھەيدەر كوراگانى يازغان «تارىخىي رەشىدى» دىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا شىنجاڭ ۋە ئۇيغۇر تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر.

ئابدۇللاخان يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. خوتەن - كېرىيە شەھىرىدىكى تۆت چوڭ ئۆستەڭ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان

توما (سۇ نۆۋىتى) قانۇنى دەل ئابدۇللاخان زامانىسىدا يولغا قويۇلغان.

ھىجرىيە 1054 – يىلى (1644 — 1645)، ھىندىستان ھۆكۈمدارى جاھانگىرخان يۇنۇس خوجىنى ئابدۇللاخان ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەنىدى. ئابدۇللاخانمۇ خوجا سەئىد، مۇھەممەت خەلىپە، ئىبنى سوپى خوجىلارنى ھىندىستانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقى بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغانىدى.

ھىجرىيە 1065 – يىلى (1654 — 1655)، «ئابدۇللاخان چىڭ سۇلالىسى بىلەن سودا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. شۇ يىلى، ئۇ 340 ئات، 1000 جىڭ قاشتېشىنى چىڭ ئوردىسىغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتتى. چىڭ ئوردىسىمۇ ئابدۇللاخانغا 380 توپ دۇردۇن، 720 توپ يىپەك مال سوۋغا قىلدى.» ①

ھىجرىيە 1075 – يىلى (1664 — 1665)، چەرچەن تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان سېرىق ئۇيغۇرلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، كېرىيە شەھىرىگە ھۇجۇم قىلدى، قاراقچىلار ئاھالىنى قىرىپ، بۇلاڭ – تالاڭچىلىق قىلىپ، ئەل يۇرتلارنى ۋەيران قىلدى. ئابدۇللاخان سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانىنى تىنچىتىش ئۈچۈن يەكەندىن كېرىيىگە لەشكەر ئەۋەتتى، سەئىدىيە قوشۇنلىرى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانىنى ئۆز ۋاقتىدا باستۇرۇپ، ئەلدە ئاسايىشلىق ئورناتتى.

جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى باتۇر خۇنتەيجى (1644 – يىلى ئۆلگەن) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى زەڭگى (1671 – يىلى ئۆلگەن) دەۋرلىرىدە، ئۇيراتلار قوبۇقسارنى سىياسىي مەركەز قىلغان ھالدا ئىلى ۋادىسى ئەتراپلىرىغىچە كېڭەيمىچىلىك قىلدى. تىيانشان ئەتراپىدىكى قىرغىز، قازاقلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بول-

---

① ليۇ ژىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى»

غاندىن كېيىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىدىكى جايلارغىچە ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى.

ھىجرىيە 1070 - يىلى (1659 — 1660) جوڭغارلارنىڭ باشلىقى زەڭگى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئىلى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلدى. سەئىدىيە خانلىقى بىلەن جوڭغارلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى جوڭغارلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. جوڭغارلار ئىلى ۋادىسىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىمۇ بېسىۋالدى. جوڭغارىيە بىلەن سەئىدىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا سەئىدىيە خانلىقى يېڭىلىپ قالغانلىقتىن، نۇرغۇن زېمىندىن ئايرىلىپ قالدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا پەقەت قەدىمىي نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئالتە شەھەرلا قالدى. جوڭغارىيە بىلەن سەئىدىيە ئارىسىدا بولغان قانلىق ئۇرۇش تۈپەيلىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتتى.

ھىجرىيە 1074 - يىلى (1663 — 1664)، بۇخارا ھۆكۈمدارى ئابلىزخان بىلەن خىۋە ھۆكۈمدارى ئوبۇلغازى باھادىرخان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ئۇرۇشتا خانىۋەيران بولغان ئاھالىلەر سەرگەردان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن سەئىدىيە خانلىقىدىكى قەشقەر، يەكەن شەھەرلىرىگە كۆچۈپ كەلدى. ئابدۇللاخان بۇ كۆچۈپ كەلگەن ئاھالىلەرگە باشپاناھ بولۇپ، ئۇلارغا چوڭ مەرھەمەت كۆرسىتىپ، يەر، سۇ بېرىپ، قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئۆزلىرىنى «سەئىدە»لەر، يەنى پەيغەمبەر ئەۋلادىغا مەنسۇپ دىگۈچى خوجىلارمۇ بار ئىدى.

«سەئىدە»لەردىن مەخدۇم ئەزەم (ئەسلى ئىسمى مەۋلانە ئەخمەت كاسانى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋارائۇننەھر خانى ئاب-

دۇللاخان (1525 — 1593) دەۋرىدە تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنى تەرغىپ قىلىپ، چوڭ شۆھرەت قازانغانلىقتىن «ئابدۇللاخان ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنى «كارامەت ئىگىسى»، «ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغانىدى.» ① سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان ۋاقتىدا سەمەرقەندتىن يەكەنگە باشپاناھلىق تىلەپ كەلگەن خوجىلار ئەۋلادىدىن يەھيا خوجا يەكەندە تۇرغانىدى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ يەنە بىر ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا يۇسۇپلەر، ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ھىدايىتۇللالار شىنجاڭغا ئىلگىرى - ئاخىر كېلىپ ئۆزلىرىنى «خان-سۇلتان» لارنىڭ ئۇستازى دەپ ئاتىۋېلىپ، «خاننى ئۆزىگە مۇرىت» قىلىپ چەكسىز ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. تەسەۋۋۇپچىلىق ئەقىدىلىرىنى تارقاتتى. ئۆزلىرىنى بېزەپ، ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسەتتى. ئابدۇللاخان بۇنداق «سەئىد» لەرگە شۇنچىلىك ئېتىقاد قىلدىكى، يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەنلىرى ۋە خوجىلار تەرىپىدىن بېشارەت قىلىنغانلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە يەكەندە يەھيا خوجىنىڭ ئىشانلىق مەزھىپى كۈچىيىپ نوپۇسى ھەسسىلەپ ئاشتى. قەشقەردە ھىدايىتۇللا (ئاپئاق خوجا) خوجا ئۆزىنى مۇقەددەس ئورۇنغا كۆتۈرۈپ ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىت توپلىدى. قەشقەر، يەكەندە خوجىلارنىڭ تەسىرى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن كۈچەيدى. خوجىلارنىڭ ئىشانلىق تەرغىباتلىرى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتتى.

ئابدۇللاخان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلنىڭ ئاخىرلىرىدا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى پەيدىنپەي ئاجىزلاشتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدە يېڭىدىن بۆلۈنۈش تەرەپدارلىرىنىڭ ئىسيانلىـ

① گىرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋارا ئۇننەھر تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ 2 - توم.

ری ۋە تەپرىقچىلىكى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى. قەشقەر يەكەننىڭ سىياسىي ئىجتىمائىي، دىنىي ھاياتىدا زور رول ئويناپ كېلىۋاتقان خوجىلار سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىدىكى تەپرىقچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن ئۆزئارا ماسلاشتى.

قەشقەر ھۆكۈمدارى يولۋاس خان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەرقايسى جەھەتتىكى كۈچىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلاندى. ئۇ ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئابدۇللاخاندىن ھوقۇق تارتىۋېلىش يولىدا ھەر خىل سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

ئابدۇللاخان ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638 — 1639) ئۆزىنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى يولۋاسنى قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. يولۋاس قەشقەرگە جەمئىي 30 يىل ۋالىي بولدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىكى زۇلمىنىمۇ كۈچەيتتى. يولۋاسنىڭ زۇلۇمى تولىمۇ ۋەھشىي بولۇپ، زالىم ئىدى. زۇلۇم بابىدا ئۇنىڭ ئالدىدا ھەججاج تۆۋەن تۇراتتى.① پىتنە ـ پاساتتا ئۇنىڭ ئالدىدا شەيتانمۇ ئەيىبلىك ئىدى. ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدەك ياۋۇز دورغا بار ئىدى. ئۇنىڭ پۇقرالارنىڭ ھالى بىلەن كارى بولمىدى. قەشقەر پۈتۈنلەي خارابلاشتى. يولۋاس بىلەن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئاپئاق خوجا گۇرۇھى مۇشۇ پۇرسەتتىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يولۋاس بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدا پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇپ ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىشقا قۇتراتتى.② خوجىلار يولۋاسنى ئابدۇللاخانغا قارشى قويۇپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ

① شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخ» قوليازما.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇندى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن، ئۇزۇندىن بېرى سەئىدىيە خانلىقىدا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئەڭ ئىشەنچلىك، سادىق، ئىقتىدارلىق ئەمىر، سەركەردە، بەگلەرنى ئابدۇللاخانغا دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئابدۇللاخاندا گۇمان تۇغدۇرۇپ، ئابدۇللاخاننىڭ قولى بىلەن ئۇلارنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇنىڭدىن قالسا، يولۋاسنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، يولۋاس نامىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مۆتىۋەر ئەربابلىرى، ئەمىر ـ بەگلىرىگە خەت يېزىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئابدۇللاخانغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى. يولۋاس قارانىيەت ئادەم بولغاچقا، دەرھال ئاپاق خوجا گۇرۇھىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يەكەن، خوتەندىكى مۆتىۋەر ئەربابلار، ھاكىم ـ بەگلەرگە سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتتى. ئۇ يازغان خەتتە: «ئاتام ئابدۇللاخان تەختتىن چۈشۈشكە ئاز قالدى. ئاتام تەختتىن چۈشكەندە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھلىقى ماڭا قالىدۇ، سىزلەر ئۈچۈن، قايسى تەرەپتە تۇرۇش مەسىلىسىنى ئويلىشىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى» ① دېيىلگەنىدى. يەكەن، خوتەندىكى بەزى ئەمەلدارلار بۇ خەتنى ئابدۇللاخانغا ئەينەن مەلۇم قىلماستىن بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەزمۇنلىرىنى غەرەزلىك ھالدا ئابدۇللاخانغا ئاشكارىلاپ قويدى.

ھىجرىيە 1076 ـ يىلى شاۋۋال ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنى (شەنبە كۈنى)، ئابدۇللاخان بارلىق ئەمىر بەگلىرىنى ئوردىغا يىغىپ «مىرزا تىنىبەگ، نەرقىبەگ، ئەمىر ئەيىيۇپ، سۇلتان ئەلى

① شاھ مەخمۇد چوراس يازغان «تارىخ» دېگەن كىتابقا قاراڭ.

قاتارلىق بەگلەرنى سىزلەر نېمە ئۈچۈن يولۋاسنىڭ خېنىمىنى ئالدىن ماڭا ئاڭلاتمىدىڭلار، دەپ دەرغەزەپ بىلەن سىياسەت قىلدى ۋە مىرزا تېنىبەگ، نەرقىبەگ، ئەمىر ئەيىۋپ، سۇلتان ئەلى مىرزىنى «ئاسىي» نامى بىلەن نەق مەيداندا ناھەق كاللىسىنى ئالدى». مىرزا تېنىبەگ، ئەمىر ئەيىۋپ، سۇلتان ئەلى مىرزىلار سەئىدىيە خانلىقىدا ئۇزۇن يىل خىزمەت قىلغان تەجرىبىلىك سادىق بەگلەردىن ئىدى.

ئابدۇللاخان بىرقانچە مۆتىۋەر، قابىل، ئىقتىدارلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، خوتەنگە يارلىق ئەۋەتىپ، «مۇھەممەت قاسىم باشلىق بەگلەرنى ئۆلتۈردى. بىرقانچە بەگلەرنى زىندانغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەر شۈبھىلىك بولۇپ قالدى. ئابدۇللاخان گۇمان دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۆز ئىنىلىرى ئىبراھىم سۇلتان، ئىسمايىل سۇلتانلارنى قارا شەھەرگە پالىدى. بەزى ئىنىلىرىنى ئۆلتۈر-دى.» كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇللاخان يولۋاس ۋە خوجىلاردىن باشقا ھېچقانداق كىشىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھۆكۈمەت ئورنىدىكىلەرنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇش، قوغلاش ئادەتتىكىدەك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. «ئوردىغا ئۇزۇن يىللار خىزمەت قىلىپ، سىنالغان ئەمەلدارلارنى قالدۇ-رۇپ، ئورنىغا قىرغىزلارنى ھاكىم ـ بەگ قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.» كېيىنكى كۈنلەردە بولاردىنمۇ گۇمانلىنىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان قىرغىزلارنى پۈتۈنلەي تازىلاپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.

كېيىنكى چاغلاردا ئابدۇللاخان يولۋاسنىڭ ئاپئاق خوجا

بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ سەئىدىيە خانلىقىنى پارچىلاشتەك ئاسىيلىق ھەرىكەتلىرىنى سېزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇنى قەشقەرنىڭ ۋالىيلىقىنى بوشىتىش قارارىغا كەلدى. يولۋاس ئاتىسى ئابدۇللاخاننىڭ ھەرىكىتىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ ئاتىسىغا قارشى ھەرىكەت قوزغىدى.

ھىجرىيە 1077 - يىلى (1666 — 1667) ئابدۇللاخان يولۋاسنى جازالاش ئۈچۈن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى قەشقەرگە ئەۋەتتى. ئەمما، سەئىدىيە قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولدى.

ھىجرىيە 1078 - يىلى (1667 — 1668) ئابدۇللاخان يەنە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئوغلى يولۋاسخانغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە قەشقەردىكى ئاق تاقىيەلىكلەر مەزھىپىدىكىلەر ئاپئاق خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولۋاسخان قوشۇنى بىلەن ماسلىشىپ سەئىدىيە خانلىقىغا «غازات» ئېلان قىلدى. ئابدۇللاخان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ دارۇ سەلتەنە يەكەنگە قايتتى.

ئابدۇللاخان بىۋاپا ئىنساپسىز ئوغلى يولۋاستىن كەلگەن بۇ پالاكەتلىك پاجىئەگە چىداپ تۇرالماي، ئۆزىنىڭ تەختىنى كىچىك ئوغلى ئابدۇلمۆمىنگە بوشىتىپ بېرىپ، يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھەج قىلىش مەقسىتى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كەتتى.

ھىجرىيە 1080 - يىلى (1669 — 1670) ئابدۇللاخان ھاۋالىنىش ئۈچۈن ھىندىستاندىن كەشمىرگە كېلىپ، كەشمىردە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى كۈزدە، يولۋاسخان ئىنىسى ئابدۇلمۆمىننى مەغلۇپ قىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋالدى.

ھىجرىيە 1081 - يىلى (1670 — 1671) يولۋاسخاننىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان خەلق ئاخىر زۇلۇمغا قارشى ئومۇميۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ يولۋاسنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى.

يولۋاس باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ يىلى، قىش پەسلىدە، ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى ئىسمايىلخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

ئىسمايىل خان سۇلتان بولغاندا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كىچىكلەپ كەتكەنىدى. ئابدۇللاخان دەۋرىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى تاشكەنت ۋە پەرغانە شەھەرلىرى ئىسمايىل خان دەۋرىگە كەلگەندە ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشتى. مۇشۇ مەزگىلدە قۇدرەت تاپقان جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرى ئىلى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىلى ۋادىسىدىكى جايلارنى بېسىۋالدى. كېيىنكى چاغلاردا، يەنە تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنىمۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپىغا ئېلىۋالدى. دېمەك، تىيانشاننىڭ شىمالىدا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان جۇڭغارلار يېڭىدىن سەئىدىيە خانلىقىغا تەھدىت سالىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قالدى.

ئىسمايىل خان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، ئاپئاق خوجىنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ خوجىلار بىلەن مونارخىيىلىك ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش پارتلىغانىدى. ئاپئاق خوجا قەشقەر ئەتراپلىرىدا ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرى ئابروي تاپقانىدى.

ئاپئاق خوجا ئۆز ئاتىسى خوجا يۈسۈپ ئۆلگەندە ئۇنى قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى «ياغدۇ» دېگەن جايغا دەپنە قىلغانىدى. بۇ يەرگە ھەشەمەتلىك ئېگىز گۈمبەز بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ھەزرىتى مازار» دەپ نام بەردى. ئاپئاق خوجا قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ھەدەپ

مۇرىت ـ سوپى تۈپلىدى، ئۇ خوجىلار دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ گۇناھى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئاللا ـ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، دەپ تۈزگۈن ئاممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ۋە ئەگەشتۈرۈۋالدى. مۇشۇ ئارقىلىق قارا تاغلىقلار مەزھىپىگە زەربە بەرمەكچى بولدى. مۇشۇنداق جىددىي كۈرەش ئەنجىسىدە، سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئۈيغۇر خەلق ئاممىسىنى ئىككى قارشى گۇرۇھقا بۆلۈپ تاشلىدى. مەزھەپلەر كۈرىشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. ھالبۇكى، ئاپئاق خوجا بۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تىنىغ ئۇچىنى سەئىدىيە ھاكىمىيىتىگە قاراتقانىدى.

ئاپئاق خوجا فېئوداللىزم تۈزۈمىنىڭ روھىي تىرىكى بولغان تەسەۋۋۇپچىلىق مەسلىكىدىن پايدىلىنىپ، فېئودال روھانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى.

ئاپئاق خوجا ئۆزىنىڭ تەرىقىتىنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى «ئەۋلىيا» دەپ كۆككە كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، شىنجاڭدا ئەزەلدىن ياشاپ باقمىغان تارىخىي شەخسلەرنى شىنجاڭدا ياشىغان قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆلەرنىڭ نامىغا «مۇقەددەس» زىيارەتگاھ ـ ئورۇنلارنى ياساتقۇزدى. خەلق ئاممىسىنى ئۆلەرغا قارىغۇلارچە ئىشەندۈردى. مۇشۇنداق «مۇقەددەس» جايلارنى ئۆزىنىڭ جىنايى شۇملۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بازىسى قىلدى.

دېمەك، سەئىدىيە خانلىقى بىلەن ئاپئاق خوجا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش بىلەن بىرلىكىنى بۇزۇش، پارچىلاش ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشى بولۇپ، بۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە ئىدى.

تارىخىي پاكىتلار ئاپئاق خوجىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق

تەلىماتىنى تەرغىب قىلىشى ماھىيەتتە خائىنلىق ئىچىدە ئىزا تۇغدۇرۇش، تەپرىقىچى خائىنلارنىڭ ئىسيانلىرىنى قوللاشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھالبۇكى، مۇنداق ئىسيان ۋە تەپرىقىچىلىككە كۆپىنچە ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ خائىنانە ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ بېرەتتى. بۇ — ئۇلارنىڭ سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش غەرىزىنى ئوچۇق ئاشكارىلىدى.

# ئۈچىنچى باب

## يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتى

### 1 - بۆلۈم يەكەن ـ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سىياسىي ئەھۋالى

سەئىدىيە خانلىقى تارىختا ئۆتكەن چاغاتاي ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن خەلقنى تەبىقىگە بۆلۈپ باشقۇرۇشتەك ھاكىمىيەت تەشكىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە خاس ھاكىمىيەت تەشكىلىنى يولغا قويدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇرلار بولغانلىقتىن، سەئىدىيە خانلىقى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تەشكىلىي تۈزۈمگە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى.

سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلىدە ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بىلەن تۆۋەن ۋىلايەتلىقتىن

ئىبارەت ئىككى ئورگانغا بۆلۈپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللانغانىدى. بۇنداق باشقۇرۇش شەكلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ ئىككى ئورگاننىڭ ھوقۇقى يەنىلا سەئىدىيە ھاكىمىيىتىگە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما تۇرپان ۋالىيلىقى ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرۇشتا بىرقەدەر مۇستەقىللىككە ئىگە ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئورگىنى مۇنداق ئىدى:

سەئىدىيە خانلىقىدا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار — سۇلتان (خان) دېيىلەتتى؛ سۇلتاننىڭ قول ئاستىدىكىلەر تەرتىپ بويىچە خانىش، ئەمىر كەبىر، ئاتالىق ۋەزىر، ئالىي ئەمىر، ئاتا بېگى، تامغا بېگى، كاتىپ، ئوردا شائىرى، ھۆكۈما (ھەكىم)، چوڭ دىۋانبېگى، خەزىنىچى بەگ، شەيخۇلئىسلام، سىپاقازى، قازىبەگ، پاششاپ بېگى دەپ ئاتىلاتتى.

ئاتالىق ۋەزىر — سەلتەنەتنىڭ تايانچىسى، سۇلتانغا يۇرتداشلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا مەسلىھەتچى بولاتتى. ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەممىدىن ئېغىر، ھوقۇقى چوڭ بولۇپ، مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

ئاتا بېگى — سۆزمەنىسىدىن ئالغاندا، ئاتا ئورنىدا تۇرغۇچى كىشى دېگەن سۆز بولىدۇ. سەئىدىيە خانلىقىدا قوللىنىلغان ئاتالىق، ئاتابېگى ئۇنۋانى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە خانلارنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى سۈپىتى بىلەن تۇرىدىغان مەمۇرىيلارنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. شۇنداقلا ھەربىي، مەمۇرىي، ئۇستاز ۋە تەربىيە بەرگۈچى كىشىلەرنى ئاتالىق مەنىلىرىدە ئىشلەتكەن بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىدا ئاتالىق، ئاتابېگى، خانلىقتىكى ھەربىر شاھزادىنى تەربىيىلىگۈچى، يېتىشتۈرگۈچى كىشىنى كۆرسىتەتتى.

ئوردا بېگى (ئىشىكئاغا بەگ) سەئىدىيە خانلىق ئوردىسىدىكى بەگلەرنى باشقۇرىدىغان، ئوردا مەھكىمىسىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل بولغۇچى ئىدى؛

تامغا بېگى — خانلىقنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە دۆلەت سىرتىغا يوللىنىدىغان ھەر خىل ئالاقىدار پەرمانلار، ھۆججەت - ۋەسىقىلەرگە باسىدىغان دۆلەت مۆھۈرىنى باشقۇراتتى؛

دىۋانبېگى — سەئىدىيە خانلىقىدىكى تۈرلۈك ئارخىپ، دېلو، خانلىقنىڭ تۈزۈم ۋە ئەمىر - پەرمان ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛

قارا دىۋانبېگى — ھەربىي شتاپ ۋە مۇداپىئە خىزمەتلىرىنى باشقۇراتتى؛

خەزىنىچى بېگى — خانلىقتا قاراشلىق خەزىنە، يەرلەرنى، ئاشلىق، غەللە - پاراق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛

شەيخۇلئىسلام — دىنىي ئىشلارنى باشقۇراتتى؛

قازىبەگ — قانۇن ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛

پاششاپ بېگى — تۈرمە - زىندان ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئوغرى - قاراقچىلارنى تۇتۇش، قاماش، تىرگاۋ قىلىش ئىشىنى باشقۇراتتى؛

سەئىدىيە خانلىقىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىش باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئېنىق، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس مەسئۇلىيىتى بولۇپ، پۈتۈن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرى مۇشۇ ئاپپاراتلار ئارقىلىق تەرتىپلىك باشقۇرۇلغانىدى.

سەئىدىيە ئوردىسى ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرى ۋە يەكەن خانلىقىغا قاراشلىق پامىر ئېگىزلىكىدىكى قىرغىزلار رايونى، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل رايونلىرىنى ۋىلايەت نامى بىلەن باشقۇرغاندىن باشقا، يېكسار، يەكەن، ئۇچتۇر-

يان، ئاتۇش، پەيزىۋات، كۇچا، مارالبېشى، قاغىلىق كېرىيە قاتارلىق جايلار بىۋاسىتە سەئىدىيە خانلىقى مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە قارايتتى. ۋىلايەت، رايونلارغا ۋالىي، ناھىيىلەرگە ھاكىملارنى بەلگىلەش، ئورنىدىن قالدۇرۇش ئىشى يەكەن خانلىقىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى سۇلتان تەرىپىدىن بېجىرىلەتتى. ئىقتىساد پۈتۈن يەكەن خانلىقىنىڭ خەزىنىسىگە ئېلىناتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى ئىجرا قىلىنغانلىق-تىن، خان جەمەتىدىكى شاھزادىلەر ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ۋالىي، ھاكىم قىلىپ بەلگىلىنەتتى. ئۇلارغا ئوردا تەرىپىدىن ئاتالىق ۋەزىر ياكى ئاتالىق بەگ قوشۇپ بېرىلەتتى.

تۇرپان ۋالىيلىقى سەئىدىيە خانلىقىدىكى يەنە بىر ئىدارە قىلىش ئورگىنى بولۇپ بۇ ئورگانغا تۇرپاندىن قۇمۇلغىچە، بېشبالىقتىن تاكى ئىلى ۋادىسىغىچە بولغان جايلارنىڭ پۈتكۈل ئىچكى ئىشلىرى، مالىيە، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلىرى قارايتتى.

بۇ ئىككى ئورگان يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بىلەن بىر تۇتاش شەكىلدە باشقۇراتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنىغا بىۋاسىتە قاراشلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ۋالىي، ھاكىملار ئۆز ۋىلايىتى، رايونى، ناھىيىلەرنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالدى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ۋە يوليورۇقىنى ئالاتتى، ئىشتىن كېيىن خىزمىتىدىن سۇلتان (خان) غا دوكلات قىلاتتى.

ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە تەيىنلەنگەن ۋالىيلارغا سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈمىتىدىن تامغا تارقىتىپ بېرىلەتتى. ۋىلايەت لەردە ۋالىي بولغاندىن سىرت، يەنە ۋىلايەتتە تۇرۇشلۇق

ھەربىي قىسىملارغا سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قوماندان تەيىنلىنەتتى. بۇ قوماندان ۋىلايەت دائىرىسىدىكى ھەربىي ئىشلارغا ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى.

سەئىدىيە خانلىقى بىلەن قوشنا ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىسا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر يەنە سەئىدىيە خانلىقىدىكى باش ھەربىي قوماندانىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئەسكەر چىقىرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى.

قوشنا ئەللەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا دوستانە ئەلچى ئەۋەتىش قاتارلىق ئىشلىرى سەئىدىيە ئوردىسىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلاتتى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىدە مەركىزىي ئاپپاراتلاردىن باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردە ئىش باشقۇرىدىغان ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەسىس قىلىنغانىدى:

ھاكىم بەگ — شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

ئىشىكئاغا بەگ — ھاكىم بەگكە ياردەملىشىپ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى باشقۇراتتى. ھوقۇق جەھەتتىن ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

خەزىنىچى بەگ — يەر - زېمىن ۋە ئاشلىق، غەللە - پاراق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

مۇتەۋەللى بەگ — يەر - زېمىن، باغ، ئۆي - مۈلۈك، ئېلىش - سېتىش، تىجارەت قاتارلىق ناھىيە خەزىنىسىگە كىرىدىغان كىرىم - چىقىم قاتارلىقلارنى باشقۇراتتى. بولۇپمۇ پۇقرالارنىڭ يەرلىرىدىن ھەر تاناپقا بەلگىلەنگەن ئالۋان - سېلىق يىغىش، چارۋىچىلاردىن ۋە تىجارەتچىلەردىن زاكات - باجلارنى يىغىش، يەرلەرنىڭ كىرىملىرىنى يىغىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

باجگىر بەگ ــ ناھىيە تەۋەسىدىكى باج ئىشلىرىنى باشقۇراتتى؛

دورغا بەگ ــ ناھىيىنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

بازار بەگ ــ بازار ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

مىراب بەگ ــ سۇ، سۇغىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

نىقىپ بەگ ــ قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى؛

قازىبەگ ــ شەرىئەتكە مەسئۇل ئىدى؛

مىرشاپ بەگ ــ ناھىيىنىڭ ئامانلىقىغا، ئىنتىزامىغا مەسئۇل ئىدى؛ ئەينى زاماندا ئۇ يەنە «كاتىۋال بەگ» ياكى مۇپەتتىش دەپمۇ ئاتىلاتتى؛

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كەشمىر، پەرغانە قاتارلىق جايلار يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا مۇئەييەن مىقداردا ئولپان تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغانىدى. سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتى ئۇلارنىڭ ئىش باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىدىكى ئەمەلدارلارنى ئىشقا تەيىنلەيتتى. بۇ سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق زېمىنىنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سەئىدىيە خانلىقى ئىسلام ئۈيغۇر خانلىقى بولغانلىقتىن، ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى ھېسابلىناتتى. خانلىقنىڭ سۇلتانىدىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئىتى (قانۇنى) خانلىقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدا قانۇن ـ ئەخلاق ئۆلچىمى قىلىنغانىدى. بىراق، سەئىدىيە خانلىقى ھاكىمىيەت بىلەن دىننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىشتەك سىياسەتنى يولغا قويغان بولغاچقا، دىن سەئىدىيە خانلىقى

ئىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلاشمايتتى. شەيخۇلئىسلام، قازىلارنىڭ ئاساسلىق رولى خانلىقنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپىنى ساقلاش، خانلىقنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي قاتارلىق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملىشىشتە ئىپادىلىنەتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە بۇ جەھەتتە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەنىدى. ئابدۇكېرىم خان زامانىسىدا (مىلادى 1570 — 1580 يىللاردا تەختتە) خان ھەر شەنبە ۋە جۈمە كۈنى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئۆزى مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە شەيخۇلئىسلام، قازى ۋە مۇپتى (شەرىئەتنى ئىزاھلىغۇچى)، يەنە بىر تەرىپىدە، ۋەزىر، ھاكىملار ھازىر بولۇپ تۇراتتى. شەرىئەتكە مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى قازى بىلەن مۇپتى بىر تەرەپ قىلاتتى. ھۆكۈمەتكە دائىر ئىشلارنى باش ۋەزىر باشچىلىقىدىكى ئەمىرلەر ھەل قىلاتتى. ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ ئايرىۋېتىلمىشى دىنىنىڭ ئەدلىيە جەھەتتىكى ھوقۇق دائىرىسىنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنەتتى. بۇ خىل شەكىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە داۋاملاشتى.

سەئىدىيە خانلىقىدىكى ھەربىي تەشكىلات توغرىسىدا «تارىخى رەشىدى» ۋە باشقا تارىخى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قوماندانى «ئەمىر كىبىر» (باش قوماندان) ئۇنۋانى بىلەن ئاتىلاتتى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھەربىي تەشكىلاتى ئىككى چوڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بويىچە مەركەزگە قاراشلىق قوشۇنلار ۋە تۇرپان ۋالىيلىقىغا قاراشلىق قوشۇنلار دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. مەركەزگە قاراشلىق قوشۇن تۆۋەندىكىدەك ھەربىي قىسىملاردىن تەركىب تاپاتتى:

1. سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدىكى مۇھاپىزەتچى قوشۇن؛

2. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزىي قوشۇنى؛

3. سەئىدىيە خانلىقىغا بېقىنىدىغان قاراشلىق ۋىلايەتلەردىكى ھەربىي قوشۇنلار؛

مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ۋەزىپىسى: سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى سۇلتان (خان) نى ۋە ئوردا مەھكىمىسىنى قوغداش، ئوردا ئىچى ۋە تېشىدىكى مۇھاپىزەت ئىشىغا مەسئۇل بولۇش ئىدى؛

سۇلتان (خان) سىرتنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققاندا ياكى ئوۋ - شىكار قىلىشقا چىققاندا قوغداش، مۇھاپىزەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولاتتى. مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ كىيىم - كېچەك، مائاشى خانلىق خەزىنىسىدىن بېرىلەتتى.

مەركىزىي قوشۇننىڭ ۋەزىپىسى: ئەمىر كىبىرنىڭ قوماندانلىقىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. مەركىزىي قوشۇننىڭ تەركىبىدە 12 مىڭ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان تۆرلۈك ئەسكىرىي بىرلىك بولاتتى.

مەركىزىي قوشۇن ئالدىنقى (يەزەك) قىسىم، ئوڭ قول قوشۇن، سول قول قوشۇن، ئوتتۇرا (قەلب) قوشۇن، ئارقا سەپ قوشۇن دېگەنلەرگە بۆلۈنەتتى. يەزەك قىسىم — ھەربىي قوشۇن يۈرۈشىدىن ئىلگىرى چارلاشقا ئەۋەتىلىدىغان چارلىغۇچى قىسىم بولۇپ، قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ، قارشى تەرەپنىڭ (دۈشمەن) ئەسكەرلىرىنىڭ ىستۇرما قويغان - قويمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، ھەربىي كۈچى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلەيتتى.

ھەربىي قوشۇننىڭ ئاساسلىق قورال - ياراغلىرى ساتۇر، نەيزە، ئايپالتا، قىلىچ، خەنجەر، شەمشەر، ساتۇن، گۈرزە، ئوقيا، مىلتىق، قالقان، ساۋۇت، زىرە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپاتتى؛

ساتۇر — قىلىچ ئورنىدا ئىشلىتىدىغان سىپاھى تۆمۈردىن ياسالغان بىر خىل قورالنىڭ نامى ئىدى؛

ساتۇن ئەسكەرلەر كۆكرىكىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان قالقاننىڭ نامى بولۇپ، ئادەتتە ئاق تۆمۈردىن سوقۇلاتتى؛

تۇرپان ۋالىيلىقىغا قاراشلىق ھەربىي قوشۇننىڭ ۋەزىپىسى — ئۆز دائىرىسىدىكى جايلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، چېگرىسىنى ساقلاشقا مەسئۇل ئىدى، بۇ قوشۇن 4000 ئاتلىق ئەسكەردىن تەركىب تاپاتتى.

## 2 - بۆلۈم يەكەن - سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىگىلىك ۋەيران بولغان، قاتناش توختاپ سودا - تىجارەت ئىشلىرى كاساتلىشىپ مەركىزىي شەھەرلەر ۋە ناھىيە، يېزا بازارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ كەلگەن قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر «ھۆكۈشقا ئۇۋا، جىن - پەرىلەرگە ماكان» بولۇپ، چۆللىشىپ كەتكەنىدى. شەھەر - بازارلار ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرى بالايىئاپەت خاراكتېرىدىكى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال، جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى.

مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئارقىمۇ ئارقا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىقتىن جاق تويغان ئۇيغۇر

خەلقى بىرلىككە بەكمۇ تەشنا ئىدى. شىنجاڭنىڭ بىرلىكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغاچقا، سەئىدخان قۇرغان سەئىدىيە خانلىقى دەل مۇشۇ تارىخىي ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلدى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا قوللانغان تەدبىرلىرىنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلدى.

## 1. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق

سۇلتان سەئىدخاننىڭ «پۇتۇن پۇقرانى راھەت ئارامغا ئىگە قىلىش» ① ئۈچۈن، قوللانغان ئىگىلىكنى ياخشىلاشتىكى بىر قاتار تەدبىرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئالۋان ـ ياساق،باج ـ سېلىقنى ئۇن يىلغىچە كەچۈرۈم قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ تەدبىر جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى؛

ئىككىنچى، سۇلتان سەئىدخان ئىلگىرىكى ئۇرۇش يىللىرىدا ۋەيران قىلىنغان شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئاقسۇ دەرياسى بىلەن يەكەن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ئاھالە كۆچۈرۈش ئىشىغا ئەھمىيەت بەردى. خوتەندىن بىر قىسىم ئاھالىنى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى مۇنبەت دېھقانچىلىق رايونلىرىغا كۆچۈردى. خوتەن بىلەن يەكەن ئارىلىقىغا جايلاشقان ھازىرقى قاغىلىق بازىرى دەل شۇ مەزگىلدە ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. ئۈچىنچى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. ئىگىز تاغلاردىن ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ سۇ كەلتۈرۈش تېخنىكىسىغا ئىگە ئىدى. سۇلتان سەئىدخان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئاقسۇ رايونى بىلەن يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى رايونلاردا ۋە خوتەن بوستانلىقىدىكى كېرىيە، نىيە، چەرچەن ئەتراپلىرىدا، مەكىت، مارالبېشى، كۇچادىكى يېڭىسار، شايار، ئۇچتۇرپان قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىنى تەشكىللىدى. يۈگەنسىز سۇلارنى تىزگىنلەپ يولغا سېلىپ بويسۇندۇرغانلىقتىن، ۋەيران بولغان دېھقانچىلىق رايونلىرى تېز ئەسلىگە كەلدى. تۆتىنچى، سەئىدىيە خانلىقى دېھقانچىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرنى قوللانغاندىن تاشقىرى، قەشقەر تۆزلەڭلىكى، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئوتلاق مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى، ئوتلاقلارنى قىشلىق، يازلىق يايلاق دەپ ئايرىپ، ئوتلاقلارنىڭ قېرىپ ئاسان كاردىن چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. چارۋىچىلارنى ئوتلاق مەسىلىسىدە خاتىرجەم قىلىپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بەردى.

سەئىدىيە خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يولغا قويغان ئىسلاھاتچىلىق تەدبىرلىرى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئەسلىگە كېلىپ تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. بىرقانچە رايونلاردا يېڭىدىن شەھەر، كەنتلەر مەيدانغا كەلدى.

خوتەن - كېرىيە ئارىسىدىكى ھاڭگۇي، چىپان ۋە گۆلخۇمار، قارا قىر بازارلىرى بەرپا قىلىندى ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گۇما، قاغىلىق ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كەنتلەر،

ھازىرقى مەككىت بازىرى، مارالبېشى، كەلپىن، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇنىڭ ئاۋات، كۇچانىڭ يېڭىسار، شايار، قەشقەرنىڭ پەيزاۋات قاتارلىق شەھەر ۋە بازارلىرى، شۇ ئەتراپتىكى كەنتلەر ۋە سان - ساناقسىز ئېكىنزارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەئىدىيە خانلىق دەۋرىدە بەرپا قىلىندى ياكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سۇ ئىنشائات تۈزۈلمىسىدە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى قازدۇرۇش، سۇنى رايونلارغا ئايرىپ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۈچۈن غول تارماقلارغا توما بېكىتىپ، سۇ ئىشلىرى تەرتىپكە سېلىندى.

دېھقانچىلىق تارىختىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا بىرقەدەر مەركەزلەشكەنىدى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىدا زىرائەتنىڭ تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق ئىدى. بۇ جايلاردا بۇغداي، كېۋەز، زىغىر، نۇقۇت، ئارپا، قىچا، كەندىر قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى. شۇنىڭدەك كۆكتات، قوغۇن، تاۋۇز، مېۋە قاتارلىق نەرسىلەر يېتىشتۈرۈلەتتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇ جايلاردا باغۋەنچىلىك (تورمانچىلىق) ئىشلىرى ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغانىدى. تارىخىي مەنبە- لەردە «مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە يەكەن شەھىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا 12 مىڭ باغ بىنا قىلىنغانىدى» دېيىلگەن①. بۇ گەپتە مۇبالىغە بولسىمۇ ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەردە نەچچە يۈزلىگەن باغلار بىنا قىلىنغانلىقى پاكىت ئىدى. يەكەن شە- ھىرىدە شۇ چاغدا بىنا قىلىنغان شامالباغ، گۈلباغ، چىنباغ، تېرەكباغ، ئىللىقباغ، ھەيدەرباغ قاتارلىق قەدىمكى باغلارنىڭ

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

نامى تاھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇ باغلاردا ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، نەشپۈت، چىلان، ئالۇچا، ئالىمىرات، جىنەستە، شاتۇت قاتارلىق دەرەخلەرمۇ ئۆستۈرۈلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، سۆۋادان تېرەك، سۆگەت، قارىياغاچ، چىنار، جىگدە دەرەخى ئۇجمە قاتارلىق دەرەخلەرمۇ ئۆستۈرۈلەتتى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بېرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىغا ئىگە خەلق بولغانلىقتىن، تارىختا ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئالغا سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رولларنى ئوينىغانىدى. چارۋىچىلىق سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىدا خېلى سالماقنى ئىگىلىگەنىدى. شۇڭا، چارۋا ماللارنىڭ يەم - خەشىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بېدە، ئارپا، سۇلۇ قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلاتتى.

## 2. قول ھۈنەرۋەنچىلىك

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

كانچىلىق بىلەن مېتال تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق تارىم ۋادىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە كانچىلىق بىلەن مېتال تاۋلاش ۋە قۇيمىچىلىق ئالاھىدە تەرەققىي قىلىش بىلەن مۇستەقىل كەسىپ بولۇپ شەكىللەنگەنىدى.

بۇ يەردىن چىقىدىغان كان مەدەنلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، قېزىپ ئېلىنغان مەدەنلەر ئىچىدە ئالتۇن، ئاق ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قوغۇشۇن، تۆمۈر، ئاليۇمىن، سىنىك، ئالماس، قاشتېشى، سىماب، گۈڭگۈرت، خىرۇستال، ئاشتۇزى قاتارلىقلار بار ئىدى.

بۇنداق كان مەھسۇلاتلىرى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە ۋە چەتكە ئېكسپورت قىلىشتا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاساسلىق تاۋارلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىناتتى.

سەئىدىيە خانلىقى ۋاقتىدا كۆلىمى چوڭراق بولغان ئالتۇن، قاشتېشى، مىس، كۈمۈش، تۇز، تۆمۈر، قوغۇشۇن رۇدىلىرىنى قېزىش ۋە ئېرىتىش ئىشلىرى ئوردا نازارەتچىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىل كانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن كېلىدىغان كىرىم خانلىقنىڭ ئاساسلىق دارامىتىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇڭلاشقا نۇرغۇن جايلاردا كانلار ئېچىلغانىدى. يېڭىسارىدىكى تۆمۈر كېنى (شاناز تۆمۈر كېنى)، كۇچا ئەتراپىدىكى مىس كېنى، قەشقەر، خوتەندىكى ئالتۇن، تۆمۈر، مىس كانلىرى، يەكەن قوشراپتىكى قوغۇشۇن كانلىرى ئۆز دەۋرلىرىدە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن سىرت، بۇ يەردىكى قېزىلغان ئالتۇن، تۆمۈر، مىس، قوغۇشۇنلار يەنە چەتكە كۆپ مىقداردا چىقىرىلاتتى. بۇ كانلاردا نۇرغۇن ئادەم ئىشلەيتتى.

ھەر خىل تۆمۈر سايمانلار دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆپلەپ تەدبىقلاندى. ئاساسلىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىدىن كەتمەن، تۆمۈر ئارا، جوتۇ، ئورغاق، كەكە، گۈرجەك، ساپان چىشى قاتارلىقلار بارلىققا كەلگەنىدى. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن باشقا يەنە ھەرە، ئۇشكە، رەندە، ئىسكىنە، بولقا، دەرەش، بىگىز، پالتا، يوگەن، ئۈزەڭگە، ھەربىي قوراللاردىن ئوقيا، باشاق، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە، زىرھ، ساۋۇت، دۇبۇلغا قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقىدا ئالتۇن - كۈمۈشتىن زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش سەنئىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئالتۇندىن نازۇك ۋە نەپىس زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلاتتى. ئالتۇن زىرە، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن

قاداق، ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن جىيەك، ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن تاج قاتارلىق زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى كەڭ ئىشلىتىلەتتى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سەئىدىيە نامى بىلەن تىللا قۇيۇلغان ۋە ئۇ تىللالار ئوبوروتتا كەڭ ئىشلىتىلگەنىدى. شۇ چاغدا تىللا پۇلدىن باشقا يەنە قىزىل مىستىنمۇ پۇل ياسىيالىغان بولۇپ، «بىر پۇل»، «50 پۇل»، «بىر تەڭگە» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. ئايرىباشلاردا پۇلنىڭ رولى كۈنسايىن مۇھىم بولۇپ، مۇھىم ئوبوروت ۋاسىتىسى بولۇپ قالغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ياغاچچىلىق زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. ياغاچچىلىق ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى باي، رەڭگارەڭ نەپىس سەنئىتى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مازار-ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىش، خوجىلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مازار بىناكارلىقى ئىسلام بىناكارلىقىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى.

مىلادى 1533 - يىلى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى سۇلتانى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەكەن كونا شەھىرى ئالتۇن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىق قەبرىستانلىقى — «ئالتۇنلۇقۇم» مازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە «ئالتۇن مەسچىت» ياسالدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قايتا كېڭەيتىپ ياسالدى. خوجا مۇھەممەد شېرىپ مازىرى يېڭىدىن ياسالدى. ئابدۇللا خان دەۋرىدە

يەكەن جامەسى كېڭەيتىپ ياسالدى. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن رەڭدار كاھىش ھەم خىلمۇ خىل نۇسخىدا ياسالغان ياغاچ پەنجىرىلەر ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنىدى. شۇ چاغدا ئىسلام بىناكارلىقى شەھەر بىناكارلىقىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا سېلىنغان ئاتاقلىق مەدرىس — مازارلارنىڭ گۈمبەزلىرى، جامە (چوڭ مەسچىت) لەرنىڭ ئۆيلىرى، ئاداق - پەرمانلىرىدا خىلمۇ خىل گۈزەل نەقىشلەرنىڭ ئويۇلۇشى، جەگە - تورۇكلەرگە نەقىش ئويۇش سەنئىتى، ياغاچتىن پەنجىرىلىك دېرىزىلەرنى ئورنىتىش سەنئىتى قاتارلىقلاردا قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىمارەت قۇرۇلۇشىدىكى ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىنغانىدى.

ئۇيغۇر خەلقى — پاختا، يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەر رايونىنىڭ ئۆزىدە توقۇلغان شايى، كىمخاب، بەقەسەم، ئەتلەس، دۇردۇن ۋە پاختىدىن ئىشلەنگەن گۈللۈك رەخت - شاتىۋار، سەگەز، گۈللۈك رومال قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر ئىدى. يەكەن، قەشقەر، پەيزىۋات، ئاقسۇ، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا بۆز - خام، چەكمەن ۋە يۇڭ چەكمەن، ئۇشتە قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يۇڭ توقۇلمىلىرى ئىچىدە گىلەم توقۇش سەنئىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

پاختا توقۇمىچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن ھەرخىل رەڭدىكى پالاس، خۇرجۇن، تاغار قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە كۆنچىلىك (بۇلغارچىلىق) خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانىدى. بولۇپمۇ كالا تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن (بۇلغارى)، قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن ئىشلەن-

گەن نېپىز بۇلغارىلار كۆپچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. شۇ چاغلاردا كلاسسىك ئەسەرلەر-نىڭ مۇقاۋىسى ئېسىل بۇلغارىدىن ئىشلىنەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە كۇلالچىلىق (ساپالچىلىق) تەرەققىي قىلغانىدى. گۈللۈك تاۋاق، گۈللۈك لېگەن، جام، تاۋاق - ئاپ-قۇرلار، كوزا - ئەۋرىق، يام (تېرە ئاشلايدىغان) كۆپلەر كۇلال-چىلىقتىكى ئاساسىي مەھسۇلاتلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كەسىپلەر قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگى-رىشلەر مەيدانغا كەلگەنىدى، نۇرغۇنلىغان كەسپىي كارخانىلار-دا، مەخسۇسلاشقان ئىشخانىلاردا كۆپلىگەن ئىشچىلار ئىشلەيتتى. بۇ يېرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرلىسى ئىدى.

## 3. سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى

### ئىچكى سودىنىڭ جانلىنىشى

سەئىدىيە خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە سودا - سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى راۋاجلانغانىدى. شۇ چاغلاردىكى سودا پائالىيەتلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە تارىم ۋادىسىدى-كى جايلاردا ئاساسەن مەركىزىي شەھەر ۋە يېزا - كەنتلەر-دە قەرەللىك (ھەپتىدە بىر بولىدىغان) بازارلاردا ئېلىپ بېرى-لاتتى. بولۇپمۇ مەركىزىي شەھەر بازارلىرىنىڭ كۆلىمى ئىن-تايىن چوڭ ئىدى. «بەزى مەركىزىي شەھەر بازارلىرىنىڭ كۆلىمى 10 يول ئۆزۈلۈۋقتا سوزۇلغانىدى. سەئىدىيە خانلىقى-نىڭ پايتەختى بولغان يەكەن شەھەر بازىرى ھەممىدىن چوڭ بازار ئىدى. بۇ بازارلاردا تىجارەت بەكمۇ راۋاجلانغان، تۈرلۈك ماللار ئالماشتۇرۇلاتتى.»

شۇ دەۋرلەردە يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، پىچان، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەر تەرەققىي قىلىپ سودا - سېتىق پائالىيىتى-

نىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، شۇ دەۋرلەردە قەشقەر بىلەن يەكەن شەھىرى ئەڭ چوڭ ئىچكى ۋە تاشقى سودا بازارلىرى ھېسابلىناتتى.

شۇ چاغلاردا يەكەن شەھىرىنىڭ ئالتە چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، شەھەر كوچىلىرى «مىسلىسىز ئاۋاتلاشقان» ئىدى.

بۇنىڭدىن يەكەن شەھىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىگىلىكىدە تۇتقان ئورنىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

تاشقى سودا

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە سودا پائالىيەتلىرىدە ئىچكى بازارلاردىن سىرتقا كېڭىيىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەنىدى. بۇنىداق يۈزلىنىشنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، شەرقتە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھەتتا دېڭىز ياقىسىدىكى، جېجياڭ قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن بولسا، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تىبەت، ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر بىلەن، شىمالدا موڭغۇللار بىلەن زىچ سودا ئالاقىسى يولغا قويۇلغانىدى. شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭ سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ زور مىقداردىكى يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن، مەسىلەن: ئات، تۆگە، بۇلغۇن تېرىسى، قاشتېشى، نۇشىدۇر، گۈڭگۈرت، ئالماس، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە گىلەم، كىگىز، جايناماز، ماتا ـ خام قاتارلىق توقۇلمىلار، تۆمۈر ئەسۋابلار، تۈرلۈك دورا ـ دەرمەكلەر قاتارلىقلارنى ئىچكى رايونلارغا ئېلىپ بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلاتتى. ئىچكىرىدىن شايى ـ ئەتلەس، تاۋار ـ دۇردۇن، يىپ رەخت، فارفور قاچا قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلەتتى.

شۇ دەۋرلەردە خانلىقنىڭ تاشقى سودا مۇئامىلىسىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەر بىلەن بولغان تىجارىتى زور تەرەققىي قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا

بېرىش-كېلىش قويۇقلاشتى. بولۇپمۇ ئەنجان، قوقەنت بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق شەھەرلەر تاشقى سودا جەھەتتە مەركىزىي شەھەرلەردىن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىمۇ مەركىزىي شەھەرلەرگە كېلىپ سودا قىلاتتى، «ئەنجاندىن مەرۋايىتلارنى ئېلىپ كېلىپ قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇدا ساتاتتى.» سودىگەرلەر ھىندىستانغا كىگىز ۋە خام-ماتا، چەكمەن، ئالتۇن ۋە جۇڭگو ماللىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جايدىن دورا-دەرمەك ۋە ئەتىر، باشقا نەرسىلەرنى، كەشمىر توقۇلمىلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى. ئافغانىستان، ئىران مەملىكەتلىرىگە خام (ماتا) چەكمەن، زىلچا، تۆمۈر، مىس قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارنى توشۇپ بېرىپ ساتاتتى. ئۇ جايدىن يەنە مۇۋاپىق ماللارنى ئېلىپ كېلەتتى.

سەئىدىيە خانلىقى مەزگىلىدە تاشقى سودىنى ئۇنۇملۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن سودىگەرلەر تەشكىللىك قۇرۇلغانىدى. كارۋان باشلىقلىرى سەئىدىيە سۇلتانى تەرەپتىن تەيىنلىنەتتى. سودا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ تۇرغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ئۇلار بۇ ئالاقىنى «ئالتۇن يول» دەپ بىلەتتى. ئەگەر كىمكى بۇ يولنىڭ راۋانلىقىغا كاشىلا قىلسا، خانلىقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى ①.

مىلادى 1644-يىلى، مىڭ سۇلالىسى مۇنقەرز بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقى دەرھال چىڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق سودا مۇناسىۋىتىنى ئورناتقانىدى. مىلادى 1649-يىلى، خېشى تۇڭگانلىرىدىن دىڭ گودۇڭ قاتارلىق كىشىلەر قۇمۇلدا چىڭ

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 312-بەت.

سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ بىر كىچىك خانلىق قۇرۇش قەستىدە بولغاندا، سەئىدىيە خانلىقى دەرھال بۇ توپىلاڭنى ئۆز ۋاقتىدا تىنجىتىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. سودا مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. ئىچكىرى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى سەئىدىيە خانلىقىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

## 3 - بۆلۈم يەكەن - سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى

مەدەنىيەت — جەمئىيەتنىڭ ماددىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىش يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدە يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، سەئىدىيە خانلىقى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك بۇ زېمىندە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشىدەك تارىخىي يۈزلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ دەۋر ئۇلۇغ تۆھپىلەر يارىتىلغان، بۈيۈك بىرلىك ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، XIII ئەسىردىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، موغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىدا ئىسلام دىنى بۇنداق قوشۇلۇپ كېتىش جەريانىنى تېزلەتتى. مەسىلەن: تۇغلۇق تېمۇر خاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئالساق، «تۇغلۇق تېمۇرخان مەۋلانا رەشىددىنىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولدى. چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىمۇ تۇنجى قېتىم تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشلاندى. تۇغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى بۇراق خان، ئۇنىڭدىن كېيىن كېپەك خانلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما موغۇل خانلىرىنىڭ ۋە موغۇل خەلقىنىڭ مۇسۇلمانلىق ئېتىقادى ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى.» ① «ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش پەقەت تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشلانغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا چاغاتاي ئەۋلادىدىن 160 مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولدى».② دېمەك، موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشلانغانىدى.

تۇغلۇق تېمۇرخان قاراخانىيلار ئورۇنداپ كېتەلمىگەن ئۇيغۇرلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى تيانشاننىڭ شەرقى بىلەن تيانشاننىڭ شىمالىدا ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇردى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق قەدىمدىن بېرى تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلدى.

XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا يېرىم ئەسىر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھاكىمىيىتى

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1) غا قاراڭ.

بىلەن ئۇنىڭغا پاراللېل ھالدا تىيانشاننىڭ شەرقىدە تۇرپان ئويمانلىقىنى ئاساس قىلغان مەنسۇرخاننىڭ ھاكىمىيىتى قاتارلىق ئىككى ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى يەنىلا ئۇيغۇرلار ئىدى.

دوغلات، بارلاس، جورراس، ئىتارچى، مەركىت قاتارلىق موغۇل قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتتى. تۇغلۇق تېمۇر خاندىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن موغۇللار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان كۆچمەن تۇرمۇشتىن يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا كۆچتى. ئۇلار ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىل - يېزىق، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇن، دىنىي ئەقىدە جەھەتلەردە تامامەن ئۇيغۇرلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا سىڭىپ كېتىشكە باشلىدى.

تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەر كوراگان ئۆزىنىڭ «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسىرىدە موغۇللار ئۇيغۇرلار ئۆزۈلۈپ شۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا 30 مىڭدەك موغۇل بارلىقىنى تىلغا ئالغانىدى.

سۇلتان سەئىدخان ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە يەرلىك تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەرنى بىر - بىرلەپ يوقاتتى؛ شەرقتە تۇرپاننىڭ ھۆكۈمدارى مەنسۇر خان بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شىمالدا قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قوۋملىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى ئەمىن تاپقۇزدى. دۆلەت ئىچىدە خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلغان تىنچلىق، مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە ئاساس سالدى. ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئىگىلىك پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ، سەئىدخان يولغا قويغان «پۇقرالارنى دەم ئالغۇزۇش» سىياس-

سىتى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دۆلەت كۈچىنى ئېخىمۇ ئاشۇرۇپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى بۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنى ھاللاندۇرۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئىلىم - پەننى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا قاراتتى.

قەشقەر بىلەن يەكەن تارىختا ھەرقايسى دەۋرلەردە قۇرۇلغان خانلىقلارنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى.

يەكەن خانلىقى ھۆكۈمەت خەزىنىسىدىن زور ئاجرىتىپ نۇرغۇن مەكتەپ، يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسلەرنى بەرپا قىلىپ ئىلىم - پەنگە كەڭ يول ئاچتى. يەكەن شەھىرىدىكى رەشىدىيە مەدرىسىلا 360 ھۇجرىلىق بولۇپ، ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغانىدى. بۇ يەردە 437 مۇنچا، مۇستەپخانا بار ئىدى. «يېشىل مەدرىس»، «مەدرىس ئىقلىمات»، «جاھان مەدرىسى»، «خانلىق مەدرىسى»، «مەھمۇدىيە»، «ساقىيە مەدرىسى»، «ۋەلىيە مەدرىسى» قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئىدى ①.

«بەزى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، شۇ چاغدا سېلىنغان خانىقا 948، مەسچىت 585، قۇرۇلغان مەكتەپلەر جەمئىي 2263 كە يەتكەنىدى» ②.

سەئىدىيە ھۆكۈمىتى نۇرغۇن پۇل ئاجرىتىپ قەشقەر شەھىرىدىكى «ساچىيە مەدرىسى، ساقىيە مەدرىسى، چاسا مەدرىسى،

① «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 - يىل 4 - سانىغا قارالسۇن.

② ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار» شىنجاڭ مەدەنىيىتى 1988 - يىل 1 - سانىغا قارالسۇن.

كونا ئوردا مەدرىسى، ئوردا ئالدى مەدرىسى قاتارلىق داڭدار مەدرىسلەرنى رېمونت قىلىپ تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ بېكىتلىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان يېرىگە جايلاشقانىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە كەلكۈن ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكتىن سەئىدىيە ئوردىسى مازارنى دەرھال ئەسكىسار قەدىمىي شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى پايناپ دېگەن جايغا يۆتكەپ دەرۋازا، گۈمبەز، نەقىشلىك مەسچىت ۋە تىلاۋەتخانا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان مەشھۇر زىيارەتگاھ قىلىپ ياساتقۇزدى.

سەئىدىيە خانلىق دەۋرىدە مەدرىس، مەكتەپلەردە ئەرەب - پارس ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى گىراماتىكىسى، شەرىئەت ئىلمى، پەلسەپە، ھەدىس، قۇرئان تەپسىرى، ناتىقلىق ئىلمى، تىل - ئەدەبىيات، ئىسلام تارىخى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئىتىكا، سەنئەت، خەتتاتلىق قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. مەدرىسلەردە يەنە لۇتفى سەككاكى ئابدۇراخمان جامى ناۋايى قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەرس ئۆتۈلەتتى.

سەئىدىيە ئوردىسى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىلىملىك، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى، ئۆلىما، ئالىملارنى قەدىرلەپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى بولغان «نورۇز» پائالىيەتلىرىدە شائىر، ئەدىبلەرنىڭ «مۇشائىرە كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق پائالىيەتلەر شائىرلارنىڭ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم سورۇنلاردىن بولۇپ قالاتتى.

قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەردە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىلىم - پەزىلەت ئىگىلىرى ئۈزۈلۈپ قالغان ئەمەس، بۇ يەردە ئاتاقلىق ئالىم، ئىختىساس ئىگىلىرى ئۈزۈلمەي يېتىشىپ چىققانىدى.

«خۇراسان ئىقلىمىدا پۈتۈن بىلىملەرنىڭ ھەممىسى تاماملاپ»، ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە شۆھرەت تاپقان شائىر، ئالىم ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى سەئىددىن قەشقەرى (1376 — 1457)، خوجا زاھىد قەشقەرى (1363 — 1446)، خوجا ئەخمەت قەشقەرى، زىيائىددىن قەشقەرى ۋە ئاتاقلىق جەرراھ مۇھەممەد ھەيدەر قەشقەرى قاتارلىق ئاتاقلىق ئالىملار قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى دەل مۇشۇ ئاساستا راۋاجلاندى.

سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ قابىل ۋارىسلىرىدىن بولغان ئابدۇرەشىتخان، ئابدۇكېرەم خان، ئابدۇللاخان قاتارلىق ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مەرىپەتپەرۋەر، دانا خانلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇلار ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتكە بىر قەدەر ئەھمىيەت بېرەتتى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى قەدىرلەيتتى. شۇڭا، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالدىنقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ئۇرغۇنلىغان ئالىملار يېتىشىپ چىقىپ، خەلقىمىزگە مول مەدەنىيەت مېۋىلىرىنى قالدۇردى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمىزغا قالدۇرغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە.

ھەممىگە ئايانكى، ئىلىم - پەن جەمئىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىنقىلابىي كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەلۇم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك

قىلىدىغان مۇھىم بەلگىدۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللار توپلىغان ئىلىم - پەن بىلىملىرى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ۋاستىسى، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدۇر. كىشىلەر ماددىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسىنى توپلاپ، ئەقىل پاراسىتى ۋە ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ ماڭىدۇ ۋە ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلاندۇرىدۇ.

بىز مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغىنىمىزدىمۇ بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىغا قاراشتا ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قانداقلىقىغا قارىشىمىز كېرەك. شۇنداق ئىكەن، بىز سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرى سۈپىتىدە شۇ دەۋردىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيىتىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرلىك بىر نەچچە ئەسەرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

سەئىدىيە دەۋرىدە يېتىلگەن پاراسەت ئىگىسى، داڭلىق تارىخشۇناس ۋە شائىر مىرزا ھەيدەر كوراگانى (ئەدەبىي تەخەللۇسى «ئاياز شىكەستە») «جاھاننامە» داستانى بىلەن «تارىخى رەشىدى» دېگەن ئەسەرلەرنى يازغانىدى. «جاھاننامە» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر XVI ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ داستان ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقى تەرەققىياتىدا بىر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتور داستانىنىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىنى خەلق چۆچەكلىرى ئاساسىغا قويۇپ، يۇكسەك فانتازىيە كۈچى ئارقىلىق رىۋايەت بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرگەن. بۇنىڭدىن بىز ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇر ۋە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا جارى قىلدۇرۇشتا ماھىر بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مىرزا ھەيدەر كوراگانى «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىنى كەشمىردە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان يىللاردا (1541 — 1545) يېزىپ چىقتى. «تارىخى رەشىدى» ئىككى توملۇق ئەسەر بولۇپ، بىرىنچى تومى ھىجرىيە 948 - يىلى (1541 — 1542)، ئىككىنچى تومى ھىجرىيە 952 - يىلى (1545 — 1546) يېزىپ پۈتتۈردى.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ بىرىنچى تومىدا تۇغلۇق تېمۇرخان (1329 — 1363) ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرى ئىسەن بوغاخان (1330 — ؟) خىزىر خوجا (مىلادى 1383 — 1399 - يىللىرى تەختتە)، شەمئى جاھان (مىلادى 1499 — 1335 - يىللىرى تەختتە)، ئۇۋەيسخان (مىلادى 1418 — 1428 - يىللىرى تەختتە)، سۇلتان يۇنۇس خان (مىلادى 1417 — 1414 - يىللىرى تەختتە)، سۇلتان مەھمۇدخان (1463 — 1508)، سۇلتان ئەخمەت خان (1565 — 1408)، مەنسۇرخان (؟)، سۇلتان سەئىدخان (1586 — 1433)، ئابدۇرېشىتخان دەۋرى (؟ — 1545) گىچە بولغان تۈپتوغرا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق دەۋردىكى تارىخ مۇپەسسەل يېزىلغان.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىككىنچى تومىدا ئاپتور مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ھىجرىيە 906 - يىلى (1500 — 1501)

تاشكەنتتە دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى، تارىخى پائالىيەتلىرى، ئۆزبېك ھۆكۈمدارى شەيبانىخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى، ئۇنىڭ قىرغىنچىلىقى قاتارلىق مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، زەھىردىن مۇھەممەت بابۇر شاھ (1483 — 1530) ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىغا دائىر تەپسىلىي تارىخىي مەلۇماتلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلارغا قاراشلىق ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر، بۇ يەرلەردىكى ئاھالىنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جۇغراپىيىۋى يەر ـ جاي ئىسىملىرى، مىللەتلەر ئېتنوگراپىيىسى، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقى قىسىملىرىنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار، موغۇلىستاننىڭ زېمىن دائىرىسى، موغۇل قەبىلە ۋە خانلارنىڭ شەجەرىسىگە ئائىت مەلۇماتلار يېزىلغان.

«تارىخى رەشىدى» دە جانىبەك، قاسىمخان، مماشخان، تاھىرخان قاتارلىق قازاق خانلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا بولۇپمۇ قاسىمخان بىلەن سۇلتان سەئىد خاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت توغرىسىدا، خەلىل سۇلتان (سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېرىندىشى) نىڭ قىرغىزلار ئارىسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا يەنە تىبەت، كەشمىر ۋە بەدەخشان قاتارلىق جايلارنىڭ ئاھالىسى، جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىغا ئائىت مەلۇماتلار، ئافغانىستان، شىمالىي ھىندىستان قەبىلىلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار يېزىپ قالدۇرۇلغان.

«تارىخى رەشىدى» دە يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان بۇخارا، خۇراسان، ھىرات شەھەرلىرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ بېرىلگەن. ئاپتور ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن يۈكسەك ۋە پەخىرلىك

ئورۇن تۇتقان شانلىق نامايەندە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بۇۋىسىنىڭ «نەسەبى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئاتىسىنى كىچىك باخشى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، «ئۇ قەممەتلىك ئۆمرىنىڭ تامامىنى تاتلىق ۋە ياخشى ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن. ھېچقانداق كىشى ئەلىشىر ناۋايىدەك كۆپ ھەم نەتىجىلىك ئىش قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان» ① دەپ ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» دە بىزنى ھەربىي ئىلىمگە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ ئۆسمۈر چېغىدىلا 1513 - يىللىرى شەيبانىخان خارەزمگە ھۇجۇم باشلىغاندا، بابۇرغا ھەمراھ بولۇپ شەيبانىخانغا قارشى ھەربىي يۈرۈشكە قاتناشقان. 1514 - يىلى مىرزا ھەيدەر كوراگانى سۇلتان سەئىدخان بىلەن بىللە قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەشتىكى كۈرەشلەرگە قاتناشقان شۇنداقلا 1516 - يىلى، سۇلتان سەئىدخان بىلەن مەنسۇرخان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئىشىنى كونكرېت بېجىرگەن؛ سەئىدىيە ئوردىسىغا ۋەكالىتەن قىرغىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش سۆھبىتىگە قاتناشقان. سەئىدىيە خانلىقى قوشۇنىنىڭ تىبەت، لاداخ، كەشمىر، بەدەخشان قاتارلىق جايلارغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان ۋە مۇشۇ جەرياندىكى ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىلىرىگە دائىر ئىشلارنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى قاراشلار بىلەن بايان قىلغان. بۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۇرۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن زور ئەھمىيەت-

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

گە ئىگە.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ بىرىنچى تومى 180 بەت، ئىككىنچى تومى 498 بەت بولۇپ، جەمئىي 678 بەت، «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىلمىي قىممىتى شۇ يەردىكى، مىرزا ھەيدەر كوراگانى ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىتىدە ۋە ئىلمىي ساھەسىدە زور رول ئوينىغان مۇھىم دۆلەت ئەربابىدۇر. ئۇ ئۆز زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن جايلارنى، مەسىلەن، قەشقەر، ھىرات، خۇراسان، سەمەرقەند، تىبەت، لاداخ، كەشمىر، بەدەخشان، پاكىستان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرگە ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئارىلاپ، توپلىغان ئىشەنچلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال، ھۆججەت، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق رەتلەپ كېيىنكىلەر ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بولغان بۇ ئىلمىي ئەسەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مىرزا ھەيدەر كوراگان «تارىخى رەشىدى» نى يېزىشتا يەنە مەۋلانا شەرىپىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەر نامە» دېگەن ئەسىرىدىن ۋە «مۇنتەخىپ ـ التۋارىخ»، «مەجمە ئۇتتىۋارىخ»، «جامى گىتى ناماي» (ئالەمنى كۆرسەتكۈچى جام) «تاۋارىخ كىزىندە»، «نۇسرەتنامە»، «تاۋارىج قەدىمە ۋە تارىخ جەدىيە» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردىن پايدىلانغان. بىراق، بۇ ئەسەرلەردە چىڭگىزخاندىن تۇغلۇق تېمۇرخانغىچە بولغان تارىخىي دەۋرگە ئائىت مەلۇماتلار بېرىلىپ، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىنكى خانلارنىڭ تارىخى شەرھلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، مىرزا ھەيدەر كوراگان تۇغلۇق تېمۇرخاندىن كېيىنكى تارىخنى بايان قىلىش مەقسىتىدە «تارىخىي رەشىدى» نى يازغانىدى.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىگە «تارىخى رەشىدى» دەپ نام

قويغانلىقنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: موغۇل خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى تۇغلۇق تېمۇرخاندىن باشلاندى. تارىخنىڭ نامىنى «تارىخى رەشىدى» دەپ ئاتىشىمدىكى بىرىنچى سەۋەب، تۇغلۇق تېمۇرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشى مەۋلانا رەشىددىننىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بولدى; ئىككىنچى سەۋەب، تۇغلۇق تېمۇرخاندىن ئىلگىرى بۇراق خان، ئۇنىڭدىن كېيىن كىپەك خانلار مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ مۇسۇلمانچىلىقى راۋاج تاپمىغانىدى. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا ئارقىغا قايتىپ ئىسلام دىنىدىن چەتلەشكە ئۇرۇناتتى. ئەمما، تۇغلۇق تېمۇرخان مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن تەڭ ئىسلام دىنى موغۇللار ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ ئومۇملاشتى. بۇ تارىخ ئۇنىڭ نامىنى بايان قىلىش بىلەن باشلىنىدىغانلىقتىن «رەشىدى» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۇم; ئۈچىنچى سەۋەب، بۇ خانلارنىڭ ئاخىرى ئابدۇرېشىتخان بولۇپ، بۇ تارىخ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېزىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئۈچ سەۋەب بىلەن بۇ تارىخ «تارىخى رەشىدى» دەپ ئاتالدى. ①

«تارىخى رەشىدى» پارس تىلىدا يېزىلغان. كەشمىر كۇتۇپخانىسىدا مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسى ساقلانغان، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى، «ئالتۇن ھەل بېرىپ ئىشلەنگەن» بىرقانچە خىل نۇسخىلىرى قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا فرانسىيە، گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقشۇناسلار ئارقىلىق ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنياغا تارالغانىدى.

---

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قولىيازما.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسلى قول يازما نۇسخىسى (كەشمىر نۇسخىسى) 1948 - يىلى كەشمىردىكى بىر قېتىملىق ھادىسىدە يوقىلىپ كەتكەن، ئافغانىستاندىكى كابۇل مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا «تارىخى رەشىدى» نىڭ ئىككىنچى تومىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ساقلانماقتا. مەشھۇر شەرقشۇناس دېنىسون روس تەرىپىدىن تېپىلغان مۇكەممەل بىر نۇسخىسى ئۇلۇغ برىتانىيە مۇزېيىنىڭ Add 24090 نومۇرلۇق كاتالوگىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. پەقەت باش تەرىپىدىكى بوش قالغان بەتتە بۇ نۇسخىنىڭ ھىجرىيە 1145 - يىلى (1732 — 1733)، مىرزا مۇھەممەت مۇئتەمىدخان دېگەن بىر زاتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. بۇ خاتىرىگە قارىغاندا، بۇ نۇسخىنىڭ مىلادى 1732 - يىلدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. «تارىخى رەشىدى» قەشقەردە مۇللانىياز ئاخۇن خوتەنى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1102 - يىلى (1690— 1691)، تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

× × ×

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ۋە شائىرە ئامانىنىساخان (1534 — 1567) ئەدەبىي تەخەللۇسى — نەفىسە، ئۇ سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىپ، مۇقامشۇناس، ئەدىب بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇنىڭ «دىۋان نەفىسە»، «ئەخلاق جەمىلە» ناملىق دىداكتىك ئەسەرلىرى ۋە «شۇرۇلقۇلۇب» (قەلبلەر كېڭىشى) ناملىق ئېستېتىك ئەسەرلىرى بار.

× × ×

يۈسۈپ قىدىرخان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنى ئىگە-

لىگەن ئۇستا مۇقامچى ۋە شائىر بولۇپ، سەئىدىيە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور رول ئوينىغانىدى. ئۇ-نىڭ شېئىرلار توپلىمى «دىۋان قىسدىرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ راۋاپنى ئىسلاھ قىلغان ۋە «ھەشتار» ناملىق سەككىز تارلىق چالغۇ ئەسۋابىنى ئىختىرا قىلغان. ئۇ «ۋى-سال» ناملىق يېڭى مۇقامنى ئىجاد قىلغان. «خۇراسان، خارە-زىم، ئىران - ئىراق قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن كۆپلىگەن مۇزىكانت، تالىپلارغا دەرس ئۆتكەن» ئىدى.

× × ×

«تارىخنامە — ئابدۇرېشىتخان» ناملىق ئەسەر ھىجرىيە 951 - يىلى (1544 — 1545)، نامەلۇم بىرەيلەن تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ھىجرىيە 1035 - يىلى (1626 — 1627)، مۇھەممەت نىياز ئاخۇن تەرىپىدىن كۆرۈلگەن.

مىرزا فازىل جۇرراس ئوغلى مەھمۇد جۇرراس يەنى شاھ مەھمۇد جۇرراس (1626 — 1696) سەئىدىيە خانلىقىدا مىرزا ھەيدەر كوراگانىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ئاتاقلىق تارىخچىدۇر. ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى يە-كەندىكى بىر مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان. شاھ مەھمۇد جۇرراس «تارىخ» ناملىق ئەسەرنى مىلادى 1672 - يىلدىن 1676 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا يەكەندە يېزىپ چىقتى (ھازىر ئۇيغۇر قول يازمىلار كاتالوگىدا ۋە ئىچكى قىس-مىدا تارقىتىلغان «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تارىخ دەل مەھمۇد جۇرراس تەرىپىدىن يېزىلغان). شاھ مەھمۇد جۇرراسنىڭ ئىككىنچى ئەسىرى: «بىلىم ھەۋەسكار-لىرى دوستى» ناملىق ئەسىرى مىلادى 1696 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ھازىر ئەنگلىيە ئوكس-فورد كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

شاھ مەھمۇد جۇرراسنىڭ «ئانىس ئال تالىبىن» دېگەن

يەنە بىر ئەسىرمۇ بار. بۇ ئەسەر سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن يېزىلغان. بۇ كىتابتا ئاساسەن سەئىدىيە خانلىقىدىكى قارا تاقىيلىقلار بىلەن ئاق تاقىيلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئۆتمۈشى خاتىرىلەنگەن.

شاھ مەھمۇد جۇرراس يازغان «تارىخ» مىرزا ھەيدەر كوراگاننىڭ «تارىخى رەشىدى» ئەسىرى يېزىلغان دەۋردىن كېيىنكى دەۋرنى يەنە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى بىر پۈتۈن تارىخنى يورۇتۇپ بەرگەن قىممەتلىك قولىيازما ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئابدۇكېرىم خان، مۇھەممەت خان، ئابدۇللاخان ۋە ئاقباشخان دەۋرلىرىدىن ئىبارەت بىر ئۇزۇن تارىخىي دەۋردىكى ئىشلار، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىگە سەۋەبچى بولغان خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن ئېچىنىشلىق كۈلپەتلىرى، خوجىلارنىڭ ئاممىنى خوراپاتلىق پاتقىقىغا تىققانلىقى، جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغانغا قەدەر بولغان دەۋرلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە «خۇلقى» (ئەدەبىي تەخەللۇسى)، شائىر ھەنىفى ① (ئەدەبىي تەخەللۇسى)، ئاخۇن موللا شاھ خوجا، بابا خوجا ئاخۇن خوتەنى، مۇھەممەت ئىمىن زىھنى، موللا ھەبىب، موللا ئاتىپ موللا قازى ئاخۇن، موللا جۇنۇنى خوجا، موللا فازىل مىرزا شاھ خوجا قاتارلىق ئەدىبلەر، شائىرلار مەيدانغا كەلگەنىدى.

مۇھەممەت سىدىق زەلىلى يەكەندىكى خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان، ئۇنىڭ «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت بوزۇرۇكۋار» دېگەن ئەسىرى بىلەن «سەپەرنامە» قاتارلىق داستانى بىزگ-

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى: «قەشقەر تارىخى» قولىيازما.

چە يېتىپ كەلگەن. ئۇ يەنە ئۇستا «مۇغەننىي» (مۇزىكانت) ئىدى.

ئۇيغۇر شائىرى خاراباتى (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت بىننى خاراباتى) مىلادى 1628 - يىلى، ئاقسۇنىڭ چوغتال كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ بىلىم ئالغان، ئۇنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» دېگەن 1300 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بىر يىرىك ئەسىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن.

خىرقىتى مىلادى 1634 - يىلى قەشقەردىكى تازغۇننىڭ باغچا يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدە 16 يىل ئوقۇپ بىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ «مۇھەممەتنامە ۋە مېھنەتكامە» ناملىق داستانى ۋە «غەزەللەر دىۋانى» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

گۇمنام قەشقەرى(ئاتىسىنىڭ ئىسمى خوجام قولى) شائىرنىڭ تۇغۇلغان يىلى بىزگە مەلۇم ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ بابارەھىم مەشرەپنىڭ غەزەللىرىگە تەقلىت قىلىپ يازغان شېئىرلىرىدىن قارىغاندا مەشرەپتىن خېلىلا ياشراق بولۇشى مۇمكىن. گۇمنام قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

× × ×

ئۇيغۇر خەتتاتلىقى — ئۇيغۇر خەلقىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللىي ئەنئەنىۋى گۈزەل سەنئەت تۈرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى يېزىق شەكلىنىڭ خىلمۇ خىل چىرايلىق خىللىرى يېتىلاندى، ئىجاد قىلىندى.

ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى «نەسىخ — تەئلىق»، «خەتتى

سۇلۇس»، «رۇقاقى»، «مۇھەققىق»، «كۇفى»، «سىياقەت» قاتارـ
لىق خىسلمۇ خىل ھۆسنخەت شەكلى مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا
كەلگەن، تېخىمۇ پىشقانىدى. شەكىللىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەـ
تەن راۋاجلانغانىدى. سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغۇچى سۇلتان
سەئىدخان «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا! ئەڭ گۈزەل دەپ ئاتالغان
‹نەسىخ — تەئلىق› شەكلىدە يېزىلگەن خەتتات» سانىلاتتى.
ئابدۇرېشىتخان ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ھەممە شەكلىنىڭ ماھىرى
ئىدى. مىرزا ھەيدەر كوراگانى خەتتاتلىقتا ھەممىنى بېسىپ
چۈشىدىغان خەتتات ئىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى
باش پۈتۈكچى شاھ سەئىد ئالىم ھەم شائىر، ھەم خەتتاتلىق
پېشۋالىرىدىن ئىدى. ئوردىنىڭ مۆھۈر، تامغا، ئالاقە، ھۆججەتلىـ
رى مەدرىس، گۈمبەز مۇنار تاملىرى، قەبرە تاشلىرى ھەتتا
مەدرىسلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرى، مەكتەپلەردە ئوقۇلىدىغان
ئەسەرلەر ھۆسنخەت نۇسخىلىرى بىلەن يېزىلاتتى. شۇنداقلا ئۈنىـ
ۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بولغان خانلىق مەدرىسىلەرگە
ۋە مەكتەپلەرگە مۇدەررىسلىككە ھۆسن خەتتە يېزىلگەن
سەنئەتكارلاردىن قوبۇلاتتى. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خەتـ
تاتلىق سەنئىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر تولۇق بىلىم ئىگىسى
دەپ ھېسابلانمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خىلـ
مۇ خىل خەتتاتلىق شەكىللىرى تەرەققىي قىلىپ بىر تۈرـ
لۈك ئىلىم سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم قورالى بولۇپ
قالغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە خەتتاتلىق بىلەن بىر قاتارـ
دا نەققاشلىق، رەسساملىق ئىشلىرىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي
قىلغانىدى. مىرزا تېنىبەگ شۇ زاماندا مەشھۇر خەتتات بولۇپـ
لا قالماي، بەلكى نەققاشچىلىق ماھىرى ئىدى. ئۇ نەققاشچىـ
لىق ئىلمىدە يېگانە بولۇپ، نادىر ئەسەرلەرنى ھەرخىل نەقىشـ
لەر بىلەن بېزەپ، كىتابلارنىڭ مۇقاۋا، بەتلىرىگە ئالتۇندىن

ھەل بىرىشىدە پېشۋا بولۇپ ئونتۇلغانىدى، ئۇ، مىر ئەنۋەر موللا مۇھەممەت قاتارلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەنىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بىناكارلىق سەنئىتى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە يەنىمۇ ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارچىلىق سەنئىتى ئومۇملاشقان گۈزەل سەنئەت بايلىقى بولۇپ، ئۇ ئويمىچىلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، كاھىشچىلىق شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ياسىلىش شەكلىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئىمارەتلەرگە نەقىش ئويۇش، رەسىم سىزىش، ئۆي ئىچىنى زىننەتلەش، ئىمارەت ئەتراپىنى باغچا، ھەر خىل شەكىلدىكى سۇنئىي مەنزىرە ياساپ، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئەنئەنىسىگە ئىگە. بۇ ئەنئەنە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇلدى.

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنى ئىمارەتلىرىنىڭ ياسىلىشى سەنئىتىدىكى بىناكارچىلىق سەنئىتى بىلەن يەرلىك ۋە مىللىي شەكىللەرگە ئىگە بىناكارچىلىق سەنئىتى ئىجادىي يوسۇندا بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارغا سېلىنغان ئوردا، ساراي، مەھكىمە، مەدرىس، مەسچىت، جامە، خانىقا قاتارلىق قۇرۇلۇشلار شەھەر مۇھىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەنىدى.

قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەر ۋە جايلارغا سېلىنغان 573 ئورۇندىكى مەدرىس ۋە 585 ئورۇندىكى مەسچىتلەرنىڭ تام - تورۇسلىرىغا ھەر خىل ئويما رەسىملەر، نە-

قىش ئىشلەنگەنىدى، گۈللۈك خىش ۋە رەڭلىك كاھىشلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى، ئىمارەتنىڭ ياسىلىش تارىخىنى يېزىش شۇ چاغلاردا بىر مودىغا ئايلانغانىدى. بۇنىڭ ئۈلگىلىرى زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى بىناكارچىلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، شەھەر بىناكارچىلىقىدا خىش ۋە ھەر خىل گۈللۈك كاھىشلار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن. ئۆيلەرنىڭ ھاراق، پەرمان، جەگە، تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش ئويۇش، تاملىرىغا گەج بىلەن قاتۇرما نەقىش گۈللەرنى چىقىرىش، باغ - پەنجىرىلەرنى ئورنىتىش ئوموملاشقان. سەئىدىيە ئوردىسى قەشقەردىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى بىلەن ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدۇكېرىم خان) مازىرىنى قايتا ياساتقاندا، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارچىلىق سەنئىتىنىڭ نەتىجىلىرى بىناكارچىلىقتا كەڭ تەدبىقلاندى.

× × ×

بۇ دەۋردە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىرى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا تىبابەتچىلىكتە ياراتقان مول تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ چىقىش ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى.

ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى جەريانىدا يەكۈنلىگەن ھەر خىل كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ئىدى.

قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا شىپاخانا، دوختۇر-

خانا، ئاپتىكا قاتارلىق سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش مۇئەس-
سەسىلىرى خېلى دەرىجىدە ئومۇملاشقان، ئۇيغۇر تېبۇپلىرى
شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىن چىققىدىغان دورىلار بىلەن تولۇق كېسەل-
لىكلەرنى داۋالاپلا قالماي، ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە ئوتتۇرا ئا-
سىيا، ھىندىستان، پاكىستان، تىبەت، كەشمىر قاتارلىق جاي-
لاردىن دورىلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، داۋالاش ئىشلىرىنى ئېلىپ
بارغانىدى. ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن چىققىدىغان سۆرۈنجان،
پىلپىل، موزا، بادام، خوتەن ئىنگىرى، خوتەن ئىپارى قاتار-
لىق دورىلار شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىدە ئىس-
لام مەملىكەتلىرى ۋە مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىگە توشۇلاتتى.

قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسى، يەكەن خانلىق مەدرى-
سى، رەشىدىيە مەدرىسى، يېشىل مەدرىسى، يېشىل مەدەرىس
قاتارلىق ئاتاقلىق چوڭ مەدرىسلەردە مەخسۇس مېدىت-
سىنا پەنلىرى ئۆگىتىلەتتى ۋە مۇدەررىسلىككە مەشھۇر
تېبىبىي ئالىملار تەكلىپ قىلىنغانىدى. مەسىلەن،
نۇرىدىنئابدۇۋايىت زوھۇرى، شەمشىددىن ئەلى، مەۋلانا مۇھەم-
مەت رازى قاتارلىق ھۆكۈمالار كىلىنىكىدا كېسەل كۆرگەندىن
سىرت، يەنە ئوقۇغۇچىلارغا مېدىتسىنادىن دەرس ئۆتەتتى.
بۇ مەدرىسلەردە ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا (980 — 1037) نىڭ
«ئەلقانون فىت تېبب» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى، قارا-
خانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تېۋىپ ئىمادىددىن قەشقەرى-
نىڭ «شەرھى ئەلقانۇن»، «شەرھى شىپا» ناملىق ئەسەرلىرى
ۋە شۇ زامانلاردا ئۆتكەن تېۋىپ مۇھەممەت ئەلى ئىمىن
يەركەندىنىڭ «زىيا ئۇلقۇلۇپ» (قەلب نۇرى) دېگەن ئەسىرى
ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ ئاساسىي دەرسلىكلىرى قىلىنغا-
نىدى. «دەستۇرۇلئىللاخ» ناملىق چوڭ تېببىي ئەسەر سەئىدىيە
خانلىقى دەۋرىدە يەكەندە پارسچىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي
تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇ كىتاب 24 باب، 256 پەسىل-

گە بۆلۈنگەن، جەمئىي 840 بەت ئىدى①.

قىسقىسى، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يۈكسىلىش بولغان دەۋر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىككى ئەسىرگە يېقىن تارىخىدا ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئاجايىپ مول بايلىقلارنى ياراتقانىدى. شۇ دەۋردە نۇرغۇن كەشپىياتچىلار، ئالىم، تارىخشۇناس، ئەدىب، شائىر، تەرجىمەشۇناسلار ۋە مول ئىلمىي قىممەتكە ئىگە نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەنىدى. بۇ مەنىۋى بايلىقلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭمۇ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىدۇر.

## 4 - بۆلۈم يەكەن - سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق

تەسەۋۋۇپچىلىق ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىدا ۋۇجۇدقا كېلىش، راۋاجلىنىش ۋە كاساتلىشىش دەۋرىنى بېسىپ ئۆتتى ۋە سەئىدىيە خانلىقىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئىككى ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمى ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

گەرچە ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ تەسەۋ

① «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» تارماق تومى — «ئۇيغۇرچە تىبابەت قامۇسى» 1 - توم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، ئورۇمچى، 1985 - يىلى نەشرى.

ۋۇپچىلىقنىڭ ئايرىم، ئەمما سىستېمىلاشمىغان كۆرۈنۈشلىرى
بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىككى
ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ
لارنىڭ ئەمگەكچىلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلمىنىڭ كەس
كىنلىشىشى نەتىجىسىدە، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئەزگۈچىلەرگە
قارشى نارازىلىقلىرى كۈنسايىن كۈچەيدى. «ئەمگەكچىلەر
جەمئىيەتنىڭ بېسىمى ئالدىدا، يەنى ئەمگەكچىلەرنىڭ
بېشىغا قورقۇنچلۇق بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىر-
ۋاتقان، دەھشەتلىك زۇلۇملارنى سېلىۋاتقان كاپىتال ئالدىدا
ئۆزلىرىنى ئامالسىز ھېس قىلاتتى. مانا بۇ دىنىنىڭ ھازىرقى
ئەڭ چوڭقۇر مەنبەسىدۇر.» («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»،
خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم، 378 - بەت) تەسەۋۋۇپچىلىقمۇ
دەل مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا مەيدانغا كەلدى،
تەرەققىي قىلدى. ئاخىرى سىستېمىلاشقان بىر تۈرلۈك ئىدېي
ئالىستىك پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمىغا ئايلاندى.

تەسەۋۋۇپچىلىق XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈرلۈك
ئىجتىمائىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەدەممۇ
قەدەم شىنجاڭغا كىرگەن. شىنجاڭغا كىرگەن تەسەۋۋۇپچىلىق
ئىچىدە ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. جەھرىيە سۇلۇكى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە ئىراندا
يۈسۈپ ھەمەدانى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. كېيىنكى
دەۋرلەرگە كەلگەندە ئابدۇقادىر جىلانى (1077 — 1160)
ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەر جەھرىيە
سۇلۇكىنى ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ نامى بويىچە «قادىرىيە سۇ-
لۇكى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

جەھرىيە سۇلۇكىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، بۇنىڭدا
سوپىلار ھالقا شەكلىدە يىغىلىپ «ھۇ - ھۇ» دەپ
سەكرەپ، ئىبادەت قىلىدۇ، جەھرىيە سۇلۇكى كېيىنكى دەۋر-

لەردە ئىران، ئىراق، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن يەنە سەئىدىيە خانلىقىدىكى يەكەن، قەشقەر، خوتەن، لوپ، قارىقاش قاتارلىق جايلارغا تارقالدى.

2. چىشتىيە سۇلۇكى. ئۇ ئەڭ دەسلەپتە مەۋلانە جالالىددىن رومى (1270 — 1274) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. كېيىن، ئۇنىڭغا سەمەرقەندنىڭ دىھبىد دېگەن جايىدىن چىققان مەۋلانە مۇھەممەت چىشتى دېگەن كىشى ۋارىسلىق قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە سەئىدىيە خانلىقىغا «چىشتىيە سۇلۇكى» نامى بىلەن تارقالغان.

چىشتىيە سۇلۇكىدىكى سوپىلار ئۆي ياكى خانىقاغا يىغىلىپ داپ، سۇناي، ساپايە، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق سازلارنى تەڭكەش قىلغان ھالدا ھۆكمەت ئوقۇپ، يىغا - زارى قىلىشىدۇ. ئىبادەت قىلىپ خۇداغا سىغىنىدۇ. بۇنى «خۇداغا ئىبادەت قىلىش» دەپ ئاتىشىدۇ.

3. سوھرۋەردى سۇلۇكى. بۇ سۇلۇك شەيخ نەجمىدىن باغدادى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا «شەيخ نەجمىدىن سۇلۇكى» دەپمۇ نام بېرىلگەن. شەيخ نەجمىدىن باغدادى 1216 - يىلى خارەزىم شاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. شەيخ نەجمىدىن سۇلۇكى XII ئەسىردە شىنجاڭغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن. ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئەلپۇزەنجىردىن ئەلاھەمەدانى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان تەرىقەتكە تەۋە ئىدى. مۇشۇ سۇلۇكنىڭ ئىشانلىرىدىن ھازىرغىچە كىشىلەر نەزەرىدە «ئەۋلىيا» دەپ ھېسابلانغان ھېكىم ئاتا، خوجا ئەخمەت يەسەۋىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

4. خۇپىيە سۇلۇكى. ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئەرەبىستاننىڭ شام شەھىرىدە ئوبۇل ھاشىم (767— ?) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. خۇپىيە سۇلۇكى شام ئارقىلىق قۇددۇس (ئېرۇسالىم)،

يەمەن، مىسىر، ئىراق، ئىران، مەككە، مەدىنە قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن رايونلىرىغا كەڭ تارقالدى.

خۇپىيە سۇلۇكىنىڭ مۇخلىسلىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى مەخپىي ئېلىپ بارغانلىقتىن «خۇپىيە سۇلۇكى» دەپ ئاتالغان. مۇرىتلار سوپىنىڭ باشچىلىقىدا خالىي بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرۇپ ئاھ - زارىنى «خۇدا» غا بىلدۈرۈپ، «خۇدا» نى يادلايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ھەزرىتى نەخشىبەندى خۇپىيە سۇلۇكىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى «دىل زىكرى» دەپمۇ ئاتىغان. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «نەخشىبەندىيە سۇلۇكى» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپچىلىق ئىچىدە نەخشىبەندىيە ئېقىمى باشقا تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىملىرىدىن بەزى دۇنيا قاراش مەسىلىلىرىدە مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان بولغانلىقتىن، شۇ دەۋردىكى نۇرغۇن ئىسلام پېشۋالىرى، ئالىملىرى، ئەدىب، شائىرلىرى نەخشىبەندىيە سۇلۇكىگە كىرگەنىدى. مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى «سەئىددىن قەشقەرىنىڭ مۇرىتى، سەئىددىن قەشقەرى مەۋلانەزامىدىن خامۇشىنىڭ مۇرىتى، بۇ زات خوجا ئولائىددىن ئەتتارىنىڭ مۇرىتى، بۇ زات خوجا باھائىددىننىڭ مۇرىتى ئىدى. بۇ خوجا نەخشىبەند دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى.»① ئابدۇراخمان جامىنىڭ شاگىرتى ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرامۇ نەخشىبەندىيە سۇلۇكىگە ئېتىقاد قىلغانىدى. ھەزرىتى مەخدۇمى نۇرانى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق تەرىقەت پېشۋاسى بولغان ھەزرىتى خوجا ئەھرار خوجا ئەبەيدۇللانىڭ مۇرىتى ئىدى، «خوجا ئابدۇللا ئەھرار

① مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» قوليازما.

ھىجرىيە 895 - يىلى (1490 — 1489) قۇماگىران كۆپ
تىدە ۋاپات بولغان» ① ئىدى. ئۇنىڭ قەبرىسى سەيەرى
قەندتە ساقلىنىپ كەلمەكتە.
نەقشبەندىيە نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان بۇ سۇ-
لۇك كېيىنكى دەۋرلەردە سەئىدىيە خانلىقىغا كىرگەندىن
كېيىن ئىسلام ئالىملىرى، شائىر، ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى ۋە خېلى ساندىكى بىر قىسىم ئاما بۇ سۇلۇكقا
ئېتىقاد قىلىشقا باشلىدى.
سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋەيران بولغان
ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئىشىنى دۆلەت
نىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشى قىلىپ تۇتتى، خەلقنى دەم
ئالدۇرۇش، ھاللاندۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويدى. سەئىدىيە
خانلىقى يەنە، ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا نىسبەتەن رىغبەتلەن-
دۈرۈش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، ئىلىم - پەن ئىش
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. كۆپلىگەن
ئالىملار، ئەدىبلەر، شائىرلار دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن
قەشقەر، يەكەن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەرگە كېلىشكە
باشلىدى. ھىجرىيە 931 - يىلى (1525 — 1524)، ھۆكۈ-
ما مەخدۇمى نۇرانى ئەنجاندىن قەشقەرگە كەلدى. ئۇنىڭدىن
كېيىن قەشقەردىن يەنە يەكەنگە بېرىپ سۇلتان سەئىد خانغا
ئۇستاز بولدى. ئۇ ئىسلام دىنىدىكى سۈننىي مەزھىپىنىڭ
ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىدى. مەخدۇمى نۇرانى يەكەندە بىر
مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى مەنسۇرخاننىڭ تەكلى
پىگە بىنائەن، تۇرپان — چالىش (قارا شەھەر) قاتارلىق
جايلاردا ئۈچ يىل تۇرۇپ، يەكەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ
مىلادى 1532 - يىلى ھىندىستان ئارقىلىق ماۋارا ئۇننەھرگە

① گېرمان ۋامبېرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋارائۇننەھر تارىخى»، 2 -
جىلد، 1924 - يىلى موسكۋا ئۇيغۇرچە نەشرى.

قايىتتى. مەخدۇمى نۇرانى سەئىدىيە خانلىق ھاكىمىيىتىنى دەۋرلىرىدە نەقشبەندىيە تەلىماتىنى تەرغىب قىلدى.

«خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار» نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان. خوجا مۇھەممەت شېرىپ ھىجرىيە 942 - يىلى (1535 — 1536)، سەمەرقەندتىن قەشقەرگە كېلىپ ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا يەتتە يىل شەيخلىق قىلدى. ھىجرىيە 984 - يىلى (1576 — 1577) خوجا مۇھەممەت شېرىپ يەكەندە ۋاپات بولىدى. «ئۇنىڭ شاگىرتى مۇھەممەت ۋەلى سوپى نەقشبەندىيە تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلدى» ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى.

مەخدۇم ئەزەم ھىجرىيە 856 - يىلى (1481 — 1482) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ كاسان دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە كاساندىن تاشكەنتكە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى ھېسابلانغان مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشبەندىيە تەلىماتىنىڭ پېشۋاسى بولغان خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتى ئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، مەخدۇم ئەزەم نەقشبەندىيە سۇلۇكىنىڭ ئاساسلىق تايانچىسى بولۇپ، ئۇ تاكى ھىجرىيە 949 - يىلى (1542 — 1543) ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ سۇلۇككە باشچىلىق قىلغان.

مەخدۇمى ئەزەم نەقشبەندىيە تەلىماتىنىڭ مۇھىم نەزەرىيەچىسى ئىدى. ئۇ تەسەۋۋۇپچىلىققا ئائىت ناھايىتى كۆپ كىتابلارنى يازغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىلغان دانىشمەنلەر ھەققىدىكى نۇرغۇن تەزكىرە ۋە ئەسەرلەردە ئۇنىڭ يازغانلىرى ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئىسلام دىنى نەزەرىيىسىگە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدا 30 پارچىغا يېقىن مەكتۇپ (رىسالە) لەرنى يازغان، ئۇنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنست

يىتتۇتىدا ئۈچ دىۋانى ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر دىۋانى 668 بەتلىك بولۇپ، بۇ دىۋانغا ئۇنىڭ 31 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن.

مەخدۇمى ئەزەمنىڭ «سوپى مەزھەپ» نۇقتىسىنەزەرى مۇلايىم پان ئىلاھىيەتچىلىكى (پانتىزم) گە يېقىنراق كېلىدۇ. ئۇ: «سوپىلار داۋاملىق خانىقادا ئولتۇرۇۋەرمەي سىرتقا چىقىشى لازىم» دەپ ھېسابلاپ، تەركىدۇنياچىلىقنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ «تۆۋەن ئاۋازدا زىكرى قىلىش» نى قوۋۋەتلىسىمۇ، ئەمما يۇقىرى ئاۋازدا زىكرى قىلىشقا ۋە ساما ئويناشقا يول قويۇش لازىم، مۇزىكا بىردەملىك خۇشاللىقنىڭ سىمۋولى بولۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى جالالىددىن رومىنىڭ مۇلايىم ۋە ئاددىي بولۇش ئىدىيىسىگە مايىلراق ئىدى.

ئەخمەت كاسانى (مەخدۇمى ئەزەم) ھىجرىيىنىڭ 940 - يىلى (1533 — 1534) قەشقەرگە كەلدى. ئۇ قەشقەردە ئىسلام دىن تەرغىباتى ۋە نەخشبەند تەلىماتىنى تارقاتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ سەمەرقەندتە ۋاپات بولدى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت ئىمىن، خوجا ئىسھاقلار ئۆزلىرىنى ئاتىسىنىڭ تەلىماتىنىڭ ۋارىسلىرى دەپ جاكارلاپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئىشان كالان» ياكى «ئىشقىيە» (خوجا ئىسھاق) دەپ ئاتالدى. بىز ئوتتۇرا ئاسىيادا راۋاجلىنىپ، شىنجاڭغا كىرگەن تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمىنىڭ ئومۇمىي جەريانىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ يەنە «ئىناقىيە»، «داۋانىيە»، «ئىشقىيە»، «ئىسھاقىيە» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

«ئىناقىيە» سۇلۇكىنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى مۇنداق، سوپىلار كېچىلىرى ئىبادەت ئورنىغا توپلىنىپ، ئېغىزىنى چىڭ يۇمۇپ، ئۈن چىقارماي، دىماغ بىلەن زىكرى سۆھبەت قىلىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئىبادەت قىلىدۇ.

شۇڭا ئۇلار «ئىناقىيە تەرىقەتى» دەپ ئاتالغان.

داۋانىيە سۇلۇكىنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى: سوفىلار ھەر پەيشەنبە ئاخشىمى ئۇلۇغلار ۋە ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقىغا يىغىلىپ تاڭ ئاتقۇچە ئىبادەت قىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن، ئەۋلىيا «پىر» لىرىنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىبادىتى تاڭ ئاتقاندا يىغا - زارە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئۇلار «داۋانىيە تەرىقەتى» دەپ ئاتالغان.

ئىشقىيە سۇلۇكى. كىشىلەر مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئىمىننىڭ مەسلىكىنى «ئىشقىيە» نامى بىلەن ئاتىغان. ئىشقىيە سۇلۇكىدىكىلەر سوفىزمنىڭ توپ ماھىيىتىنى «ئىبادەت» دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ. ئۇلار تەركىدۇنيا بولۇشنى يەنى، «جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي - روزىغار تۇتماي، خوتۇن ئالماي، پەرزەنت كۆرمەي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن - جايغا يۆتكىلىپ جاھاننى كېزىپ، بۈگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي، قولدىن چىقىرىۋېتىش، يەپ تۆگىتىش بىلەن ھايات كەچۈرۈش» نى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز قولى، ئەمگەك بىلەن ھالال مېھنەت قىلمايدۇ. ئۇلار توپلانغان جايدا ياكى يەككە - يېگانە ھالدا قانغۇدەك چىلىم تارتىپ، نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ «خۇدا» غا ئاشىقلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى بولۇشىغىچە قويۇۋېتىپ، ساراڭلارچە ھاياتتا قەدەم قويغانلىقىنى «خۇدا» نىڭ ئېتىقادىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىلدىكى ئۇسۇلنى «خۇداغا يېقىنلىشىش» دەپ بىلىپ ئۆزلىرىگە مۇرىت توپلاپ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن تۇۋا - ئىستىغپار يازدۇرۇپ ياكى تۇۋە قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى داۋاملىق «پىر» ، «ئۇستاز» نى يارىتىشنى «تەرى-

قەت يولى» دەپ ئۆگىتىدۇ. بۇ يولدا (سوپىلاردىن) توبدانراق خىزمەت قىلغۇچىلارنى ئۇلارغا خەلىپە قىلىپ تەيىنلەپ، مۇرىت توپلاش ئۈچۈن ئۇلارنى جايلارغا ئەۋەتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، ئىشقىيە تەرىقىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى بولغان مۇھەممەد ئىمىننىڭ تەرغىپ قىلغانلىرى ئاتىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەقشبەندىيە تەلىماتى ئەمەس. ئۇنىڭ باشقىچە يول تۇتقانلىقىنى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسلىرىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئىسھاقىيە سۇلۇكى. مەخدۇم ئەزەمنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا ئىسھاق تەرىقىتىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى، خوجا ئىسھاق ھىجرىيە 936 - يىلى (مىلادى 1529 — 1530) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاسان قەلئەسىنىڭ دەھبىد دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 3 - سۇلتانى ئابدۇكېرىم خان دەۋرىدە، قەشقەر رايونىغا كېلىپ يەكەن، قەشقەر، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، تىيانشان قىرغىزلىرى ئىچىدە تەرىقەتچىلىك ئەقىدىلىرىنى تەرغىب قىلغان.

ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلى مۇنداق: سوپىلار كۈندۈزى يىغىلىپ ھالقا قىلىپ (چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ) قۇرئان ئوقۇيدۇ. ئاندىن خەتمە قىلىپ بولۇپ ساماغا چۈشىدۇ. «ئاھ، ۋاھ» ئۇرۇپ يىغا - زار قىلىپ، ئۆتكەن «ئەۋلىيا» «پىر»لەر ھەققىدە دۇئا - تەكبىر ئېيتىپ ئىبادىتىنى ئاياغلاشتۇرىدۇ.

سۆز ئارا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خوجا ئىسھاقنى خانلىق تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ سەئىدىيە خانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ. سەئىدىيە خانلىقىدىكى ئالىملار، شائىر، ئەدىبلەر، بۇ پەرماننى ھىمايە قىلىدۇ. خوجا ئىسھاق سەئىدىيە خانلىقىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۇچتۇرپان ئارقىلىق ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا قىرغىز - قازاق-

لار ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سەمەرقەندگە قايتىپ كېلىپ شۇ جايدا ۋاپات بولىدۇ. مۇھەممەت ئىمىن (مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى) نىڭ ئوغلى خوجا يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا (يەنى ئاپئاق خوجا) مىلادى 1638 - يىلى، نەمەنگاندىن سەئىدىيە خانلىقىغا كەلدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان خوجا يۇسۇپنى يەر - زېمىن بىلەن تەمىنلىدى. خوجا يۇسۇپ ئۆزىنى «سەئىد» نامى بىلەن ئاتاپ، ئۆزىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 27 - ئەۋلاد نەۋرىسى دەۋالىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەجدادىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كاساندا ياشاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئەرەبلەر بىلەن ھېچ قانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. يۇسۇپ خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەرنىڭ «ياغدۇ» ① دېگەن جايىغا ھەشەمەتلىك گۈمبەز بىنا قىلدۇرۇپ ئۇنى شۇ يەرگە دەپنە قىلدى.

ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنى پائال تەرغىپ قىلىپ ئۆزىگە كەڭ مۇرىت توپلىدى. قايمۇقتۇرۇلغان ئامما ئىچىدە «خوجىلار دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھى بولسىمۇ، گۇناھىنى خۇدا مەغپىرەت قىلىدۇ.» دېگەننى تەشۋىق قىلدى. بۇ چاغدا، قەشقەردە ئىسھاق خوجىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجىمۇ ئۆزىگە مۇرىت توپلاۋاتقانىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش جىددىيلەشكەنلىكتىن، ئامما ئىچىدە بۆلۈنۈش ۋە يېغىلىق كېلىپ چىقىشقا باشلىدى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەر ئاتۇشتا تۇرغانىدى. ئاتۇشـ

① «ياغدۇ» قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ مەنىسى — نۇر، روشەن، يورۇقلۇق دېگەن بولىدۇ. مۇھەممەت سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن ئەسىرىدىن.

نىڭ شىمالى تەرىپىدە ئاق تاغ بولغاچقا، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلار «ئاق تاغلىقلار» (ئاق تاقىيلىقلار) دەپ ئاتالدى؛ ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەر قاغىلىق دېگەن جايدا تۇرغان، قاغىلىقنىڭ غەربىدە قارا تاغ بولغاچقا كىشىلەر ئۇلار ئاشۇ تاغ نامى بىلەن «قارا تاغلىقلار» (قارا تاقىيلىقلار) دەپمۇ ئاتالدى.

«ئاق تاقىيلىقلار» بىلەن «قارا تاقىيلىقلار» دىن ئىبارەت ئىككى تەسەۋۋۇپچىلىق ئېقىمىنىڭ سەردارلىرى ئاپئاق خوجا بىلەن يەھيا خوجا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەمەلىيەتتە سەئىدىيە خانلىق ھاكىمىيىتىنى تالىشىش زىددىيىتى ئىدى.

ئاپئاق خوجا قاتارلىقلار سەئىدىيە خانلىقىدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. دېمەك، ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغان بىر ئوچۇم جىنايەتچىلەر ئىدى.

مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى نىزا پەيتچىلىك نەتىجىسىدە دۈشمەنلىشىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا يۇرتلار ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش - كېلىش قەتئىي چەكلەندى. ئاق تاقىيلىقلار ئۆز - ئارا ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ھەممە جايدا يوشۇرۇن قاتىللىق قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى. ھەممە جاينى تېررورلۇق قاپلىدى. ھىدايىتۇللا خوجا «قارا تاقىيلىقلار»نى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، «ئادەملەرنى ئۇرۇقى بىلەن قۇرۇتۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن تۈگىمەن چۆرگىگەن» ئىدى. ①. «ئاق تاقىيلىقلار»، «قارا تاقىيلىقلار» غا مۇرىت بولغۇچى ئامما ئۆز ئارا ئالاقە قىلىشمايدىغان، بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان ھەتتا ئۆز ئارا نىكاھلاشمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى.

---

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى «تەزكىرەئى خوجگان» دېگەن ئەسىرىدىن.

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئاپپاق خوجىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىقى ۋە ئۇ تەرغىب قىلغان تەركىدۇنىياچىلىق تەشەببۇسى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، خەلقنى تەركىي دۇنىياچىلىققا ئۈندەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل پىكىر ئېقىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاپپاق خوجا ئادەتتە ئۆز مۇرىتلىرىغا ئۆزىنى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە «پىر، ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن چۈشكەن ئەۋلىيا» قىلىپ بېزەپ كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ مەنىۋى تىرىكى بولغان سوفىزملىق مەسلىكى ۋە تەرىقىتى ئارقىلىق فېئودال روھانىيلارنىڭ جىنايەتلىرىنى ئاقلاش، ئۆزلىرىگە مۇرىت بولغانلارنى مەڭگۈ قۇل قىلىش، ئۇلارنى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمرى - پەرمانلىرىغا ياۋاش - يۇمشاقلىق بىلەن بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە سىنىپىي زۇلۇمىنى قانۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

ئاپپاق خوجا تەركىدۇنىياچىلىقنى يەنى دۇنيادىن قول ئۈزۈش دېگەننى تەرغىپ قىلدى. ئۇ ئۆز مۇرىتلىرىغا ۋە باشقا ئاممىغا يەرلەرنى خۇدا يولىدا ۋەخپە قىلىشنى تەرغىب قىلىپ ئۇرغۇن مېھنەتكەشلەرنى يەر - زېمىن، ئۆي - ماكانىدىن ئايرىۋەتتى. بۇ خىل ۋەخپىلەر تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قولىغا توپلاندى. بۇ ۋاقىتتا ۋەخپە يەرلەر ئاساسەن خوجا، ئىشانلارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى قاتارىدا باشقۇرۇلاتتى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خېلى يەرلىرىدىن كىرىدىغان كىرىمىگە خوجىلار ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى بار ئىدى. مەسىلەن: ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتىسى خوجا يۈسۈپنىڭ يالغۇز قەشقەردىلا 42 جايدا مېۋىلىك بېغى بولغان. ئاپپاق خوجىنىڭ قولىدىكى يەر - زېمىن ۋە بايلىقىنىڭ ھېسابىنى ئالغىلى بولمايتتى.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن بىز ھىدايىتۇللا خوجا ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى پۇشتىلىرىغىچە بولغان تەسەۋۋۇپچىلار تەرغىب قىلغان تەرىقەت يولىدىكى ئاتالمىش «تەركىدۇنياچىلىق» دېگەننىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. تارىختا ئۆتكەن مۇنداق ساختا تەسەۋۋۇپلار ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، «بىزگە دۇنيا كېرەك ئەمەس، ئىنسانىي مېھرىبانلىق كېرەك» دېگەن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزلىرىنى نىقابلاپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى سوپى — خوجىلارغا سادىق — مېھرىبان بولۇش كېرەك دېگەننى تەرغىب قىلىشى ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلار بىلەن مېھنەتكەش خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشنىڭ ماھىيىتىنى يېپىش ئارقىلىق قايمۇققان ئاممىنى خوجا — ئىشان، تۆرە، خان فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا سادىق بولۇش، دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاپپاق خوجىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىدىكى «تەركىي دۇنياچىلىق» تەشەببۇسىدا «ئۆزى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ» دېگەن ساختا ئەقىدە ئۇ ئۆز چاغلىرىدا كىرگۈزۈۋالغان مۇرىت — سوپىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەچكە، كىشىلەر ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ، ھاياتىنى مۇقەددەس مازارلاردا، خانىقالاردا ئۆتكۈزىدىغان بولدى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئاپپاق خوجا تەسەۋۋۇپچىلىق تەلىماتىنىڭ بىردىنبىر پېشۋاسى دېگەن نام بىلەن سەئىدىيە خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ تەسىر كۈچى زورايدى. ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ھۆكۈمرانلار ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئەتىۋارلىغانـ

لىقى ۋە ئۇنىڭغا مەخپىي ھالدا يار - يۆلەك بولغانلىقى بىلەن ئىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى خانلىرىدىن بولغان ئىسمايىل خاننىڭ ھاكىمىيىتى ئىچكى، تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشتى. بۇ ۋاقىتتىكى خانلىق دەۋرىدىكى فېئوداللىق ئىگىلىك خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب ھىدايىتۇللا خوجا قاتارلىق بىر قىسىم فېئودال روھانىيلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قان تومۇرىنى كونترول قىلىۋالغانلىقىدىن بولدى. ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. دەل مۇشۇنداق تارىخى شارائىتتا «ئەۋلىيا» لىق تونىغا ئورىنىۋالغان ھىدايىتۇللا خوجا ئۆزىنىڭ «تەركىدۇنياچىلىق» تەشەببۇسىنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاپ، ئاشكارا ھالدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، سىياسىي سەھنىگە چىقتى. ئاپپاق خوجا ئۆز مۇرىتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللاندى. ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستى دەسلەپكى قەدەمدە تار - مار قىلىندى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىل خان ئاپپاق خوجىنى قەشقەردىن ھەيدەپ چىقاردى. ئاپپاق خوجا تىبەتكە قېچىپ بېرىپ لامادىن مەدەت تىلىدى، دالاي لاما ئاپپاق خوجىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ غالدانغا خەت يازدى. تيانشاننىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىگە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىدە بولۇۋاتقان غالدان مىلادى 1678 - يىلى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سەئىدىيە خانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ ئىسمايىل خاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى

بىلەن ئەسىرگە ئالدى. ئاپئاق خوجىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا قورچاق
خان قىلدى. لېكىن، ئاپاق خوجىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۇزاق
ئۆتمەي سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خان ئەۋلادىدىن مۇھەممەت
ئىمىن خان كۈچ توپلاپ ئاپئاق خوجىنى مەغلۇپ قىلدى،
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەن شەھىرىنى قايتۇرۇ-
ۋېلىپ ئاپئاق خوجىنى قوغلاپ چىقاردى. ئاپئاق خوجا
ئىككىنچى قېتىم جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشلىقى غالدان-
نىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئارقىلىق مۇھەممەت ئىمىن خاندىن
سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالدى، شۇنىڭ
بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەك-
لىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى.

## 5 - بۆلۈم يەكەن - سەئىدىيە خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىسمايىل خان
مەزگىلىدە ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەئىدىيە
خانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ
كەتتى، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەپرىقىچىلىك، نىزاپەت-
چىلىك، تەخت غوۋغالىرى قاتارلىق زىددىيەتلەرنىڭ
ئۆتكۈرلىشىشى بىلەن، مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك
ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئاپئاق خوجا
باشچىلىقىدىكى «ئاق تاقىيلىق» لار مەزھىپى بىلەن يەھيا
خوجا باشچىلىقىدىكى «قارا تاقىيلىق» لار مەزھىپىنىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي كۈرەشنىڭ ئۇزۇنغا داۋاملىشىشى،
سىنىپىي زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىشىشى ئارقىسىدا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ
فېئوداللىق ئىگىلىكى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. سەئىدىيە

خانلىقى بارغانسېرى زاۋاللىققا يۈزلەندى.

بىز سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش جەريانىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، سۇلتان سەئىد خان (1514 — 1533) سۇلتان ئابدۇرېشىتخان (1533 — 1560) ۋە سۇلتان ئابدۇكېرىم (1560 — 1592) دەۋرلىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولغانلىقىنى كۆرىمىز. سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ مەزگىلدە بارلىققا كەلگەندى.

سۇلتان ئابدۇللاخان ھىجرىيە 1048 - يىلى (1638 — 1639) سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھىجرىيە 1088 - يىلى (1677 — 1678) ئاپپاق خوجا جۇڭغارىيە خانى غالدان سىرىنىنىڭ قوماندانلىقىدىكى 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنىڭ ياردىمى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خاننى بالا - چاقىلىرى بىلەن ئەسىرگە ئالغانغا قەدەر بولغان مەزگىل سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزىنى ئەھلى تەرىقەتنىڭ «ئۇستازى» دەپ ئاتىۋالغان چوڭ سۇيىقەستچى ئاپپاق خوجا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ چوڭ يىغا ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پۇرسىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى سەزدى - دە، دەرھال ئاق تاقىيلىق مەزھىپىنىڭ تەسىر كۈچىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمىغا كىرگۈزۈشكە جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇندى. مۇشۇ مەزگىلدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىدە ئابدۇللاخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقاندى. ئۇ ئاق تاغلىق مەزھىپىنىڭ تەسىرى دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەممىلا ئادەمدىن گۇمانلاندى، كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتۇپ قامىدى، ئۆلتۈردى. نۇرغۇن ئەمىرلەر،

بەگلەر ئاماسىز لىقتىن ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاس تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

يولۋاس ئاتىسىدىن تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق تەلەپ قىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاق تاغلىقلار مەزھەپدىكىلەر نىڭ قاراتاغلىقلار مەزھەپدىكى ھۆكۈمرانلاردىن ئۆزلىرىگە تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ئىدى ①.

ئاپئاق خوجا قارا تاغلىقلار مەزھەپدىكىلەرنى ۋە خۇراپات، تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) چىلىقتا قارشى ئىلغار پىكىردىكىلەرنى ئۆزىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى توسالغۇ دەپ قاراپ، ئۇلارغا قارىتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز غەرەزلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئۇتۇملۇك چارىسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى ئورۇنداشتا، ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان مۇرىت، سوفىلاردىن پايدىلاندى. ئۇ پىدائىي مۇرىتلىرىنى ئەۋەتىپ ئۆز رەقىبلىرىنى ئۇچۇقتۇرۇشتەك يوشۇرۇن تېررورلۇقلارنى ئىشلەتتى. ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتتە ياكى باشقىچە پىكىردە بولغان ئىلغار پىكىرلىكلەر زور تەھدىتتە ئاستىدا قالدى.

ھىجرىيىنىڭ 1078 - يىلى (1669 — 1668)، ئاق تاغلىقلار مەزھىپى بىلەن ئەمىرلەر يولۋاسنى رەسمىي يوسۇنداخان قىلىپ تىكلىدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، ئاشكارا يوسۇندا ئاق تاغلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بىراق ھەرقايسى جايلاردىكى قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كۈچى يەنىلا زور ئىدى. بۇ ھاكىمىيەت

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 319 - بەت.

يەتنى ئەمدىلا ئىگىلىگەن ئاق تاقىيلىقلار ئۈچۈن سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر تەھدىت ئىدى. شۇڭا، ئۇلار جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانلىرىدىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولدى. جۇڭغارىيە ھۆكۈمرانى زەڭگى تەيجى يولۋاسنى ئاشكارا قوللاپ، قەشقەرنى بېسىۋالدى. يولۋاس تۇغ - سۇتۇق، تامغا، دەستەك (ھوقۇقنىڭ سىمۋولى) نى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

بىراق، جۇڭغارلارنىڭ يەنە بىر ھۆكۈمرانى ئالتان تەيجىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەن قاراتاقىيلىقلار مەزھەپپىدىكى ئىسمايىل خانمۇ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئاق تاقىيلىقلار مەزھەپپىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە ھەرگىز قاراپ تۇرمايتتى. شۇڭا، ئاقسۇغا قېچىپ كەتكەن ئىسمايىل خان ئەسكەر تارتىپ، يەكەننى قورشىۋالدى. 1670 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاراتاقىيلىقلارنىڭ سەردارى خوجا مۇھەممەت ئابدۇلھەق بىلەن يەكەن شەھىرىگە كىرىپ ئەنئەنە بويىچە تەختكە ئولتۇردى. ئارقىدىنلا ئاقتاقىيلىقلارنىڭ ئۈستىدىن دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈزدى.

ئىسمايىل خان ئاپاق خوجىنىڭ سەئدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتىكى چوڭ سۇيىقەستىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، سەئدىيە خانلىقىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ مەسىلىگە قارىتا جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئاپئاق خوجىنى قەشقەردىن ھەيدەپ چىقاردى. ئاپئاق خوجا ئۆزىنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن يەكەندىن تىبەتكە باردى ①.

«ئاپئاق خوجا تىبەتكە بېرىپ دالاي لاما بىلەن كۆرۈشتى (ئەمەلىيەتتە دىباسا گېجىجاسۇ بولسا كېرەك). ئۇ

① مۇھەممەت سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان». فازىل جۇرراس: «تارىخ». قولىيازما.

ئاپپاق خوجىغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىپ غالدانغا خەت يازدى.» ① ئۇزۇندىن بېرى سەئىدىيە خانلىقىغا كۆز تىكىپ كەلگەن غالدان ئەمدى پۇرسەت يېتىپ كەلدى، دەپ قاراپ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا «1 باق» ئۇنۋانى بەردى (كېيىنكى كۈنلەردە مۇرىت سوپىلار ئۇنى ئۆزگەرتىپ خوجا ئاپپاق «ئافاق» دەپ ئاتاشقانىدى).

غالدان ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىلا تىبەتكە لامالىقنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ تىبەتكە بارغاندىن كېيىن، دالاي لامادىن تەلىم ئېلىپ بۇددا دىنىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇدى. ئۇ ئوقۇش مەزگىلىدە ئاكىسى سېڭگېنىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال شىنجاڭغا قايتىش ئۈچۈن دالاي لامادىن رۇخسەت ئالدى ۋە شىنجاڭغا كېلىش بىلەنلا تەڭ جۇڭغارلارنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كۈرىشىگە قاتناشتى. بۇ كۈرەشتە يېڭىپ جۇڭغار قەبىلىلىرىگە باشلىق بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لامالىقتىن چىقىپ دەھرىي بولغاندىن كېيىن، دالاي لاما ئۇنىڭ خوتوكتولۇق (ماشايىق) دىنىي ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلىدى.

غالدان جۇڭغار قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئويراتلارنىڭ سىياسىي مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئالمالىققا يۆتكىدى.

مىلادى 1673 - يىلى، غالدان جۇڭغارىيە ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆز تاغىسى سوكۇر ۋە قېيىن ئاتىسى ئوچىرتۇ چەچەن خانغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇرۇش ئۈچ يىلغىچە داۋام قىلدى. ئۇرۇش تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودا يولى ئۈزۈلۈپ قالدى.

مىلادى 1676 - يىلى، غالدان قېيىن ئاتىسى ئوچىر توچەچىننى

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم، ئۇيغۇرچە نەشرى.

سايرام كۆلى ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قەبىلىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تىيانشاننىڭ شىمالىدىن پەيدىنپەي تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ مۇنبەت رايونلارغا كىرگۈزۈشكە قاراتتى.

ھىجرىيە 1090 - يىلى (1679—1680) ئاپپاق خوجا جۇڭغارىيە قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىت، سوپىلىرىمۇ جۇڭغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ يەكەن شەھىرىنى قورشىۋېلىشىغا ئىچكى جەھەتتىن يېقىندىن ماسلاشتى. ئىسمايىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى جۇڭغارىيە قوشۇنلىرىنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى.

ئاپپاق خوجا ئۆزىنى خان (پادىشاھ) دەپ ئېلان قىلدى. ئاپپاق خوجىنىڭ بۇ ئىستىبلاسى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۈچ - تۆت ئايدىن كېيىن، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئەۋلادىدىن مۇھەممەت ئىمىن خان كۈچ توپلاپ، ئاپپاق خوجىنى مەغلۇپ قىلىپ يەكەن شەھىرىنى يەنە قايتۇرۇۋالدى. ئاپپاق خوجا ئىسمايىل خان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تەۋەلىرىنى ئېلىپ ئىلىغا قاچتى. ئۇ ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باشلىقى غالداندىن 2 - قېتىم ياردەم تەلەپ قىلدى.

ھىجرىيە 1090 - يىلى (1679—1680) غالدان ئاپپاق خوجىنى ئالدىغا سېلىپ، 60 مىڭ كىشىلىك جۇڭغارىيە قوشۇنى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىغا كەڭ - كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى.

بۇ چاغدا مۇھەممەت ئىمىن خان ئاقسۇنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ جۇڭغارىيە قوشۇنلىرىنى شەھەرگە قەتئىي كىرگۈزمىدى. لېكىن، ئاپپاق خوجىغا تەلۋىلەرچە چوقۇنغان بىر قىسىم جاھىل مۇرىتلار قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جاي-

لاردا ئىسيان كۆتۈرۈپ يۇقىرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ - تالىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئىمىن خان ئاقسۇدىن دەرھال يەكەنگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. غالدانىنىڭ ئەسكەرلىرى ئاقسۇ ۋە قەشقەرنى قارشىلىقسىزلا ئىشغال قىلدى ۋە بۇ جايلاردا ئەڭ ۋەھشىيلەرچە قەتلىئام يۈرگۈزدى. ئاندىن غالدان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. مۇھەممەت ئىمىن خان يەكەن شەھىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغانلىقتىن، غالدانىنىڭ قوشۇنلىرى كۆپ تالاپەتكە دۇچار بولدى. ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. يەكەن شەھىرى ئىچىدە ئاپپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلار غالدان قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ماسلىشىپ، قالايمىقانچىلىق چىقاردى. ئۇلار «ھىدايىتۇللا خوجا ئۈچۈن دەرۋازا ئاچتۇق» دەپ، غالدان ئاقسۆڭەكلىرىگە يەكەن سېپىلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئەمىر، ھەربىي باشلىقلىرىدىن مىرزا سالىخ بەگ جۇرراس، مىرزا مانان بەگلەر مۇھەممەت ئىمىن خاندىن يۈز ئۆرۈپ ئاپپاق خوجا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەت ئىمىن خاندىن نۇسرەت كۆتۈرۈلۈپ، مەغلۇپ بولدى.

غالدان ۋە ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى جۇڭغارىيە قوشۇنلىرى شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ خەلقنى قىرىپ چېپىپ ئۆلتۈرۈپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئوت قويدى.

مۇھەممەت ئىمىن خان غالداننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن 164 يىل داۋام قىلغان سەئىدىيە خانلىقى ئاخىر مۇنقەرز بولدى.

## پايدىلانغان ئەسەرلەر


مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخى رەشىدى» ئۇيغۇرچە تەرجىمە قولىيازما نۇسخىسى.

مىرخاۋەند: «رەۋزە تۇسساپا» 5 - توم.

ھاجى مۇھەممەت ھېكىم: «مۇنتەخىببولتەۋارىخ» قول يازما.

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

گىرمان ۋامبىرى: «بۇخارا ياخۇد ماۋارائۇننەھرى تارىخى». موسكۋا، 1924 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

شاھ مەھمۇت جۇرراس: «تارىخ».

مۇللا مىرسالىخ كاشغەرى: «قەشقەر تارىخى» قولىيازما.

مىرزا ھەيدەر كوراگان: «جاھاننامە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى.

مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

مۇھەممەت نىياز ئابدۇغوپۇر بەگ: «قىسسەسۇل غارايىب» قولىيازما

«سۈينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى».

فېڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، غا دائىر

ماتېرىياللاردىن قىسقىچە توپلام» خەنزۇچە نەشرى.
«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.
«جۇڭگو بىلەن غەربىي يۇرتلارنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 2 - توم.
ئارسلان ئىرزى: «تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا قۇرغان كېسەلخانىلىرى».
مەۋلانا جالالىددىن بۇخارا: «تۇغلۇق تېمۇرخان».
مۇھەممەت شېرىپ بۇزۇرۇكۋار: «ئابدۇرېشىتخان توغرىسىدا تارىخىي قىسسە»، قولىيازما نۇسخىسى.
زوھورىدىن مۇھەممەت بابۇر: «بابۇرنامە»
ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخى» 1 - قىسىم مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.
مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان» ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخىسىدىن.
ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر ماتارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى.
ئىمىن تۇرسۇن. «زەلىلى دىۋانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى.
تېيىپجان ئېلىيوۋ نەشرگە تەييارلىغان «ئابدۇرېھىم نازارى داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.
«قەشقەر ئەدەبىياتى» 1986 - يىل 4 - سان.
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقام ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.
مۇغىنوۋ: «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى لېنىنگراد بۆلۈمىدە ساقلانغان قولىيازمىلار كاتالوگى».

«جۇڭگو تىببىي قامۇسى»، ئارماق تومى؛ «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» 1 - توم، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى 1985 - يىل نەشرى.

«تۈرك ئەدەبىيات تارىخى».

«ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى»، تاشكەنت 1977 - يىل نەشرى.

«جۇڭغارلارنى تىنچىتىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەدبىرلىرى» خەنزۇچە نەشرى.

ئىبنى. خەلدۇن: «تارىخ ۋە پەلسەپىۋى مۇھاكىمىلەر توغرىسىدا مۇقەددىمە».

ئى. ئا. كىرىۋولوۋ: «دىن تارىخى توغرىسىدا»، ئىمادودىن ئەسفىھان: «سەلجۇقىيلار دۆلىتى تارىخى».

مۇھەممەت ئەۋەز: «خوجا ئىسھاق تەزكىرىسى» قولىيازما.

مىرخالىد كاتىپ قازى شاھ كوجەك يەكەندى: «ھىدايەتنامە» قولىيازما.

بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىغا ئائىت ئوچېركلار».

ئى. ئا. بېرتېلس: «پارس ئەدەبىيات تارىخى» رۇسچە نەشرى.

«مەخدۇمى ئەزەم تەزكىرىسى»، قولىيازما.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1990 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ۋەلى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: نىياز كېرىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت

# يەكەن — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي جۇڭخۇا كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32
باسما تاۋىقى: 8.625 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1993 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1993 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2,000
ISBN7—228—02649—7/K·275
باھاسى: 4.45 يۈەن